توختى باقى ئارتىشى



# كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى




**图书在版编目(CIP)数据**

心心相印:维吾尔文/托合提·巴克著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.12
ISBN978—7—5373—1626—2

Ⅰ.心… Ⅱ.托… Ⅲ.讽刺小品—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I267.3

中国版本图书馆 CIP 数据　字(2008)第 195236 号

责任编辑:阿尔祖姑丽·斯迪克
责任校对:姑丽巴哈尔·麦麦提依明

# 心心相印

编著:托乎提·巴克(阿图什)

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
新疆翼百丰印务有限公司印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 10.375 印张
2008 年 12 月第 1 版 2008 年 12 月第 1 次印刷
印数:1—5080 定价:21.00 元

# كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر مەتبەئەگە سۇنۇلۇش ئالدىدا، مەسئۇل مۇھەررىر بىرەر پارچە مۇقەددىمە ياكى تەسىرات يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خاتىرە ماتېرىياللىرىمنى ۋاراقلىسام، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ھەم تەرجىمە قىلىنىپ، ھەم تەسىراتقا ئاساسەن يېزىلىپ قالغان پارچە خاتىرىلەر دىققىتىمنى تارتتى. بۇ تەمەچلەرنى تېرىپ، رەتلەپ «كىرىش سۆز» ئورنىدا قىلدىم. بۇمۇ باشقا بىر خىل مۇنازىرىلىك «فېلەتون» قاتارىغا ئۆتۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس. فېلىيەتون دېمەك، كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان سەلبىي ھادىسىلەرنى ئۆتكۈر تىل بىلەن ئاچچىق تەنقىد قىلىپ يېزىلغان ئىجابىي مەزمۇندىكى قىسقا ماقالە دېمەكتۇر. گەپنىڭ ئۇزۇندىن قىسقىسى ياخشى. فېلىيەتوننىڭ مېغىزى ئۇنىڭ قىسقا، ئىخچام، يىغىنچاق بولغانلىقىدۇر. قىسقا گەپ بەزى ھاللاردا ئىبرەتلىك سۆز خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە. شۇنداق بولغاچقا، فېلىيەتون ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇپ كېتىۋېتىپ ئوقۇغانلىرىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى، پىكىر - خىيالى، كەچۈرمىشلىرى ۋە روھىي ھالىتى، كۆزقاراشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىشىگە، ئۆزلەشتۈرۈشىگە ئىلھام بېرىدۇ. فېلىيەتوننىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ يەردە.

يېشىمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتتى، چاچ - ساقاللىرىم ئاقىرىپ، چىشلىرىم سارغىيىپ تۆكۈلدى. شۇنداق بولسىمۇ فېلىيەتون ئىشتىياقىم بوشاشقىنى يوق. ئىشتىياقىمغا يارىشا مۇستەقىل بىرنەرسە يېزىشقا ئاجىزلىق قىلسامۇ، چامىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ تۆۋەندىكى تەرمىلەردىن «كىرىش سۆز» ئورنىدا بىر پارچە ماقالە تەييارلاپ، فېلىيەتون ھەۋەسكارلىرىغا سۇندۇم.

ئىجتىمائىي ئىناقلىق راۋاج تېپىۋاتقان بۇ زاماندا، ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزدا نەپرەتلىك ئىشلار، لەنەتلىك شەخسلەر ئۇچرىماي قالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردىن كۆڭلىڭىز غەش بولماي، بىزار بولماي تۇرالامسىز؟! مەسىلەن:

ھاۋا سەل - پەل تۇتۇلسىلا، يامغۇرلۇق يېپىنچا ئارتىۋالىدىغان، كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالىدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئوخشىتىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس.

ئاغرىماي تۇرۇپ ۋايجانلاپ، ئىنجىقلاپ، دورىغا زورلايدىغان جېنى سىۋىل، ياسىما نازۇك ئادەملەر يوق ئەمەس.

سورۇندا مۇنازىرە، مۇلاھىزە بولۇۋاتسا، سۆزگە قوشۇلۇشتىن چەتنەپ ئولتۇرىدىغان، كېيىن «سۆز - چۆچەك» قىلىدىغان سۇخەنچىلەر يوق ئەمەس.

ئارىلىشىشقا تېگىشلىك، لېكىن ئۆزىگە نەپ تېگىشكە كۆزى يەتمەيدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىدىغان بىپەرۋا ئادەملەر يوق ئەمەس.

مەرتىۋىدە ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا گەپ چىقىپ قالسا، ئۇلار ھەققىدە غەيۋەت - شىكايەتنى تۈگەتمەي سۆزلەيدىغان، مۇبادا «باشلىق» لىرىدىن بىرەرسى توغرىسىدا گەپ چىقىپ قالسا، تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلمىسىمۇ غايىبانە خۇشامەت قىلىپ، ئاغزى يۇمۇلماي تەرىپلەيدىغان تۇتۇرۇقسىز ئادەملەر يوق ئەمەس.

سەھنىگە چىقىپ قالسا گېزىت - ژۇرنالدىكى تونۇش سۆزلەرنى قارىيلارچە يادلاپ بېرىدىغان «باشلىق» ، «رەھبەر» لەر يوق ئەمەس.

«ئىككى ئېغىز قوشۇمچە» سۆزۇم بار دەپ تۇرۇپ، مىڭ ئېغىز سوزۇم، ئېزىپ ئىچۇرۇپ سۆزلەپ، كىشىلەرنى زېرىكتۇرىدىغان بىمەزە ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ «سۆز» لىگەنلىرى ھەقىقەت بولسىمۇ، ئاخىر ئورۇنسىز، مەززىسى يوق قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قېلىشىغا ئۇلارنىڭ ئۆزى زامىن.

ئىلىم - بىلىمدە چوڭقۇر، نەزەردە ئۇستۇن بولسىمۇ، مۇئامىلە-



دە قوپال، تەكەببۇر، گەپ - سۆزدە شەرم - ھاياسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋامنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان، قالىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس. بۇلارنىڭ ئاۋام ئىچىدە «سەللىسى يوغان ئىمانى يوق» ، «ئەل بىلەن ئىشى يوق» دەيدىغان لەقىمى بار ئىكەن.

داستىخان ئۈستىدە باشقىلارنىڭ تاۋىغا، زوقىغا قارىماي، «ئاللا، باقسىلا» دەپ تائامغا زورلاۋېرىپ، سورۇن ئەھلىنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ قويىدىغان، «قېنى، ھە، مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپ تەڭلىكتە قويۇپ قىستاپ - زورلاپ، بىزار قىلىدىغان، ئىشتىھانى بوغىدىغان «مېھماندوست» لار يوق ئەمەس.

ۋاقتى كەلگەندە نەرسىسىنىڭ ھاجەتكە يارىيدىغىنىغا قارىماي، قىممىتىگە يۇگۇرەيدىغان، ئۇسسۇغاندا چاي تۇرسا، قۇتىلىق ئىچمىلىكنىڭ، قەھۋەنىڭ خەقىشىنى قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان كۆز - كۆزچى پوچىلار يوق ئەمەس.

پارچە پۇل كېرەك بولۇپ قالغاندا پۇتۇن پۇلنى تېگىشىپ بېرىڭ دەپ ئالدىغا بارسىڭىز، پارچە پۇلى بار تورۇقلۇق قەستەن تېگىشىپ بەرمەيدىغان ياكى بار نەرسەمنى سېتىۋالساڭ، پۇلۇڭنى پارچىلاپ بېرىمەن دەپ قەستەن قاتتىق قوللۇق قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى ئېغىر ئالىدىغان بۇردىچى، بىنەپ ئادەملەر يوق ئەمەس.

بالىلىرىنى ھەرقانداق زۆرۈرىيەتسىز شارائىتتىمۇ باشقىلارغا بوزەك بولماسلىققا ئۆگىتىدىغان ۋە بۇنى باتۇرلۇق دەپ بىلىدىغان نادان ئاتا - ئانىلار يوق ئەمەس.

ھېچكىمنىڭ سۆزىنى يېمەيدىغان، زاكىسىدا قېرىپ قالغان، مەمەدان، چوڭلارنىڭ ئاغزىنى غېرىچلايدىغان، بىۋاك بالىلار يوق ئەمەس.

ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزۇلغان، ۋۇجۇدىدىن ھېچقانداق قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان ياسىما شەرەپلىك نەمۇنىچىلار، ئۈلگىلەر، پالانچى - پۇستانچى بولۇۋالغان «مەشھۇر» لار، «ئاتاقلىق ئەرباب» لار ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىلدەك ئارتۇقچىلىقىنى پىلدەك

يوغىنىتىپ كۆرستىشكە ئورۇنىدىغان، ھالىغا باقماي ھال تاتىدىغان داغۋازلار يوق ئېمەس.

ئىش توغرا كەلگەندە، «ئانداق قىلىش كېرەك، مانداق قىلىش كېرەك» دەپ ئاغزى بېسقماي جاۋىلدايدىغان، ئەمەلىيەتتە قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ بىر چەتنە قاراپ تۇرۇپ قۇرۇق گەپ سېتىپ، چەللىدە ئات چاپتۇرىدىغان، خوجا كۆرسۇنگە ئىشلەيدىغان ھارام تاماقلار يوق ئەمەس.

ئىش - ئەمەلىنى باشقىلار ئاڭلىسۇن، كۆرسۇن، بىلسۇن دەپ قىلىدىغان، باشقىلار ئاڭلىسا ئاقىل ئىكەن، دانا ئىكەن، سەۋىيىسى يۇقىرى ئىكەن دېسۇن دەپ تەمە بىلەن ئىش قىلىدىغان، باشقىلار ئالىم دېسۇن دەيدىغان غەرەز بىلەن ئوقۇيدىغان، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يازغۇچى، ئەدىپ دېگەن نامنى ئېلىش غەرىزىدە قەلەم تۇتىدىغان، سېخىي - مەرد ئادەم ئىكەن دېگەن ئاتاقنى ئېلىش مۇددىئاسى بىلەن پۇل - مال ئىئانە قىلىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس. دېمەك، ھەرقانداق ئىش - ئەمەلى ۋە گەپ - سۆز ھەم پىكىر - خىيالى مەلۇم غەرەزدىن چەتنەپ كېتەلمەيدىغان، باشقىلار ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، خالىس يولدا مېڭىشقا خۇشياقمايدىغان مەنمەنچى رىياكارلار، ئاغزىدا مۇنداق دەپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلىدىغان، باشقىلارنى ئالدىدا ماختاپ، ئارقىسىدا سۆكىدىغان ئىككى يۈزلىمە ئادەملەر يوق ئەمەس. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى مىننەت قىلىش بىلەن بىكار قىلىۋېتىدۇ، يوققا چىقىرىدۇ. ئۇنداق ئەمەسمۇيا؟ ئويلاپ كۆرۈڭ.

**توختى باقى ئارتىشى**

2008- يىل 15- ئاپرېل، ئۈرۈمچى



# مۇندەرىجە


فېلىيەتون ۋە ھاياتلىق ........................................ 1
ئەگەر «خەلق گېزىتى» «جاۋاب» بەرمەكچى بولسا... ........ 3
ھۆكۈمەت ئەل ئىچىدىن «ئەقىل سېتىۋالىدۇ» ............ 6
ھېكايەت ........................................................ 9
ھەددىدىن ئاشقان كوللېكتىپچىلىققا لەنەت .............. 9
ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ھۆكۈمەتپەرۋەرلىك ................. 10
ئەمــدى يەنــە «ئاۋاز سانى» نــى سېلىشتۇرۇپ يۈرمىسەك بولارمىكى ........................................ 11
مۇكەممەللەشمىگەن ئەمەس ............................. 12
كادىرلىق ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئىككى ھۈنىرى ......... 13
«شور پېشانە بولساڭ ھۆكۈمەتتىن ئاغرىنما» .......... 13
«ئارىلاش» تۇرۇۋەتمەيلى ................................ 14
«ھەممىدىن ياخشى ئاما» قانداق بولىدۇ ............... 15
خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئىچىدە نېمە ئۈچۈن قۇرۇلتــاي ۋەكىللىرى كۆپ ................................................ 16
پارىخورلارغا تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك ........ 19
يۈز ياساش قۇرۇلۇشى .................................. 22
«ئاق نانچى ئالىم» نىڭ يېڭى تەزكىرىسى ............... 26
ئەگەر مىلوتىنوۋىچ «ئەجدىھانىڭ پۇشتى» بوپقالغان بولسا... ... 29
«بازارلىق سۆزلەر» توغرىسىدا پاراڭ ..................... 32
نادانلىق ۋە كولدۇرلىتىش ................................ 40

چاۋاك تىلەمچىلىرى ........ 43
مەدھىيىلەش كېسىلى توغرىسىدا مەنمۇ گەپ قىلىپ باقاي ... 47
ئىنساپ ........ 50
«ماقالىسىنى ئۆزى يازىدىغان، سومكىسىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان»
بولسۇن ........ 52
كوچا پاراڭلىرى ........ 58
«ئەمەلدار ئاتا - ئانا ئەمەس» ........ 60
نۇسخا (ساتىرا) ........ 65
جۇڭگولۇقلارنىڭ يېمىكىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي ........ 69
ئاتۇشلۇقلارنىڭ سودا - تىجارەتتىكى داڭقىنى ۋايىغا يەتكۈزەيلى 72
«ئوقۇش ھەققى» ھېسابىغا سېتىۋەتكەن ۋىجداننى نىجات
تاپتۇرايلى ........ 76
«كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» دېگەن سۆز قوللىنىمىغا
ياقمايدۇ ........ 78
چالا قالغان «ۋاقىپلىق ھوقۇقى» دەرسىنىڭ قازاسىنى ئوقۇ-
ۋالايلى ........ 81
پارتىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى نازارەت قىلىنىدىغان بولدى ... 85
«كېيىنكى پۇشايمان» دىن ساقلىنىش ئۈچۈن... ........ 92
قاراڭلار، بۇ سەتچىلىكنى ........ 96
لەتىپە ........ 101
«ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نىڭ شەرھى ........ 101
پاناھلىق تىلەپ ........ 101
دورامچىغا دو كېتىپتۇ ........ 103
ھېكمەت ........ 107
پۇل ........ 107
«شور پېشانىلىكىگە ئېچىنىمەن، ئىجتىھاتسىزلىقىغا قاي-
نايمەن» ........ 109
ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر نېمە بىلەن چۈشىنىشىپ قېلىۋاتىدۇ 113
ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر نېمىشقا چوڭ قەدەم تاشلىيالمايدۇ ... 116



«پۇل» قەدىرلىكمۇ «ئادەم» مۇ ........ 121
جېجياڭلىق يېتىمچى گې يۇنپىڭ قانداق قىلىپ دوكار بايغا
ئايلاندى ........ 126
دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ھاۋاسى ........ 132
ئىپارخان ........ 139
«تۇتۇرۇقسىز گەپ» توغرىسىدا ........ 145
«ئەخمەق بوۋاي» نېمە ئۈچۈن تاغ يۆتكەيدۇ ........ 149
«ئەخمەق بوۋاي» لار ھازىرمۇ «تاغ يۆتكىمەكتە» ........ 152
ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە ........ 154
ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئاڭدا ۋە پەمدە يۈكسىلەيلى ........ 157
مەغرىب ۋە ئۇستاز ........ 161
ھىيلىگەر ئەركەكلەر ........ 166
بەللى، ئادەممۇ «تۇخۇم» تۇغىدىغان بوپتۇ ........ 169
قەشقەرلىكلەرنىڭ ئادىمەتچىلىكى ........ 172
ئېكساق ۋە پۇتبول ........ 176
شىنجاڭ پۇتبولىنىڭ چاپالىق سەپىرى ........ 176
1- قىسسە رىۋايەت ........ 177
2- قىسسە ئەمەلىيەت ........ 190
3- قىسسە ئارمان ........ 198
يېڭى زامان چېقىمچىلىرى ئۈستىدىن ۋىجدان سوئال -
سورىقى ........ 207
«يوغان گەپ» مەدەنىيىتىنى بىلىپ قويۇڭ ........ 212
قورساقتا «ئاغرىق» ىڭ بولمىسا كۆڭۈل ئارامىدا بولىدۇ...... 217
ئاۋامنىڭ تەنقىدلىرىدىمۇ بەرىكەت بار ........ 221
مۇبالىغىچىلىكنىڭ يىلتىزى ........ 226
لىۋ ئەپەندىنىڭ تىلى ........ 229
رەھبەر بولغانلىكى ئادەم ھەممىگە قابىلىيەتلىك بولۇۋەرمەيدۇ 232
ئاپتوبۇستا ........ 236
پاك قەلب ........ 239

«چىرىك مەدەنىيەت» دېگەن نېمە ........................ 244
نېمىدېگەن كۆپ «مەشھۇر» بۇ ........................ 247
داد - پەرياد ........................ 250
فېلىيەتون ئىشتىياقىم ........................ 254
قوشۇمچە: لۇشۇننىڭ «سەۋدايى» توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرى 262
سەۋدايى خاتىرىسى ........................ 277
ئۆچمەس چىراغ ........................ 294
ئاق نۇر ........................ 308
يۈرەكتىن چىققان سۆزلەر (خاتىمە) ........................ 317



# فېلىيەتون ۋە ھاياتلىق

مەن فېلىيەتونغا ھېرىسمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ھاياتىم بىلەن چېتىلىپ كەتكەن، ھاياتىم ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ھەم قىسمەن باغلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇ مېنىڭ سۆز قابىلىيىتىمنى پىشۇرۇپ بارماقتا.

ئۇ مېنىڭ لازىم بولغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن توپلىغان بىلىملىرىمنى ۋە شۇ بىلىملىرىمنى يېڭىلاپ تۇرۇش سۈرئىتىمنى ئىمتىھان قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇ مېنىڭ مېڭەمنى ئادالاپ - يېڭىلاپ، پىكىر - خىيالىمنى سۇزۇلدۇرۇپ، چېچەنلەشتۈرۈپ بارماقتا.

ئۇ مېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمنى، نەزەر - دائىرەمنى كېڭەيتىپ، مېھرىمنى ۋەتەنگە، نەزىرىمنى دۇنياغا چاتماقتا.

ئۇ مېنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتىمنى سىناپ كەلمەكتە، يەنى ھاكاۋۇرلۇق قىلامدىمەن ياكى پەسلىك قىلامدىمەن ۋەياكى كۈچۈكلىنىپ خۇشامەتگۈيلۇق قىلامدىمەن، ئۆز ئالدىمغا تۇتقان يولۇم بىلەن ماڭىدىغان ئادەممۇ مەن ياكى خوش - خوش ئېيتىپ، ياغلىمىچىلىق بىلەن ئۆتىدىغان خۇشامەتگۈي ئادەممۇ مەن، جىگەرلىك باتۇر ئادەممۇ مەن ۋە ياكى توخۇ يۈرەك قورقۇنچاق ئادەممۇ مەن، فېلىيەتون مېنى سىناپ تۇرماقتا.

فېلىيەتون مېنى سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل ئەخمەقلەردىن بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. مەنسەپپەرەسلەر، پۇلپەرەس بەتنىيەتلەر، بۇ دۇنيادا

باشقىلاردىن بىر غېرىچ ئۈستۈن تۇرۇش كويىدىلا يۈرىدىغان ئادەملەر فېلىيەتونغا يېقىن يولىمايدۇ.

فېلىيەتون ھاياتلىق مۇساپەمدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان روشەن نامايەندە بولۇپ كەلمەكتە.

جاھاندا جاھالەت - نادانلىق ۋە مۇستەبىتلىك - زالىملىق تۈگىگىنى يوق، ئۇلار ئەلمىساقتىن بۇيانقى جۇدۇن - چاپقۇنلارغا يامىشىپ-چاپلىشىپ دەۋران سۈرمەكتە. بەزى چاغلاردا قۇدرەت تېپىپ يامراماقتا؛ پەن ۋە دېموكراتىيە بولسا گاھ جانلىنىپ، گاھ سالپىيىپ تۇرماقتا، تېخى چوڭقۇر يىلتىز تارتقىنى يوق، ئۇلار مەرىپەتچىلەرنىڭ تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىشىغا، پىدائىيلارنىڭ باتۇرانە ئىدالىرىغا موھتاج.

دېمەك، فېلىيەتون مېنىڭ ھاياتىمغا ئەنە شۇنداق سىڭىپ كەتكەن!

---

— بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى شېڭ مىنتې، ئەنخۇيلۇق يازغۇچى. ئۇنىڭ «نادىر يازمىلاردىن تاللانما» ناملىق مەجمۇنىڭ 15 يىللىقىغا بېغىشلاپ يازغان بۇ ماقالىسى «جۇڭگونىڭ 2003- يىللىق نادىر فېلىيەتونلىرى» سەرلەۋھىلىك تاللانمىلار توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# ئەگەر «خەلق گېزىتى» «جاۋاب» بەرمەكچى بولسا...

راست، جاھان كەڭ، خاننىڭ گېپى ئۆتمەيدىغان يەرلەرمۇ بار، دەيدىغان گەپ بار.

«خەلق گېزىتى» گە «ئۆيلەرنى مۇشۇنداق چېقىپ تاشلاشتا كىملەرنىڭ مەنپەئىتى كۆزدە تۇتۇلدى؟» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە تەنقىدىي ماقالە بېسىلغانلىقى ئۈچۈن، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ دىڭنەن ناھىيىسىدىكىلەر 8- ئاينىڭ 28- كۈنى شۇ ناھىيىگە تارقىتىلىدىغان «خەلق گېزىتى» نى تامامەن باسۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر مۇشتەرىنىڭ گېزىت تەھرىر بۆلۈمىگە يازغان خېتىدە دېيىلگىنىدەك، «مەركىزىي پارتىيە گېزىتىنى ئاشكارىدىن - ئاشكارا شۇنداق باسۇرۇپ قويۇشتەك ئېغىر ۋەقەنىڭ بىزنىڭ دىڭنەن ناھىيىمىزدە ئازادلىقتىن بۇيان بىرىنچى قېتىم يۈز بېرىشى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالغاندىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. بۇ ئەھۋال ئادەمنى ھەقىقەتەن چۆچۈتىدۇ ھەم كۆڭۈلنى رەنجىتىدۇ!» (9- ئاينىڭ 22- كۈنىدىكى خەلق ئىنتېرنېت تورىغا قاراڭ).

«خەلق گېزىتى» بۇ ئىشقا ناھايىتى دىققەتتە بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىشىنىمەنكى، بىز بۇ گېزىتنىڭ جۇڭگودىكى يۈكسەك سىياسىي ئابرۇيىنى ۋە تولىمۇ چوڭ تەسىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، دىڭنەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دەرھال «مۇشتەرىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشى» گە ئىنتىزار بولۇشقا ھەقلىقمىز. شۇنداق

بولسىمۇ يەنە مۇنداق بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: ئەگەر باسۇرۇپ قويۇلغىنى «خەلق گېزىتى» بولماي، باشقا بىرەر «كىچىك گېزىت» بولۇپ قالسا، شۇ چاغدىمۇ شۇنداق ئىنتىزار بولارمىدۇق؟

بۇنداق سوئال قويۇشتىن مەقسىتىم، يوق يەردىن پۇتاق تېپىش ئەمەس. چۈنكى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، گېزىتتىكى مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەردىن نارازى بولۇپ، «يامان نىيەت بىلەن سېتىۋېلىپ يىغىشتۇرۇۋېتىش ھەتتا يولسىزلىق بىلەن باسۇرۇپ قويۇش» ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ «بەند» قىلىۋېتىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇردى. مەسىلەن، «جەنۇب شەھەر گېزىتى»، «خۇاشاڭ سودا گېزىتى»، «جىنەن دەۋر گېزىتى» ۋەھاكازالار شۇنداق كۆرگۈلۈكلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن، ئۇلار بىردەم «غەزەپ» لىنىپلا توختاپ قالدى، ئۇلار «باسۇرۇپ قويغان بولسا بوپتۇ، ئۇ قانچىلىك بىر ئىش ئىدى» دەپ قارىسا كېرەك، شۇڭا «خەلق گېزىتى» نىڭ بۇ نۆۋەت قانداق «جاۋاب» بېرىشى ئۆلگىلىك ۋە كۆرسەتمىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ۋەقەنى سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ باقساق، بۇنى «ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش» دەپ قەيت قىلىش مۇمكىن. چۈنكى، دىڭنەن ناھىيىسىدىكىلەرنىڭ «بېسىپ قويۇش» ھەرىكىتى بىر تەرەپتىن گېزىتخانىنىڭ گېزىت تارقىتىش ھوقۇقىغا چاڭ سالغانلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جامائەتنىڭ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىغا چاڭ سالغانلىق بولىدۇ. ھەممىدىن يامىنى شۇكى، بۇنداق ھەرىكەت ئاساسىي قانۇن بەرگەن سۆز ئەركىنلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. قانداقلا بولسۇن، بۇ، قانۇنغا تاقىلىدىغان مەسىلە. ئەگەر «خەلق گېزىتى» مەسىلىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئابرۇيىغىلا تايىنىپ مەمۇرىي يول بىلەن ھەل قىلىۋېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا باشقا گېزىتلەرنىڭمۇ دوراپ شۇنداق قىلمىقى تەس، بۇنداق قىلىشنىڭ ئەپكار ئامما نازارىتىنى قوغداشتا ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. چۈنكى، جۇڭگودا سىياسىي دەسمايىسى «خەلق گېزىتى» بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقىدىغان ئاخبارات ۋاستىسىدىن قانچىسى بار دەيسىز؟



ئەگەر «خەلق گېزىتى» دىڭنەن ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن سوتلىشىپ، قانۇن ئارقىلىق «جاۋاب» بەرگۈزسە، مانا بۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋەقەنىڭ ئۆزىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئەپكار ئامما نازارەتچىلىكى تارىخى بويىچە چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر. ئاخبارات ئەركىنلىكى دائىرىسى ۋە جامائەتنىڭ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش دائىرىسىمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېڭىيىشى مۇمكىن. چۈنكى، «خەلق گېزىتى» دەۋادا يېڭىپ چىقسا، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش دېلولارغا ھۆكۈم قىلىشىغا ناھايىتى ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى، باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن دەخلى - تەرۇز قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئورگانلارنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەرنى نەزەردە تۇتىدىغان بولساق، «خەلق گېزىتى» نىڭ دىڭنەن ناھىيىسى بىلەن بولغان بۇ دەۋاسى يالغۇز «خەلق گېزىتى» نىڭلا ئىشى ئەمەس، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا جۇڭگودىكى بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئىشىدۇر. جۇڭگودىكى بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى دەۋادا يېڭىشكە تولىمۇ موھتاج بولۇپ قالدى. مەۋجۇت تۇرغان نالايىق قائىدىلەرنى داۋاملىق ئېلىشىش ئارقىلىقلا تۈزەتكىلى بولىدۇ. دېمەك، «خەلق گېزىتى» نىڭ قانداق چارە بىلەن «جاۋاب» بەرگۈزۈشى بۆلەكچىلا ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

— گو سۇڭمىن ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 9- ئاينىڭ 30- كۈنىدىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# ھۆكۈمەت ئەل ئىچىدىن «ئەقىل سىنىۋالىدۇ»

گېزىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى سانىغا بېسىلغان «11- بەش يىللىق پىلان تېمىسىغا تۈنجى قېتىم خېرىدار چاقىرىلدى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي ھاياتىدىكى بىر يېڭىلىقنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، دەۋرنىڭ ئالغا قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

ھازىرقى دۇنيادا ئىستراتېگىيىلىك قارارلارنىڭ ئىلمىي، ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك بولۇشى زامانىۋى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ئۆلچەپ بېرىدىغان تولىمۇ مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شىنجاڭدا 11- بەش يىللىق پىلاندىكى مۇھىم تۈرلەرگە ئاشكارا خېرىدار تەكلىپ قىلىنىشى ھۆكۈمەتنىڭ قارار چىقىرىشتا ئىلمىيلىققا قاراپ تېخىمۇ تىرىشىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنىڭدا كەم دېگەندە ئىككى چوڭ يېڭىلىق بار: بىرى، تارماقلار قارار چىقىرىشتىن جەمئىيەت قارار چىقىرىدىغان ھالەتكە ئۆتۈش؛ يەنە بىرى، بېكىنىپ تۇرۇپ قارار چىقىرىشتىن ئوچۇق - ئاشكارا قارار چىقىرىشقا ئۆتۈش.

ئىلگىرى رايونىمىزدا بەش يىللىق پىلانلارنىڭ تولىسى پىلان تارماقلىرىنىڭ مۇتلەق يېتەكچىلىكىدە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا تارماقلىرىنى دەرقەمتە قىلىپ بىرلىكتە تۈزۈپ پۈتكۈزۈلەتتى، بېكىنىپ تۇرۇپ قارارلاشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىن پىكىر ئېلىش دائى-



رىسى ناھايىتى ئاز ئىدى، تولا چاغلاردا بىر ياكى بىرنەچچە مۇتەخەسسىستىن سىناق تەرىقىسىدىلا پىكىر ئېلىناتتى؛ تەبىئىيكى، تۈزىتىش ئىمكانىيىتى ئانچە چوڭ بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ «ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ چارە - تەدبىر كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ قويۇلاتتى، تەرەققىياتنى چىن مەنىسى بىلەن زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتالايدىغان چارە - تەدبىرلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. چارە - تەدبىرلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئەقىلگە ياكى تەدبىرگە ئوخشۇشلۇق ئايلىنالىشى ناتايىن ئىدى.

ئاشكارا خېرىدار تەكلىپ قىلىشنىڭ خۇسۇسىيىتى تامامەن باشقىچە. خېرىدار بولىدىغانلار ئەل ئىچىدىن چىقىدۇ، ئۇلاردا قىلچىلىكمۇ مەمۇرىيەت تۈسى يوق، ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمەلى قوماندانلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى توپلاش. ئۇلار مۇشۇ جەمئىيەت تۈگۈنىنى تىرەك قىلىدۇ. ئۇلار سىياسىي تەدبىرلەرنى تۈزۈش توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مەنپەئەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەر ۋە قاراشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن.

پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە پىلانلار بۇيرۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. شۇ مۆلچەر پىلانلاردىكى نىشانلار ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋاستىلىرى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى. ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان قارارلارنىڭ تولىسى ھۆكۈمەتنىڭ (ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ) ۋە ھۆكۈمەتكە قاراشلىق تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ئىچىدىلا چىقىرىلىپ كەلگەن. ئەل - جامائەت ئارىلاشتۇرۇلمىغاچقا، مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملاردا ياكى سىياسەتلەردە بەزىدە ھەرقايسى تەرەپتىكىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى نەزەردە تۇتۇلماي، تارماقلارنىڭ ياكى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مەنپەئەتلىرى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ئەل ئىچىدىكى پاسسىپ تەسىرى كېڭىيىپ كەتكەن. ئادەملەردە بەزىدە چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھېسسىياتلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئەنە شۇ.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مۆلچەر پىلانىنىڭ خاراكتېرى، رولى، مەزمۇنى قەدەممۇقەدەم ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە مۆلچەر پىلاندىكى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسەن تۈرلۈك كارخانا، ئىستېمالچى ، ۋەھاكازا دېگەندەك بازارچىلارنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۆلچەر پىلانىنى تەتقىق قىلىش، تۈزۈش ئىشلىرىغا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنى قاتناشتۇرۇش مۆلچەر پىلانىنىڭ ئىلمىيلىقىنى، دەل، توغرا قاراتمىلىقىنى ۋە خەلق ئاممىسىغا ئەسقاتىدىغانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈشتە تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پىلان بىلەن ئىش قىلىش تۈزۈمى شارائىتىدا نۇرغۇن قارار ۋە تەكلىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭغانىدى، جۇڭگو زېمىنى ئەمدى پىشىپ يېتىشكەن بازار ئىگىلىكىگە قاراپ ماڭماقتا. «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ مېڭىش» ھالىتىنى زورۇر بولغىنىچە ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، «تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ مېڭىش» پۇرسەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ يارىتىشىمىز لازىم. يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى تەتۈرسىگە ئايلاندۇرىدىغان قۇۋۋەت ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي يېتەكچى كۈچنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇن تۇتۇپ تۇرغانلىقى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان «مۆلچەر پىلان» لارنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى ۋە ئىجرا قىلىنىشىدىكى تۈزۈم ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدە زور ئۆزگىرىشلەر تۇغۇلماقتا. زامانىنىڭ تەلىپىگە ياراشقان ئىشنى بارغانسېرى ياشارتىش ۋە گۈللەندۈرۈش شەرت.

---

— تۈڭ شياڭدۇڭ ئىمزالىق بۇ ماقالە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 30- مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# ھېكايەت

## ھەددىدىن ئاشقان كوللېكتىپچىلىققا لەنەت

ئۆزىنىڭ شەخسىي غېمىنىلا يەپ، كوللېكتىپنى نەزەردە تۇتماسلىقنى «ھەددىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك» دەيمىز ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

لېكىن، ھەرقانداق ئىش چەكتىن ئېشىپ كەتسە ياخشى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، كوللېكتىپنىلا نەزەردە تۇتۇپ، شەخسنى نەزەردە تۇتمايدىغان «ھەددىدىن ئاشقان كوللېكتىپچىلىق» (ھازىرچە شۇنداق ئاتاپ تۇرايلى) قىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق:

ھەددىدىن ئاشقان كوللېكتىپچىلىق شەخسنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى كوللېكتىپقا قارىتىدۇ، كوللېكتىپقا مەنسۇپ دەيدۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى بىرمۇنچە ئىنسانىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ، بۇنى ئىنساپ قىلغانلىق دېگىلى بولمايدۇ.

ھەددىدىن ئاشقان كوللېكتىپچىلىق ھەربىر شەخسنى ئۆزىنىڭ بار - يوقىنى كوللېكتىپقا ئاتاشقا مەجبۇر قىلىدۇ، شەخسىي مەنپەئەتنى چەتكە قاقىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئىلغارلىقنى رىغبەتلەندۈرەلمەيدۇ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا سىل-

جىشىغا پايدىسىز.

ھەددىدىن ئاشقان كوللېكتىپچىلىق ھەربىر شەخس كوللېكتىپقا شەرتسىز بويسۇنۇشى لازىم، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا بۇ مۇستەبىتلىكنىڭ مۇنبەت زېمىنىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، شۇنداق «شەرتسىز بويسۇنۇش» نەتىجىسىدە نازارەتسىزلىك پەيدا بولىدۇ - دە، بەزىلەر شۇنداق نازارەتسىزلىكتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى شۇ «كوللېكتىپ» نىڭ ئۆزى قىلىۋالىدۇ. كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، باشقىلارنى شەرتسىز بويسۇندۇرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا شۇنداق «كوللېكتىپچىلىق» نىڭ زىيىنى ھەرقانداق شەخسىيەتچىلىكتىنمۇ يامان بولىدۇ.

ھەددىدىن ئاشقان كوللېكتىپچىلىقنىڭ «ئەھمىيىتى» يوق، پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بەزىلەر شۇنداق «كوللېكتىپچىلىق» نى «كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش» قا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىدۇ دېگەنىدى. لېكىن، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتى ۋە ئالغا سىلجىشى بىرىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا؛ ئىككىنچىدىن، قانۇن - تۈزۈمنىڭ تەڭشەپ تۇرۇشىغا باغلىق. ھەربىر شەخسنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ئېتىبار قىلمايدىغان «ھەددىدىن ئاشقان كوللېكتىپچىلىق» تولا چاغلاردا ناھايىتى چوڭ زىيان كەلتۈرىدۇ.

## ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ھۆكۈمەتپەرۋەرلىك

ۋەتەنپەرۋەرلىك مەڭگۈلۈك ئىش. ھەرقانداق ئادەم تۇغۇلغان كۈنىدىن تارتىپلا ئۆز ۋەتىنىگە تەۋە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتىنىنى مەڭگۈ قىزغىن سۆيۈشى لازىم. ھۆكۈمەت بولسا دۆلەتنىڭ مۇلازىمەتچىسىدۇر. خەلق ھوقۇقىنى ھۆكۈمەتكە دۆلەتنى ياخشى باشقۇرسۇن دەپ بېرىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ «سۆيۈش» كە ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغانلىقى



دۆلەتنى ياخشى باشقۇرىدىغان - باشقۇرمايدىغانلىقىغا، خ蚰 لقنى ياخشى ئاسرايدىغان - ئاسرىمايدىغانل籍 قىغا باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ھۆكۈمەتنى سۆيۈشنىڭ مۇقەررەر باغلىنىشى يوق. سۈن جۇڭشەن، ماۋزېدۇڭ دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابلىرى، بۇنىڭدا شەك يوق. ئۇلار خەلقنى ئۆز دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا يېتەكلىگەن. ئەجەبا ئۇلار ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئەمەسمىكەن؟

ئىنقىلابىي ئۇرۇش بولۇۋاتقان بەلگىلىك شارائىتتا، خەلققە زۇلۇم سالغان ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ۋەتەنپەرۋەرسىزلىك دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئادەتتىكى شارائىتتا ھۆكۈمەتكە پىكىر بەرگەنلەرگە ۋەتەنپەرۋەرسىز دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈش تېخىمۇ يارىمايدۇ. ھۆكۈمەتكە پىكىر بېرىشتىن مەقسەت، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلغانلىق بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتكە ياخشىلىق قىلىش، دۆلەتكە ياخشىلىق قىلىش بولىدۇ، مەدھىيە ئوقۇغاندىنمۇ سەمىمىي، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك بولىدۇ.

## ئەمدى يەنە «ئاۋاز سانى» نى سېلىشتۇرۇپ يۈرمىسەك بولارمىكى

يادىمدا تۇرۇپتۇ، سىياسىي دەرسلىكلەردە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىمىزنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇرژۇئا دۆلەتلەردە پۇقرالارنىڭ سىياسىي ئىشلار بىلەن كارى يوق، شۇڭا ئۇلاردا (سايلام بولغاندا) بېرىلگەن ئاۋازنىڭ (ئاۋاز بېرىشكە تېگىشلىك نوپۇس) يېرىمىدىن ئېشىشى تەس، بىزدە بولسا 99 پىرسەنتتىن ئېشىپ كېتىدۇ، دېمەك بىزدە خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش قىزغىنلىقى ناھايىتى ئۈستۈن دەيمىز.

لېكىن، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنىڭ كۆپىيىشى بىلەن شۇنداق

ھېسسىياتقا كېلمەنكى، بېرىلگەن ئاۋاز سانىنىڭ بىرەر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى ناتايىن. پۇقرالارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقساقلا مەلۇم بولىدۇ: ئۇلارنىڭ قانچىسى ئۆزى «بولىدۇ» دەيدىغان بەلگىنى سىزغان ۋەكىلنى چۈشىنىدۇ، ھەتتا تونۇيدۇ؟ ئەنە شۇنداق شارائىتتا بېرىلگەن ئاۋازنىڭ سانىدا زادى قانچىلىك چىنلىق بولار؟ يەنە بىر مىسال: ھازىر چاۋسى چىتقا يېيىلغان ياۋۇز قارا گورۇھ ئادەملىرى (مەسىلەن، شېنياڭدىكى قارا گورۇھتىكىلەرنىڭ باشلىقلىرى) نىڭ تولىسى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئىكەن. مانا بۇ ئەھۋال ھېلىقى-دەك 99 پىرسەنت ئاۋازغا قىلىنغان چوڭ مەسخىرە ئەمەسمۇ؟ شۇنچە كۆپ پۇقرانىڭ كۆزى كورمۇ ياكى چاتاق باشقا يەردىمۇ؟

## مۇكەممەللەشمىگەن ئەمەس

ھازىرقى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىمىزدە مەسىلە يوق ئەمەس. مەسىلەن، سايلىغۇچىلار بەزىدە ئاۋاز بېرىش ۋاقتىدا ۋەكىل نامزاتلى-رىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنى زادىلا تونۇمايدۇ. بۇنداق مەسىلىلەر تولا چاغلاردا تۈزۈم تولۇق بولمىغان، مۇكەممەل ئەمەس، دەپ تۈزۈمگە دۆڭگەپ قويۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئەھۋالنىڭ شۇنداق بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، بەزى جايلاردا خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن ئېچىپ رەھبەرلەرنى سايلايدىغان چاغدا، «يۇقىرىدىن» تولا چاغلاردا «پالانى ئادەمنى سايلاش شەرت» ، شۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىنسۇن، دەپ «تاپىلايدۇ» ، شۇ ئادەم چوقۇم كۆپ ئاۋاز بىلەن سايلىنىدۇ. سايلاش ھوقۇقى بار ۋەكىللەر شۇ چاغدا «رېزىنكە تامغا» بولۇپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالمۇ تۈزۈم مۇكەممەللەشمىگەنلىك مەسىلە-سىمۇ؟ مۇكەممەللەشمىگەن دېگەن سۆز ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىت-نىڭ تولۇق، مۇكەممەل بولمىغانلىقىغا قارىتىلغان سۆز. ئەگەر شۇن-داق شەرت - شارائىتنىڭ تولۇقلىنىشىغا سۇبيېكتىپ جەھەتتىن يول قويۇلمىسا، ھەتتا تولۇق - مۇكەممەل بولۇپ قالغان شەرت - شارائىت



بۇزۇپ تاشلانسا، بۇ ھال ھەرگىزمۇ «مۇكەممەللەشمىگەن» لىك مەسىلىسى ئەمەس.

## كادىرلىق ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئىككى ھۈنىرى

يېقىندىن بۇيان بەزى جايلاردىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى رەھبەر-لەرنىڭ ئوبرازىنى شەخسىي مۆجىزىلەرنى تەكىتلەش ئۇسۇلى بىلەن يارىتىشقا جان كۆيدۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا، ئومۇمەن ئىككى ھۈنەر بار ئىكەن: بىرى، ئاچچىقلىنىش، مەسىلەن «ئۈستەلگە ئۇ-رۇش» ، «غەزەپ بىلەن ئەيىبلەش» ۋە باشقىلار. رەھبەرلەرنى ياۋۇز قارا كۈچلەر، چىرىك ئۇنسۇرلار ئالدىدا قەھر - غەزەپكە كەلگەن قىلىپ تەسۋىرلەش؛ يەنە بىرى، «يىغلاش» ، مەسىلەن كەمبەغەللەر-دىن ھال - ئەھۋال سوراۋاتقان، قەھرىمان - نەمۇنىچىلارنىڭ دوكلات-لىرىنى ئاڭلاۋاتقان چاغدا، «شۈجى كۆزىگە ياش ئالدى» ، «شۈجى ئىككى قېتىم ئېچ ئاغرىتتى» ، «شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى» (بۇلار مەلۇم شەھەرنىڭ بىر گېزى-تىدە بېسىلغان خەۋەرلەرنىڭ ماۋزۇلىرى) ۋەھاكازا دېگەندەك تەس-ۋىرلەرنى قوللىنىش. لېكىن، شۇنى بىلىش لازىمكى، كادىرلار ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ھەقىقىي ياخشىلىماقچى بولسا قابىلىيىتىگە، ساپ - پاكلىقىغا، خەلق ئۈچۈن ئىشلەشكە تايانغىنى ياخشى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق نەيرەڭ بىلەن ماختاپ ئۇچۇرۇشىغا تايا-ماسلىقى لازىم.

## «شور پېشانە بولساڭ ھۆكۈمەتتىن ئاغرىنما»

ھازىر جەمئىيەتتە «شور پېشانە بولساڭ ھۆكۈمەتتىن ئاغ-رىنما» ، تەلىيىڭ كاج بولسا جەمئىيەتتىن كۆرمە» دەيدىغان گەپ پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ گەپ ئاساسەن ئىشسىز قالغان ئىشچىلار،

نامرات ـ كەمبەغەل دېھقانلار قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدى-
كى پۇقرالارغا قارىتىلغان. بۇ گەپنىڭ مەنىسى: تۇرمۇشۇڭنىڭ ياخ-
شى ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى ھۆكۈمەتتىن كۆرمە، ئۆز تەلىيىڭنىڭ
ياخشى ئەمەسلىكىدىنلا كۆر دېمەكتۇر.

شۇ پۇقرالارنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت سىياسى-
تى جەھەتتىكى مەسىلىلەر بىلەن زادى قانچىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقى-
نى سۈرۈشتۈرمەي، پەقەت مەنتەقە جەھەتتىنلا سۆزلىسەكمۇ يۇقىرى-
دىكى گەپ توغرا ئەمەس. ئويلاپ باقايلى، بىر ئادەم روناق تاپسا ياكى
ئۇنىڭ ھال ـ كۈنى ياخشىلىنىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلسە، ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال نېمە دەر؟ ئۇ رەھمەت ئېيتىدۇ، پارتى-
يىنىڭ دانا سىياسىتىگە رەھمەت دەيدۇ. دۆلەتنىڭ كۆپ يىللىق
ئەجرىگە رەھمەت دەيدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتىدا ياردەم بەرگەنلىكىگە
رەھمەت دەيدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قانداق تىرىشقانلىقىنى تارتىنچاق-
لىق بىلەن ئاز ـ پاز سۆزلەپ قويىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى بىز
تەتۈرىنى سۆزلىسەكمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بىر ئادەم
روناق تاپالمىسا ياكى تەس كۈنگە قالسا، ئالدى بىلەن كىمدىن ئاغرى-
نار؟ بۇنىڭدىن باشقا، بىر ئادەم ئۆز ئىشىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىۋاتى-
قان چاغدا ھەممىدىن ئاۋۋال «دۆلەتكە تۆھپە يەتكۈزۈش» كە نىيەت
باغلىشى، «ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن» ئىشلەشنى ئالدىنقى نىشان قىلى-
ۋالماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولسا شۇ قائىدە بويىچە بولغاندا، بىر ئادەم
ئۆز ئىشىدا، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق تارتىپ قالغاندا ئالدى بىلەن
ھۆكۈمەتتىن ياردەم تەلەپ قىلسا تامامەن نورمال ۋە ھەقلىق بولىدۇ.
مانا بۇ خۇددى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنى بىر ـ بىرىگە توغرىلىغانغا
ئوخشاش بىر ئىش.

## «ئاربلاش» تۇرۇۋەتمەيلى

چىرىكلىك توغرىسىدا گەپ بولغاندا، بىز ھەمىشە «قەدىمكى



زاماندىمۇ، بۇگۈنكى كۈندىمۇ، جۇڭگودىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ، دۇنيا-
دىكى ھەرقانداق دۆلەت» تە جەمئىيەت چىرىكلىكتىن خالىي بولالمى-
غان دەيمىز. لېكىن، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنى ئەنە شۇ جەمئىيەتلەر
بىلەن «ئارىلاش» تۇرۇپ قويغىنىمىز نېمىسى؟ ئۇ جەمئىيەتلەر فېئو-
دالىزم ياكى كاپىتالىزم خاراكتېرلىك جەمئىيەت تۇرسا، بىزنىڭ
جەمئىيىتىمىزدە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىق قىلىدىغان،
خەلق خوجايىنلىق قىلىدىغان تۇرسا، مۇشۇنداق ھاكىمىيىتىمىز «پۇ-
تۈنلەي يېڭى»، ئىچىدىنمۇ، تېشىدىنمۇ يېڭىلانغان، ئىلگىرى مەۋ-
جۇت بولۇپ ئۆتكەن جەمئىيەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى
ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزگەن تۇرسا، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى چىرىكلەشكەن
جەمئىيەتلەرگە تەڭلەشتۈرۈپ تۇرۇپ ئاقلىغىنىمىز نېمە گەپ؟

## «ھەممىدىن ياخشى ئامما» قانداق بولىدۇ

بەزى رەھبەرلەر دائىم: «بىزنىڭ ھەممىدىن ياخشى ئاممىمىز
بار» دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا، بۇ «ھەممىدىن
ياخشى ئامما» زادى قانداق؟ ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلارغا شۇنچە ياراپ
قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

«ھەممىدىن ياخشى ئامما» دېگەنلىرى يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى
ھەرقاچان بارلىق كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىدىغان، چاتاق چىقارمايدى-
غان، ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرمەيدىغان، ئۇۋالچىلىقتا قالسىمۇ
دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خوش ـ خوش دەيدىغان، ھەرگىز يۇقىرىغا
بېرىپ ئەرز قىلىپ يۈرمەيدىغان ئامما دېمەكتۇر. بۇنداق ئامما ھۆكۈ-
مەت بېشىدا تۇرغانلارغا ھەممىدىن بەك يارايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن،
دۆلەت ئۈچۈن ياخشى بولۇشى ناتايىن، چۈنكى شۇنداق ئاممىنىڭ كەڭ
قورساق، ئەپۇچانلىقى ۋە سەۋرچانلىقى ئەمەلدارنىڭ تېخىمۇ بەكرەك
ئۆزۈمچان بولۇپ كېتىشىگە، نازارەت قىلىنىشتىن بارغانسېرى چەتتە

قىلىشىغا زامىن بولۇپ قالىدۇ.

ئەمەلدارلار ئەلۋەتتە شۇنداق ئاممىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە غەربتىكى ئاما تولىمۇ يارىماس ئامىدۇر، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەربىر ھوقۇق - مەنپەئىتىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى «ئۆكتەم، مۇتتەھەم» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەلۇم ئەمەلدارلارنىڭ «بىزنىڭ ھەممىدىن ياخشى ئاممىمىز بار» دېگىنىنى تىلھاقارەت دەپ بىلىش كېرەك.

## خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئىچىدە نېمە ئۈچۈن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى كۆپ

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، 6- ئىيۇن شېنياڭ شەھەرلىك 12- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26- سانلىق يىغىنى ماشاڭدۇڭ (شېنياڭ شەھىرىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل سابىق مۇئاۋىن باشلىقى) نى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار ماقۇللىغان. 5- ئىيۇن ئېچىلغان گۇاڭجۇ شەھەرلىك 11- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25- سانلىق يىغىنىدا، زىڭ جىنرۇڭ (گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى زىڭچېڭ شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى) نى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى بېرىلگەن.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار نېمە ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ؟ بۇ بەزى جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى جايلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغاندا ئالاقىدار تارماقلار كۆرسەتكەن، بېكىتكەن نامزاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىمائىي مەسئۇ-



لىيەت تۇيغۇسى بولغان، ھۆكۈمەت ئىشىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشىنى مۇزاكىرە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە غەيرىي ھۆكۈمەت خادىملىرى ئاز بولىدۇ. بىزنىڭچە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامزاتلىرىنى كۆرسىتىشتە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا مايىللىشىشتەك ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى باشقۇرغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەلق» نىڭ سانىنى كۆپەيتىش كېرەك.

ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزچە، خەلق ئىچىدىكى زاتلارنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ. نۇرغۇن ئەمەلدارلار خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇۋالسا، ئاۋاز بېرىپ ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى سايلاشتا بىر تەرەپكە ئېغىش، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلمىشى پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى بولغان ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى ئويلىشىپ ئاۋاز بېرىدىغان ئوبيېكتنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان كىشى سايلانسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى نازارەت قىلىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. بىراق، خەلق ئارىسىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ئۆزلىرى بىلەن سايلىغۇچىلار مەنپەئىتىنىڭ سايلانغۇچىنىڭ خەلققە يېقىنلىشىش دەرىجىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە باغلىق بولىدىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇنى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق قايسى كىشىگە ئاۋاز بېرىشنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى نازارەت قىلىش جەريانىدا شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقتىن، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى بولغان ۋەكىللەر نازارەت قىلىشتا ئۇنچىۋالا ئاكتىپ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن كىشى مەمۇرىي ۋەزىپىسى جەھەتتە ئەسلىدە نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ قول ئاستىكىلىرى بولىدۇ. بۇ

ئەھۋالدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن قانداقمۇ سوئال سورىيالايدۇ ۋە ئۇلاردىن گۇمانلىنالايدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئەڭ چۈشىنەلمەيدىغىنى شۇكى، ئەگەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولسا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش دېگىنى ئۆز - ئۆزىنى نازارەت قىلىشقا ئۆزگىرىپ قالمامدۇ؟ ئۇنداقتا، ئۆز - ئۆزىنى ياخشى نازارەت قىلغىلى بولامدۇ؟

— «جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى» نىڭ 2001- يىل 12- دېكابىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# پارىخورلارغا تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك

ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدا دىققىتىمىزنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان ۋە سەزگۈ نېرۋىمىزغا ھەممىدىن بەك تېگىپ تۇرغان ئىش باج ۋە سېلىق تۆلەشنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىسە كېرەك. قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى، تىجارەت بېجى، يېزا ئىگىلىك بېجى، ئۆي - جاي خېتى بېجى دېگەندەك باجلار بار؛ تەكشۈرتۈش ھەققى، باشقۇرۇش ھەققى، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش - ياساش سېلىقى، چاشقان يوقىتىش سېلىقى دېگەندەك ھەر خىل سېلىق، ھەقلەر بار. باجمۇ، سېلىقمۇ ئەلنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. باج - سېلىقنى ھۆكۈمەت خادىملىرى ھۆكۈمەت نامى بىلەن ئالىدۇ، يىغىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى پۇقرا باج تۆلەشكە ئۇنىمايدىغان قانۇنسىز ئىشلارنى قىلمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەگەر يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلار توغرىسىدا ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن خەۋەر ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان بولمىساق، «بىزنىڭ پۇللىرىمىز قانداق ئىشلىتىلىۋاتقاندۇ؟»، «نەلەرگە ئىشلىتىلىۋاتقاندۇ؟» دېگەندەك «كۆزى كىچىك» لىك قىلىپ سۈرۈشتۈرىدىغان ئىشلار خىيالىمىزغىمۇ كەچمىگەن بولاتتى. «خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە ئىشلىتىش» دەيدىغان گەپنى ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان كىچىك بالىلارمۇ بىلىدىغان تۇرسا، بىزنىڭ ئۇنى چۈشەنمەيدىغان، ئۇنىڭدىن گۇمانلى-

ىندىغان نېمىمىز بار؟
بىراق، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ «ئىش نەتىجىسى»
توختىماي ئۆتتۈرىغا چىقىۋاتىدۇ، يەنە تېخى «رېكورتلىرى» داۋاملىق
«يېڭى» لىنىۋاتىدۇ. ياڭجۇ شەھىرىدىكى «ئەتىگەندە بېلىق شورپى-
سى، چۈشتە تاشپاقا شورپىسى، كەچتە مېھرىگىياھ شورپىسى» نى
ئۆكسۈتمەيدىغان «شورپىچى» كادىر ۋاڭ جىشەن 1 مىليون 500 مىڭ
يۈەنگە خىيانەت قىپتۇ؛ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ «پۇۋ دېمەي موك
سالىدۇ» غان مۇئاۋىن باشلىقى خۇ چاڭچىڭ 5 مىليون 440 نەچچە
مىڭ يۈەننى قاقتى - سوقتى قىلىۋاپتۇ؛ شىنجاڭدا خىيانەتچى ئەمەلدار
سۇزۇڭشيۇ 31 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلىپ يۆتكەپ
ئىشلىتىۋاپتۇ؛ چېڭ كېجې نەپسانىيەتچىلىكتە غالجىرلىق دەرىجىسىگە
يېتىپ، 40 نەچچە مىليون يۈەن قاقتى - سوقتى قىپتۇ. خىيانەتچى
ئەمەلدارلارنىڭ «كۈنىگە 30 مىڭ يۈەننى دەم تارتىدۇ» غان لەھەڭدەك
نەپسىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغىنىمىزدا، «ئۆزۈمنىڭ مېڭى-
سىدە چاتاق بارمۇ يا؟» دەپ گۇمانسىراپمۇ قالىمەن.
بىرتەرەپتە رەھىم قىلماي جاجىسى بېرىلىۋاتسىمۇ، نېمە ئۈچۈن
يەنە بىر تەرەپتە چىرىك ئۇنسۇرلار قاتارلىشىپ ئۈچىدىغان غازدەك
كەينى - كەينىدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدۇ؟ تولا چاغلاردا
پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ سوراققا تارتىلىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ ئولتۇرۇپ، خىيانەتچىلىككە پەشۋا بېرىش توغرىسىدا گېزىتلەردە
ياڭرىتىلغان ئۈندەشلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. ھازىر چى-
رىكلىكنىڭ ئەدىپىنى بېرىش توغرىسىدا ھەر خىل قانۇن - بەلگىلىمى-
لەر بار، لېكىن بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ھەقىقەتەن قىيىن. ئاخبارات
ۋاستىلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغان خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ھازىر-
قى كۈندىكى كۆڭلى قارا، پەيلى بۇزۇق، قەبىھلىكى قېنىغا سىڭىپ
كەتكەن خىيانەتچىلەرنىڭ يۈرىكىمۇ «قاپتەك» يوغىناپ كېتىپتۇ.
«كەمبەغەللەرنى يۆلەش» باھانىسى بىلەن يانچۇقىنى تولدۇرىدىغانلار،
«ئۈچ قالايمىقانچىلىق» نى تۈزەش باھانىسى، «ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش»
باھانىسى، «غەربىي قىسىمنى گۈللەندۈرۈش» باھانىسى بىلەن يانچۇ-



قىنى تولدۇرىدىغانلار بار ئىكەن؛ ھېلىمۇ كەمبەغەللىك دەردىنى تار-
تىۋاتقان مەلۇم ئۆلكىلەردە بەزى ئەمەلدارلار سەنشيا قۇرۇلۇشىغا ئاج-
رىتىلغان پۇلغىمۇ چاڭ سېپتۇ، ھەتتا سەنشيا كۆچمەنلىرىگە ئاتالغان
ئازغىنە پۇلنىمۇ بوش قويماپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندا، كۆرگەندە
ھەقىقەتەن يۈرەك چىدىمايدۇ.
دېمەك، چىرىكلىككە زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلى-
كى ۋە مۇرەككەپلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازاتچى-
لىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇغاندىلا، چىرىكلىككە قارشى كۈ-
رەشتە تېخىمۇ زور نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

# يۈز ياساش قۇرۇلۇشى

«خۇدايىم سىزگە بىر يۈز بەرگەن، ئەمدى ئۆزىڭىز يۈزدىن يەنە بىرنى ياسىۋېلىڭ.» بۇ گەپ شېكسپىرنىڭ ئاياللارغا بەرگەن مەسلىھەتى.

ھازىر ئاياللارنىڭ ئىنقىلابى يۈزدىن باشلىنىۋاتىدۇ، يۈز ياسايدىغان ئىش ئومۇملاشقان دائىملىق بىر خىل قۇرۇلۇش ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاياللار قىز بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا يۈزىگە ئۇنى - بۇنى سۈركەيدىغان، ئالىي مەكتەپنىڭ 3 - ۋە 4 - يىللىقىدا ئوقۇيدىغان چاغلىرىغا بارغاندا بەزىسى رەسمىي پەرداز قىلىشقا كىرىشىدىغان بولۇپ قالدى. مەقسىتى — شۇنداق قىلغاندا بىرەر خىزمەت تېپىشقا ياكى ئوبدانراق خىزمەت تېپىشقا ياردىمى تېگەرمىش.

ئەمەلىيەتتە يۈز ياساش جەھەتتە دۇنياۋى دولقۇن كۆتۈرۈۋاتقانلار ئاياللارلا ئەمەس، ئەركەكلەر تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىمەكتە. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق مەشھۇر نېگىر ناخشىچى مىكائىل جېكسون بوينىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قارا تېرىسىنى پۈتۈنلەي سويدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاق تېرە چاپلاتقۇزغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قاڭشىرىنى ئاجايىپ - غارايىپ ماتېرىياللار بىلەن ئېگىزلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن خۇددى جىنغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان. لېكىن، ئۇ ئەنە شۇنداق جىنغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئارزۇلۇق ئادىمىگە ئايلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق ئىشق - مۇھەببەت ئىشلىرى دۇنياغا ئاشكارىلىنىپ تۇردى.



لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزى «ھەي، مۇشۇ بۇرنۇم ئورنىدىن چۇشۇپ كېتىپ قالمىغىيدى» دەپ ھەمىشە غەم - ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى، يالغان ھەرقاچان يالغان - دە!

شۇنداق ئىكەن، بەزى ئادەملەر نېمىشقا ئۆزىنىڭ راست يۈزىنى ساختىلاشتۇرۇشقا ھېرىس بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھۆسن - چىرايمۇ تاۋار، ئۇنى پۇلغا ساتقىلىمۇ بولىدۇ. ھازىرقى تاۋار جەمئىيىتىدە چىراي ئۆتكەن ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ بەكرەك ئەسقاتىدىغان بولۇپ قالدى. يۈز - كۆزى چىرايلىق يارالغان ياكى يۈز - كۆزىنى چىرايلىق ياسىۋالغان ئادەمنىڭ تەقدىرى ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆزگىرىپ قالىدۇ، ئۇلار باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ھازىر دۇنيا بويىچە ھەممىدىن باي تۇل ئايال دالزى رەپىل ئەسلىي ساپ ئىندىئان قېنىدىن تۆرەلگەن بولۇپ، ئوبدانراقمۇ ئوقۇمىغان يېزا قىزى ئىكەن، 15 يېشىدىلا قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق بوپتۇ. چىرايىنى چىرايلىق قىلىشمۇ ئادەمگە باغلىق بولىدىكەن، كېيىنكى كۈنلەردە بىراۋلار ئۇنى پەردازلاشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرغان تەبىئىتىدىن پايدىلىنىپ، «يۈز ياساش قۇرۇلۇشى»نى باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چوڭ بايلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، ئۇمۇ بىر ئەردىن ئاجراپ يەنە بىر ئەرگە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يەنە بىر ئەرگە تېگىپتۇ، ئاخىرقى ئېرى ۋاپات بولغاندا، قول ئىلكىدىكى دۇنياسى مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپتۇ. بۇ ئەھۋال بەزى تەمەسى چوڭ قىزلارغا «چىرايلىق بولساڭ مۇراد - مەقسىتىڭگە ئاسانلا يېتەلەيدىكەنسەن، لايىقىدىكى يىگىتنى يېپىپ ياتلىق بولۇش تۇزۇكرەك بىرەر ئوقەتنى تاللىۋېلىشتىنمۇ ئەۋزەل ئىكەن» دېگەندەك ئۇلگە يارىتىپ بەرگەن. ئۇنداق بولمىسا شۇنچە كۆپ «كىچىك خوتۇن»، «توقال»، «ئاشنا» ··· لار نەدىن پەيدا بولىدۇ؟

ھەركىم ئۆز كۈچى بىلەن جاھاندارچىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، جانغا ئەسقاتىدىغان بىرەر تىرىكچىلىك يولىنى تېپىشتا ئۆزىنىڭ چىـ

ـراي - تۇرقىغىمۇ دىققەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بەزىلەر «گەپ
چىرايدا ئەمەس» دەيدىغان گەپلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن
ئەمەلىي تۇرمۇشتا پىكىر- خىيالى، ھېس - تۇيغۇسى ۋە ھەرىكەت-
قىلىقلىرى چىرايغا باغلىنىپ قالىدۇ. بەزى ئۇستاز - ئالىملىق دەرد-
جىسىگە يەتكەن خانىم - قىزلارنىڭ خىزمەت تېپىشتا ئۆزىنىڭ رەسىم-
لەر ئالبومىنى ئېلىپ يۈرۈشى دەسلەپكى چاغلاردا مودا بولۇپ قالغاندە-
لىقى بىكار گەپمۇ؟ ياشلارنىڭ خىزمەتنى قانداق تېپىشىغا يول كۆر-
سىتىپ بېرىدىغان كىتابلاردا ئاياللارغا: خىزمەتكە ئالغۇچى بىلەن
سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭغا چوقۇم يۈزىڭىزنىڭ سول تەرىپىنى قارىتىپ
ئولتۇرۇڭ، چۈنكى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى سول يۈزى بىلەن ئىپادە-
لىنىدۇ، «يۈزنىڭ سول تەرىپى ئوڭ تەرىپىگە قارىغاندا تولغان،
يېتىلگەن ھەم ئادەمنى زېرەك ، مۇلايىم، مېھىرلىك، مۇھەببەتلىك،
چىقىشقاق، تېخىمۇ ئۈز، ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. «تۇرمۇش
گېزىتى» دە ھەتتا: بەزى ئايروپىلان بېلىتى سېتىش ئورۇنلىرىدا
بېلەت نەرخىنىڭ ئەرزان ياكى قىممەت قىلىنىشى بېلەت ئالغۇچىنىڭ
چىراي - تۇرقىغا قاراپ بەلگىلىنىدىكەن. «ياشراق ئادەمگە 40 پىر-
سەنت، قېرىراق ئادەمگە 35 پىرسەنت ئەرزان بېرىدىكەن» دەپ خەۋەر
بېرىلگەن. قاراڭ، چىرايغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئەھۋاللار نەرخ-نا-
ۋانىمۇ چىرايغا قاراپ بەلگىلەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارغان...

چىراي شۇنداق مۇھىم ئىكەن، ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئۆزد-
ىنىڭ يۈزىگە ئىشلىمىسە بولامدۇ؟! يۈزگە ئوبدانراق ئىشلەپ چىراي
ياساش ئۈچۈن قانداق ماتېرىيال كېرەكلىكى ئالاھىدە ئەھمىيەت بې-
رىشكە تېگىشلىك مەسىلە. يۈز - كۆزىگە تولىمۇ قېنىق پەرداز
قىلىۋالغان ئاياللاردىن يامانلىغاندا «قاراڭلار، ئاۋۇ نايناققا ، تۇمشۇ-
قىنى قان يالىغان ئىتتەك بويىۋاپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. بۇ گەپ
كىشلەر يوتىسىغا ئۇرۇپ تاپقان قۇرۇق گەپ بولماستىن، بەلكى
ئىلمىي ئاساسى بار گەپ ئىكەن.

ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «مۇستەقىللىق» گېزىتىدە بۇلتۇر 8 -
ئايدا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان مۇنداق بىر خەۋەر چىقتى : غەرب ئەللد-



ـرىدە كوسمېتىكا يەنى چىراي پەردازى ئۈچۈن ئۆلگەن ئادەمنىڭ
جەستى ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، بەزى جاھان رەنالىرىنىڭ
قىزىل كالپۇكىدا، مىق - مىق كۆكرىكىدە ھەقىقەتەن ئۆلگەن ئادەم-
ىنىڭ تېنىدىن ئېلىنغان نەرسىلەر بار. ئامېرىكىنىلا مىسالغا ئالساق،
«ھەر يىلى تەخمىنەن 20 مىڭ جەسەتنىڭ تېرىسى ۋە ھۈجەيرە توقۇل-
ـمىلىرى قايتا جانلاندۇرۇش چارىسى بىلەن ئاجرىتىپ ئېلىنىپ،
كالپۇكنى تۈزەش، كۆكرەكنى دومبايتىش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. بىر
جەسەت 100 ھايات ئادەمگە ئامەت كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مودېل،
ئارتىس ۋە چىرايلىق ئاياللارنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى تارتىدىغان قد-
ـزىل لەۋلىرىدە، ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرەكلىرىدە ناھايىتى
چوڭ سىر بولۇشى مۇمكىن. جەسەت ئارقىلىق چىراي پەردازلاش
ئىشى ھازىرقى كۈندە راسا بازار تېپىۋاتقان ئىنسان ئەزالىرى تىجارد-
ـتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. «ئەنگلىيىدە بىر جەسەتنىڭ قىم-
ـمىتى 70مىڭ فوند - ستېرلىڭغا يېتىپ باردى. ئەگەر ئۇستىخانلىرد-
ـىنىمۇ پايدىلىنىلسا، ئۇنىڭ قىممىتى يەنە بىر ھەسسە قاتلىنىشى
مۇمكىن.»

كەچۈرۈڭلار، مۇشۇنداق بىر سىرنى ئاشكارىلاپ سالدىم، يۈز-
كۆزىگە ئاز - تولا پەرداز قىلىدىغانلار بىرئاز خۇدۇكسىرەپ قالارمۇ؟
شۇنداق غەيرىي نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىدىغان ئادەملەر ئۇنداق نەر-
سىلەرنى قايتا ئۇچراتقىنىدا ھۇزۇرلىنارمۇ ياكى يىرگىنەرمۇ؟

# «ئاق نانچى ئالىم» نىڭ يېڭى تەزكىرىسى

بەزى مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس، قانۇنشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناسلار بەزى يەرلەردە «ئىلىم - بىلىم لېكسىيىسى» بېرىش بىلەن ئۆزىنى ئوخشاتماقتا. ئۇلارنىڭ لېكسىيە قىلىپ سۆزلەيدىغىنى WTO . ئۇلارنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن لېكسىيە زالىغا كىرىش بېلىتىنىڭ باھاسى 1000 يۈەنگە يېقىنلىشىپ بارىدۇ.

لېكىن، لېكسىيىنى ئاڭلىغانلارنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان كونا گەپلەر، كوچا خەۋەرلىرى ۋە لېكسىيىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇنغا ئوقۇلغان مەدھىيە ئىكەن. يېڭى مەزمۇن يوقلۇقىغا يۈزى چىمىلدىمايدىكەن. بۇلار «خەلق گېزىتى» نىڭ سۆزى، بۇ سۆزگە ھەممە ئادەمنىڭ ئىشىنىدىغانلىقى تەبىئىي. بۇ ھەقتە مېنىڭ بىرنەچچە گۇمانىم بار.

يۇقىرى باھالىق كىرىش بېلىتىنى لېكسىيە ئاڭلىغۇچى كادىرلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سېتىۋالامدۇ؟ ئايلىق مائاشىنىڭ يېرىمىغا يېقىن پۇلنى چىقىرىپ بېلەت سېتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئويلايمەنكى، ئۇ بېلەتنى ھۆكۈمەت پۇلىغا كوللېكتىپ سېتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بازىرى كاساتلاشقان كونا گەپلەرنى ئاڭلاشقا كىممۇ شەخسەن شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەشنى خالىسۇن؟! مەشھۇر ئالىم، شۇناسلارغا ئۆز تەۋەسىنىڭ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرتۈش



ئۈچۈن «پۇل خەجلەش» كە توغرا كېلىدۇ، بۇمۇ ھازىرقى ئىستېمال جەمئىيىتىدىكى ئېتى ئۇلۇغ خىراجەتتە! بۇنداق ئىشلارنى تەشكىللىگۈچىلەر باج تۆلىگۈچى پۇقرالارنىڭ ھەققىگە چاڭ سالىدۇ. بۇ ئىش قارىماققا قانۇن - ئىنتىزامسىزلىققا ياتسىمۇ، لېكىن سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ.

داستىخاندىن ئېشىپ قالغان سوغۇق تاماقنى ئىسسىتىپ سېتىپ پۇل قىلىدىغان «ئالىم، شۇناس» لارنىڭ بىر نۆۋەتلىك لېكسىيىسىنىڭ ھەققى قانچىلىكتۇر؟ بۇ ھەقتە گېزىت - ژۇرناللاردا گەپ يوق. ھەققى ئاز بولمىسا كېرەك، ئاز بولۇپ قالسا ئۇلار لېكسىيە سۆزلەشكە بارماسلىقى مۇمكىن. دەسمايىگە تۇشلۇق نەپ كەلمەيدىغان ئىشقا كىم ماقۇل دېسۇن؟!

«ئىقتىسادشۇناسلار باشقىلارغا بېيىش نەزەرىيىسىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنى بېيىتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. بۇ يالغان گەپ ئەمەس، WTO — دابلىيۇتىئوۋ دېگىنى نېمىسى؟! ئۇلار رېئال ئەمەلىيەتنى ئۆزىنىڭ يانچۇقى بىلەن «بىر ئىز» غا چۈشۈرىدۇ. ئالىم، شۇناسلارنىڭ چىرايلىق گەپلىرى ساختىپەزلەرنى پاش قىلغۇچى ۋاڭ خەينىڭ زەربە بېرىش نىشانلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن ماھىيەتتە ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. لۇشۈن: «ھازىرقى دۆلەتمەن ئادەملەرنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، ئەكسىچە ئېيتقاندا، ئۇلار ياۋاش بولغان بولسا دۆلەتمەن بولالمىغان بولاتتى» دەپتىكەن. بۇ گەپ بۈگۈنكى كۈندە بىر ئاز تۈتۈرۈقسىز، ۋاقتى ئۆتكەن گەپتەك تۇرىدۇ، لېكىن مەلۇم «ئالىم، شۇناس» لارغا باھا بېرىشتە دەل جايىدا ئېيتىلغاندەك تۇرۇشىمۇ ئېھتىمال. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمىلىرىنى بازارغا سېلىشتا ھەقىقەتەن ناھايىتى «ئەقىللىق» لىق قىلىدۇ.

ئاياپ ئولتۇرماستىن شۇنداق بىر مەسىلىنى سورىغۇم بار: «مەشھۇر ئالىم، شۇناس» دېيىلگەنلەر «مەشھۇر ئادەملەر ئىكەن» ، شۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟ ئىسىت، كاتتا ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى مەخپىي تۇتۇش ھېلىقى خەۋەردىكى ھەممىدىن چوڭ كەمچىلىك

ئىكەن. خەۋەردە ئىسمى ئاتالماپتۇ، ئىسمى ئاتالمىغان «مەشھۇر ئادەم» دېگىنى ئەمەلىيەتتە شۇلارنىڭ ئەينى «ئىسمى» . لۇشۇن: «مەشھۇر ئادەملەر 〈ئىسمى〉نى بازارغا سالغاندا 〈بىكار ھەق ئالامدىغاندۇ؟ ئالىدىغان بولسا ئۆز رازىلىقى بىلەن بازارغا سالغان بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئىسمىنى باشقىلار سۇيىئىستېمال قىلغان بولىدۇ. باشقىلارنىڭ نامىنى سېتىپ خەلقنى ئالدايدۇ〉غانلار كەم ئەمەس. جاھاندا ھەر خىل ئىشلار بار» دەپتىكەن. جاھاندىكى ھەرخىل ئىشلار مۆمىن بەندىلەرنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىپ قويىدۇ. لېكىن، مۇتەخەسسىسلەر «ئۆزىنى بازارغا سالىدۇ» غان ئىلىم - بىلىم لېكسىيىلىرىدە ئۆزىنىڭ مۇبارەك ناملىرىدىن تاشقىرى، «ئۆزىگە كەسىپ بولۇپ قالغان يالغان گەپ» — شۇنداق، بىلىم مەلۇم زۆرۈرىيەت بىلەن بازارغا سېلىشتىن يانمايدۇ، ئەگەر شۇنداق ئالىم، شۇناس جانابلارنىڭ نام - شەرىپلىرىنى بىلگەن بولساق، ئۇلار يەنە «دۆلەتنىڭ غېمىنى يەپ، خەلقنى غەم - غۇسسىدىن قۇتۇلدۇرۇش، خەلقئارا ئىزغا چۇشۇش ئۇچۇن...» دەپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ تۇرغان چاغدا، بىزمۇ دەرھال «ۋاڭ خەي» گە خەۋەر يەتكۈزگەن بولاتتۇق.

يېقىندا «مېنىڭ ئوقۇغۇچى شاگىرتلىرىم»ناملىق بىر رومان داڭق چىقاردى. ئۇنىڭدا ئاساسەن باشقىلارغا ئۇستاز بولغان، نامى ئۇلۇغ پروفېسسور، دوكتورلارنىڭ ئۆز «يۈكسەك»لىكىدىن قانداق پايدىلىنىپ، جەمئىيەت نۇسخىسى ئالمىشىۋاتقان بىر چاغدا قانداق قىلىپ يىرتقۇچ ئىقتىسادىي مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانلىقى، بەتنىيەت-نائىنساپلىق قىلىپ، چاندۇرماستىن ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى ياكى ھالاك بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن، شۇ كىتابنى ئوقۇمىغان بۇرادەرلەرگە مەسلىھەتىم شۇكى: ئوقۇپ بېقىڭلار، كۆزۈڭلار چوقۇم ئېچىلىدۇ. شۇ كىتابتا يېزىلغانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى رەزىللىكلەرچىلىك بولماي قېلىشىمۇ ئېھتىمال.



# ئەگەر مىلوتىنوۋىچ «ئەجدىھانىڭ پۇشتى» بوپقالغان بولسا...

جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىلوتىنوۋىچ ئانچىكى بىر پەرەڭ ترېنېر (چەت ئەللىك تەربىيىچى) بولماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ پۇتبولچىلىرىنى بىر ئوڭدىن، بىر سولدىن، بىر ئالدىدىن، بىر ئارقىدىن بۆسۈپ، رەقىبلەرگە قارشى بىردە توققۇز نەتىجە بىلەن غەلىبە قىلىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى دۇنياۋى لوڭقا مۇسابىقىسى مەيدانىغا يېتەكلەپ كىرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى شېرىن ئارزۇسىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويغان ئۇستازدۇر. شۇ غەلىبىلىك مۇسابىقىدە جۇڭگو پۇتبولچىلىرىنىڭ تولىمۇ كۈچلۈك رەقىبى بولغان كورېيە بىلەن ياپونىيە كوماندىلىرى تەييارلىق مۇسابىقىگە قاتناشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسابىقىداشلار گۇرۇپپىلىرىنى ئايرىش جەھەتتە جۇڭگو كوماندىسى پايدىلىق ئامىللارغا ئېرىشىپ قالغان بولسىمۇ، قانداقلا بولسۇن، خەلقىمىز غالىب توپچىلىرىمىزغا باركاللا ئوقۇماي تۇرالمايدۇ.

توپ مەستانىلىرىمىز، ئادەتتىكى توپ خۇمارلىرىمىزنى، يېرىم-يارتا توپ خۇمارلىرىمىز ۋە ھەتتا پۇتبول ئويۇنىغا ئاز - پاز ھەۋەس قىلىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەر «كارامەت مىلوتىنوۋىچ» قا باركاللا توۋلاۋاتقان بىر ۋاقىتتا، مەن: ئەگەر مىلوتىنوۋىچ ئەجدىھانىڭ پۇشتى بوپقالغان بولسا (خەنزۇ خەلقىنىڭ ئادىتىدە ئۆزلىرىنى دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئۇلۇغ ئىلاھ — ئەجدىھانىڭ پۇشتى دەپ قارايدىغان رىۋايەت

بار — تەرجىمان ئىزاھى)··· ئەھۋال قانداق بولاتتى؟ دەپ ئويلاپ
قالدىم.

ئۇ ھالدا پەيدا بولىدىغان بىرىنچى ئەھۋال: ئەگەر مىلوتىنوۋىچ
جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسا، مەملىكىتىمىز
ئىچىدىكى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريا-
نىنى داغدۇغا بىلەن تەشۋىق قىلغان بولاتتى؛ ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان
ئارقىدا سۆرىلىپ قالغان جۇڭگو پۇتبولچىلىقى ئۈچۈن غەم يەپ، ئۇنى
جانلاندۇرۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەن بولاتتى؛
كېيىن ئالاقىدار تارماقلار ھەممە ئادەمنى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى
ئۆگىنىشكە چاقىرغان بولاتتى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۇنى
ئارقا - ئارقىدىن، قايتا - قايتا قوبۇل قىلغان، رىغبەتلەندۈرگەن،
ماختىغان بولاتتى، بۇ يىلقى ئۈلگىلىك ئادەملەرنى باھالاپ سايلاشتا
ئۇنىڭغا ئورۇن تەگمەي قالمايتتى. يەنە تېخى بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ،
ئۆتمۈش يىللاردىكى ۋالىبولچى ئايال ترېنېرغا ئوخشاش يۇقىرى مەن-
سەپ بېرىلىپ، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدا بىرەر يۇقىرى خىز-
مەتكە تەيىنلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

ئىككىنچى ئەھۋال: ئەگەر مىلوتىنوۋىچ تەيۋەنلىك ياكى شياڭ-
گاڭلىق ۋەياكى ئاۋمېنلىق بوپقالغان بولسا، مەملىكەت ئىچىدىكى
ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى باشقا بىر نۇقتىدىن
مەدھىيىلىشى، يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۇنىڭ ۋەتەن بىرلىك-
نى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى كۆرسەتكەن ئەمەلىي تۆھپىلىرىگە
يۇكسەك دەرىجىدە بارىكاللا ئېيتىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۆسۈپ
يېتىلىش جەريانى نۇرغۇن قەلەم ساھىبلىرىنىڭ قېزىپ - قىدىرىپ
تاپقان ماتېرىياللىرىدىن ھاسىل بولۇشى تەبىئىي. شۇ ماتېرىياللار
كىتاب بولۇپ چىققاندىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ مېڭىسىدە ۋەتەننىڭ
پارچىلىنىپ كېتىش دەردىنى كۆپ تارتقان، بىزنىڭ بىرلىك سەپ
سىياستىمىزدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بىر ۋەتەنپەرۋەر زات نامايان
بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ۋەتەنپەرۋەر زاتنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن
بىۋاستە بايان قىلىپ بەرگەنلىرى بىزنىڭ سىياسەتلىرىمىزنىڭ تەي-



ۋەن، شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قالتىس ياراپ
كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى ئەھۋال: ئەگەر مىلوتىنوۋىچ خەنزۇ نەسلىدىن بولغان
چەت ئەللىك بوپقالغان بولسا، مۇخبىرلارنىڭ مۇنداق يېزىشى چو-
قۇم: ئۆتمۈشتە ۋەتىنىمىز تولىمۇ ئاجىز - كەمبەغەل ئىدى، پاراكەن-
دىچىلىك - يېغىلىق تۈگىمەيتتى. يەن - خۇاڭ ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ
پۇشتى بولغان مىلو (مىلوتىنوۋىچنىڭ خەنزۇچە ئىسمى — تەرجىمان
ئىزاھى) غا غەرب جەمئىيىتىنىڭ تەڭ - باراۋەرلىك ۋە ھۆرلۈك -
ئەركىنلىك دېگەن بىرنېمىلىرى قىلچىلىكمۇ تېتىماي كەتكەن؛ ئۇ ئانا
ۋەتىنىنىڭ قۇدرەت تېپىشى خەنزۇ نەسلىدىن بولغان چەت ئەللىك
ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە نېمىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈ-
شەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ جان - جەھل بىلەن ماھارەت ئۆگىنىپ،
ئاخىر ئانا يۇرتىغا خىزمەت يەتكۈزۈپ، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو پۇتبول-
چىلىقىنىڭ دۇنياۋى قاتارغا قوشۇلۇپ، خەلقىمىزنىڭ يېرىم ئەسىر-
دىن بۇيانقى شېرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكان يارىتىپ
بەردى.

ماقالەمنى مۇشۇنداق يېزىپ كېلىۋېتىپ، كۆڭلۈمدە بىرمۇنچە
نادامەت پەيدا بولدى: بىزنى غەلىبىگە يېتەكلىگەن ئادەم قىلچە گەپ
سىغمايدىغان سېرىق چاچ، كۆك كۆز پەرەڭ بوپقالغانلىقى ئۈچۈن،
ئىدېئولوگىيە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈش پۇرسى-
تىدىن مەھرۇم قىلىپ قويۇلدى، ئىسىت!

---

— لۇۋى ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى»
نىڭ 2002- يىل فېۋرال سانىغا بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە
قىلىندى.

# «بازارلىق سۆزلەر» توغرىسىدا پاراڭ

«··· كادىرلار ئىدارىسى دىققەت - نەزىرىنى تۆۋەنگە قارىتىش ۋە
ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ··· تۆۋەنگە چۈشۈشنى ئىشقا
ئاشۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خىزمەتتە ئۈنۈم هاسىل قى-
لىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ هال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى چوقۇم قوبۇل
قىلىش، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى چوقۇم ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىن-
چىلىقىنى چوقۇم هەل قىلىشنى ئورۇندىدى···»
بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن گەپلەر يېقىندىلا گېزىت يۈزىدىن
كۆچۈرۈۋېلىنغان پارچىلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. كادىرلار ئىدارىسىنىڭ
خىزمەت ئۇسۇللىرى ۋە شۇ ئۇسۇل بىلەن هاسىل قىلغان نەتىجىلىرى
ئوبدان بايان قىلىنغان بۇ خەۋەر، كۆڭۈل قويغان هەرقانداق ئوقۇر-
مەننى خۇشال قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. كەمىنە قەلەم ئىگىسىمۇ شۇ قاتاردا
كادىرلار ئىدارىسىنىڭ شۇنداق ئىشلىشىدىن كۆڭلۈمدە رازىمەن.
لېكىن، گېزىتتىكى شۇ خەۋەرنى ئوقۇش بىلەن بىللە كۆڭلۈمگە
كەچكەن يەنە بىر تەسىرات مېنى بۇ هەقتە ئاز - تولا «بىرنەرسە
دېيىش» كە مەجبۇر قىلىپ قالدى. شۇ گېزىت قولۇمدا يوق، پەقەت
«تۆۋەنگە ئەۋەتىشنى ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ» ،
«تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ» ، «تەكشۈرۈپ تەتقىق قى-
لىپ» ، «قوبۇل قىلىش» نى، «ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نى، «هەل قى-
لىش» نى «ئورۇندىدى» دېگەنگە ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەر خاتىرەمدە
تۇرۇپتۇ.



ئادەمدە شۇنداق بىر خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك، ئەگەر مېڭى-
ڭىزگە مەلۇم بىر خىيال كىرىپ قالسا، خۇددى «ئەلپىلەيلى (مىڭ-
بىركېچە) » دە هېكايىدىن هېكايە چىققاندەك، خىيالدىن خىيال،
تەسىراتتىن تەسىرات تۇغۇلىدىكەن. جاهان تەرەققىي قىلماقتا، زاما-
نىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى تەرەققىياتلارغا قاراپ
ئىلگىرىلىگەنلىكى ۋە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۆزىمىزگە كۆز
قوشۇلۇپ، ئۆزىمىز مەشرىقتە تۇرساقمۇ مەغرىبنى، يەرنىڭ يۈزىدە
تۇرساقمۇ يەرنىڭ تېگىنى، دېڭىز - ئوكياننىڭ ئاستىدىكىنى كۆرۈۋا-
تىمىز؛ قۇلىقىمىزغا قۇلاق قوشۇلۇپ، ئۆزىمىز دۇنيانىڭ بۇ چېتىدە
تۇرساقمۇ ئۇ چېتىدىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالايدىغان، يىراق - يېقىن
دېمەستىن ئېنىق سۆزلىشەلەيدىغان بولۇۋاتىمىز؛ پۇتىمىزغا پۇت قو-
شۇلۇپ، «يەرنىڭ تانابىنى تارتىپ» ، ئۇزاق يوللارنى قىسقارتىپ،
يىراق - يېقىنغا ئاسانلا ۋە تېز بارالايدىغان، هەتتا سۇدا «ئۈزۈلەيدۇ»
غان، ئاسماندا «پەرۋاز» قىلالايدىغان بولۇۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن،
پىكىر دائىرىمىز بارغانسېرى كېڭەيمەكتە، نەزەر - دائىرىمىز زورايى-
ماقتا. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، تولا چاغلاردا دىققەت -
نەزىرىمىز ئادەتتىكى تۇرمۇشىمىزدا كىچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئۆزى-
مىزگە هەمراھ بولۇپ تۇرىدىغان، دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان
بەزى نەرسىلەرگە چۈشمەي قالىدىكەن. «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى
يوق» دېگەندەك، ئادەتتە هەمىشە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان شۇنداق
هادىسىلەر كۆزگە ئىلىنماي قالىدىكەن.
بىزنىڭ تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى بەزى هادىسىلەرنىڭ
دىققەت - نەزىرىمىزدىن چەتتە قېلىۋاتقانلىقى، تىلىمىزنىڭ بۇزۇلۇش
تەرىپىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرىمىزنى ئەندى-
شىگە سېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەندىشە ئاساسسىز، ئورۇنسىز ئەمەس.
ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزىنىڭ راۋان-
لىقى ۋە يېقىملىقلىقى بىلەن «تىل ئادىتى» بولۇپ قېلىپلىشىپ
قالغان بەزى سۆز ئادەتلىرىمىز غەلىتە بىر يولغا كىرىپ، تىل ئادىتى-
مىز بىلەن «يات» لاشماقتا.

بۇ يەردە گەپنى پەقەت سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئادىتى جەھەتكىلا مەركەزلەشتۈرەي. بىز ئادەتتە «مۇزاكىرە قىلايلى» ياكى «مۇزاكىرىلىشەيلى»، «ئىشلەيلى»، «خىزمەت قىلايلى»، «تەربىيە بېرىش لازىم»، «ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك»، «... نى تەتقىق قىلىپ»، «... داۋالاپ» ... دېگەندەك قېلىپتا سۆزلەپ ياكى يېزىپ كەلگەن. بۇ ئۇيغۇر تىلىدا ھەممىمىز ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئەنئەنىۋى تىل ئادىتى ئىدى. لېكىن، بۇ قېلىپ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان باشقىچە بىر ھالەتكە ئۆزگەرمەكتە. مانا قاراڭ: «مۇزاكىرە ئېلىپ بارايلى»، «خىزمەت ئېلىپ بارايلى»، «تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم»، «ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك»، «تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ...»، «داۋالاش ئېلىپ بېرىپ»... دېگەندەك تەقلىدىي سۆزلەر كۆپەيمەكتە. «... رەھبەرلەر بايرامنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان كېسەل يولداشلارغا قارىتا ھال سوراش ئېلىپ باردى»، «غەربىي قىسمىنى ئېچىشنى يولغا قويۇپ...»، «نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش...»، «...دورىنى قالايمىقان ئىچىۋەرسە، دورىغا خۇمار بولۇپ قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»، «قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»، «قانۇنغا بولغان تەشۋىقاتنى ئېلىپ بېرىش لازىم»، «...دوختۇرخانىسى ئىچىدىن داۋالاش بىلەن تېشىدىن داۋالاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ...»، «ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى سۆھبەت ئېلىپ باردى»، «... ئېلىپ باردى»، «ئېلىپ بېرىلدى»، «ئېلىپ بارايلى»...

مۇشۇ تەقلىدىي سۆزلەرنى ئەنئەنىۋى ئادىتىمىزگە توغرىلاپ تۈزىتىپ كۆرەيلى. «‹ئېلىپ بېرىش› لارنى تاشلاپ قويسام بولمايدۇ»، «ئېلىپ بارمىسام بولمايدۇ» دەيدىغان قاراشلارنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىپ، شۇنداق گەپ - سۆزلەرنى ئۆز لايىقىدا ئۆزگەرتىدىغان بولساق، مەن ئويلايمەنكى، تىلىمىز، سۆزىمىز تېخىمۇ پاساھەتلىك، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ تۈزۈلۈشى مۇقەررەر. چۈنكى، شۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ئەنئەنىۋى تىل ئادىتىمىزنىڭ تەلىپى ھەم ئېھتىياجى.



«ئۇزۇقلۇق تەركىبى كۆپ بولغان قاتتىق دادۇرغا قارىتا يۇمشاق چايناش ئېلىپ بېرىلسا، ئاسان ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ» دېگىنىمىز تۈزۈكمۇ ياكى «ئۇزۇقلۇق تەركىبى كۆپ بولغان قاتتىق دادۇر يۇمشاق چاينالسا، ئاسان ھەزىم بولىدۇ» دېگىنىمىز تۈزۈكمۇ؟ كېيىنكىسى تۈزۈك، ئەلۋەتتە.

لېكىن، ھازىر ئەھۋال باشقىچە بولۇۋاتىدۇ. تىل ئادىتىمىزگە باب كەلمەيدىغان «ئېلىپ بېرىش» تەقلىدىدىكى سۆز ياساش «قېلىپى» بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، «بازارنى بىرلا ئالىدۇ» غان ئەلپاز بىلەن شاپاشلاپ ماڭماقتا. كىيىم پىچىش - تىكىش ئۈچۈن بويىغا قاراپ ئەندىزە تەييارلاش بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەت. لېكىن، تىلدا، بولۇپمۇ بىز توختىلىۋاتقان بۇ تىل ھادىسىسىدە ئىش تەتۈر بولماقتا. بەزىلەر ئاۋۋال «ئەندىزە» تەييارلاپ، ئېگىز بويىغىمۇ، پاكار بويىغىمۇ، ئورۇق بويىغىمۇ، سېمىز بويىغىمۇ شۇ «ئەندىزە» نى توغرىلاپ كىيىم پىچىدىغان، تىكىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداق «ئەندىزە» نى ئۆرنەك قىلىپ تىكىلگەن كىيىم بۇيرۇتقان ئادەمگە يارىشىۋاتامدۇ ياكى ياراشمايۋاتامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، پەقەت «ئەسلىي تېكىست شۇنداق»، «ئەسلىگە سادىق بولۇش كېرەك» دەيدىغان «قائىدە» نى دەستەك قىلىپ كەلمەكتە. ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: تەلۋىلەرچە شۇئار توۋلاش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە، يىراق يېزىدىن شەھەرگە كېلىپ قالغان بىر دېھقان توپ - توپ ئادەملەرنىڭ ئۇ يەردىمۇ، بۇ يەردىمۇ «ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ قەدىردان...»، «ئەڭ قىزىل، ئەڭ قىزىل، ئەڭ قىزىل، قىزىل قۇياش...» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېكەچ ئوخشايدۇ؟ ئەجەبمۇ كېكەچلەيدىكىنە؟!» دەپ ھەيران قالغانىكەن ۋە شۇ سۆزى ئۈچۈن «قىزىل قوغدىغۇچى» لاردىن دۇمبا يەپ، ئاخىرىدا «كېلىپ چىقىشى» كەمبەغەل دېھقان بولغانلىقى ئۈچۈن ئامان قالغانىكەن. ئۇ دېھقان گەپتە سۆزلەرنىڭ چەك باسمىغانلىقىغا، تىل ئادىتىگە چۈشمىگەنلىكىگە ھەيران بولغان بولسا، «قىزىل قوغدىغۇچى» لار تىل ئادىتىگە خىلاپ بولغان، ئادەملەرنى «كېكەچ» قىلىپ تۇرغان

سۆز «ئەندىزە» سىگە رودۇپايدەك چاپلىشىۋالغان. شۇ چاغلاردا مەن «ئىسيان» بەلگىلىك «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە «بىر ئوچۇم» ئۇنسۇرلار قاتارىدا نەزەربەند بولۇپ ئىشلەيتتىم. «ماۋجۇشىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي لۇشيەنى»، «قىزىل لۇشيەن» دېگەن سۆز - ئىبارىلەر قاتارىدا «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەن» ۋە «قارا لۇشيەن» دەيدىغان سۆز - ئىبارىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايتتى. خەنزۇ تىلىدىكى «لۇشيەن» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «يول»، «سىزىق» دېگەن ۋە شۇنىڭغا تەڭداش كەلگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتىدىكى ئىلمىي تەرجىمە شۇنداق. لېكىن، «يول» ياكى «سىزىق» دېگەن سۆزلەر «ماۋ زېدۇڭ سىشياڭى» غا باب كەلمەيدۇ دېگەن «پەتىۋا» لار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭغا «بىر ئوچۇم» بۇرژۇئا دۇمباقچىلىرى «ھەم توم، ھەم سېسىق بۇرژۇئا قارا لۇشيەنى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن» دېگەنگە ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەرنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىشتى. «يول» نى «توم» دەپ سۈپەتلىگىلى بولمايدۇ، راست شۇنداق. مۇشۇنداق پەتىۋا تۈپەيلىدىن «بىر ئوچۇم بۇرژۇئا دۇمباقچىلىرى ھەم توم، ھەم سېسىق بۇرژۇئا قارا يىپىغا باغلىنىپ قالدى» دەيدىغان گەپلەر پەيدا بولدى. دېمەك، بىرلا «توم» دېگەن سۆزنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، «يول» دېگەن سۆز «يىپ» قا ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە كونكرېت سۆز مۇھىتىدا تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، زورمۇزور دەۋر سۈردى. بۇ خۇددى ئۆز ۋاقتىدا ماۋزېدۇڭ جۇشى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشى ئادەملەر دۆلىتىمىزدە پەقەت «بىر چىمدىم» دۇر دېسە، بىزدە «بىر چىمدىم» نى «بىر ئوچۇم» غا ئايلاندۇرۇۋالغانغا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئالغاندا، 10 چىمدىم بىر قوشۇق بولىدۇ. 10 قوشۇق بىر ئوچۇم بولىدۇ؛ تېرىقنى بارماق بىلەن 100 چىمدىم ئالسىڭىز ئاندىن بىر ئوچۇم يىغقان بولىسىز. دېمەك، 1 نى 100 گە كۆپەيتىۋەتتۇق. بىر «ئەكسىيەتچى» نىڭ ئورنىغا 100 ئادەمنىڭ «ئەكسىيەتچى» بولۇپ دەرد تارتىشىغا زامىن بولدۇق دەپ ئېيتساق مۇبالىغە بولماس.



تەبىئەتنىڭ بەزى قانۇنلىرى كىشىنى ھەيران قىلىدۇ. بەزىبىر ئىشلار دەسلەپ پەيدا بولغاندا كىشىگە يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ، دىققەت - نەزەرگە ئىلىنماس بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە چۇشۇپ قالسا، ئويلاپ قارىسىڭىز چۆچۈپمۇ كېتىسىز. بىز توختىلىۋاتقان تىل ھادىسىسى ھازىرقى كۈندە بارغانسېرى كۆپلىگەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا، ئىلمىي مۇھاكىمە مۇنبەرلىرىدە، مەكتەپ دەرسخانىلىرىدا، تىياتىر سەھنىلىرىدە، ھەتتا كەسىپداشلار ۋە دوستلار ئارا ئولتۇرۇشلاردىكى «تىل - يېزىق» قا دائىر پاراڭلاردا «گېپىمىزنى ئوڭلاپ قىلايلى»، «ئانا تىلىمىزنى تېپىۋالايلى»، «تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ئاسرايلى» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى نىدالارنى، سادالارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە ئەمەس. دېھقان ۋاقتى كەلگەندە زىرائەتلىرىنىڭ ھارام شاخلىرىنى پۇتاشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسىتى ھوسۇلنى كۆپ ئېلىش.

تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى «ھارام شاخ» لارنى پۇتاپ تاشلاش زۆرۈر بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، دۇنيادا سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ. تىل تەرەققىياتىدىكى «ھارام شاخ» لار سولچىللىق دەۋرىدىكى مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىنى ھىمات قىلغان يوقىلاڭ پەتىۋالارنىڭ سايىسىدا باراقسان بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ دەۋر تەكرارلانماس بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى، ھازىر ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە تۇرماقتىمىز. تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ئەزەلدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تەرەققىيات قانۇنىيىتى بار، خەلقىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى تىل ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن تىل ئادىتى بار. بېشىمىزدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەر ئەنە شۇنداق قانۇنىيەت، ساۋات، ئادەتلەرنىڭ تىل تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى روشەن ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ.

گېزى كېلىپ قالغاندا شۇنى ئېيتماي تۇرالمىدىمكى، بۇ يەردە كونكرېت تىلغا ئېلىنىۋاتقان تىل ھادىسىسى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى،

خەنزۇ تىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان غەيرىي نورمال ھادىسىدۇر. غەيرىي نورمال ھادىسە بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان شۇ تەقلىدتىكى كونكرېت گەپ - سۆزلەرنى ئىنچاملاپ، ئانا تىلىمىزنىڭ قانۇنىيىتىنى، ئادىتىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ «ھارام شاخ» ئىكەنلىكى روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىشىدا شەك بولمىسا كېرەك. مەن تىلشۇناس ئەمەس، تىلنىڭ تەرەققىيات يوللىرى توغرىسىدا ئىلمىي نەزەرىيىۋى بىلىملەردىن ئاجىزمەن. لېكىن، تىل ئادىتىنى، تىل دۇنياسىنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ بىۋاستە ۋە تەبىئىي ئۇسۇلى دەپ چۈشىنىمەن. بەزىدە تىل ساھەسىدە ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، چوڭقۇر نەزەرىيىلەردىن نەقىل ۋە دەلىل ئىزدەشكە ئاجىزمەن، مۇتلەق كۆپ شارائىتتا ئەمەلىيەتتىن يول تېپىپ، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ھاسىل قىلىنغان ساۋاتقا ئاساسلىنىپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەنمەن. بىرمۇنچە ئادەملەر سۆز قىلغاندا، ماقالە يازغاندا ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن نەقىل ئېلىپ، شۇ مەشھۇر سۆز - ئىبارە ۋە نەقىللەرنى ۋاستە قىلىپ بايان قىلىشقا خۇشتار. ئەمەلىيەتتە، شۇنداق مەشھۇر سۆز - ئىبارىلەرمۇ ئەمەلىيەتتىن چىققان ساۋاتلارنىڭ شەرھىدۇر، شۇ ساۋاتلار بارا - بارا توپلىشىپ، بارا - بارا ئومۇمىي ئېتىراپقا ئېرىشىپ، ھەممە ئادەم ئىخلاس قىلىدىغان نوپۇزلۇق بىر ھالەتكە كېلىپ قالغان. مەلۇم بىر كونكرېت گەپ - سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، شۇ سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدا چوقۇم شۇنداق تەقلىدتە بايان قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىدا چوقۇم مۇنداق (بۆلەكچە) تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقىنى، «شۇنداق» بىلەن «مۇنداق» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تىل ئادەتلىرىگە دائىر ساۋاتنىڭ ياردىمى بىلەن چۈشىنىپ كېتىش تامامەن مۇمكىن.

ساۋاتلىق بولۇش ئۈچۈن، شۇغۇللىنىۋاتقان مەشغۇلاتىنىڭ، كونكرېت ئېيتقاندا، تەرجىمىچىنىڭ ئەمەلدە خەتمۇخەت، ھەرپمۇھەرىپ باراۋەر چىقىشىغا ئەمەس، نېمە ۋە قانداق مەنىنى بىلدۈرۈۋاتقان-



لىقىغا قاراش ۋە مەنىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

تىل ساۋاتى مول بىر بۇرادىرىمنىڭ تىل - يېزىق توغرىسىدا گەپ ئارىلاپ قالغان بىر سۆھبەتتە مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر كۈنى ماگىزىندا سۇلياۋ خالتىنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق خۇشخەت بىلەن يېزىلغان، ئالتۇندەك ۋاللىداپ تۇرىدىغان «ئۈزۈم قۇرۇقى» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىپتۇ. يەنە بىر كىتابتا يېڭى تويى بولغان يىگىت بىلەن قىزنىڭ پەرزەنتلىك بولۇش - بولماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، «ھازىرلا بالا ئالماسلىق بىر خىل يېڭى مودىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ» دېگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. يەنە «قىزلار ئوغۇللار بىزنى قوغلىسىكەن دەيدۇ، ئەرلەرمۇ تەبىئىتىدىنلا قوغلاشقا ماھىر» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇپتۇ. بىزنىڭچە، ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلىدا «ئۈزۈم قۇرۇقى» دەيدىغان مېۋە نامى بولمىسا كېرەك. ئەر - خوتۇن پەرزەنت كۆرۈش - كۆرمەسلىك توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، «بالا ئالمايمىز» دېمەس، چۈنكى بالا بازاردىن سېتىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس. بويىغا يېتىپ قالغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ناز بىلەن سۆزلەشىشىمۇ «ئوغۇللار قوغلىسىكەن... ئەرلەرمۇ تەبىئىتىدىن قوغلاشقا ماھىر...» دېگەندەك غەلىتە، چالا ئۇيغۇرچە سۆزلىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بۇرادىرىم «بۇ تەرجىمان ئانا تىلىدىن ساۋاتسىز ئىكەن، چالا موللا ئىشنى بۇزۇپتۇ»، «تەرجىمىدە تىل ئادىتىگە رىئايە قىلىش — بۇ تولىمۇ مۇھىم ساۋات» دەيدۇ. ئېغىزدا شۇنداق دېمەك ئاسان، ئەمەلدە شۇنداق قىلىش تەس، چۈنكى تەرجىمىنى ساپ ئانا تىل ئادىتى قېلىپىغا چۈشۈرۈپ دەڭسەپ كۆرۈش تەرجىمىدىكى كەسپىي ئەخلاق. بۇنىڭ ئۈچۈن، ۋاقىت سەرپ قىلىشتىن قاچماسلىق كېرەك. ھەرپنى ھەرپكە توغرىلاپ شەكلەن تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆزىدىن ئىشنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەنگەنلىكى، ئانا تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە ساپلىقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈش بۇياقتا قېلىپ، پەقەت «بازار» نىلا نىشان قىلغانلىقى روشەن مەلۇم بولۇپ قالىدۇ.

ئاخىرىدا يەنە شۇنى تەكرارلىغۇم كەلدى:

«قاتتىق دادۇرغا قارىتا يۇمشاق چايناش ئېلىپ بېرىلسا، ئاسان ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ» دېگەندەك تەقلىدتە سۆز قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيلى.

# نادانلىق ۋە كولدۇرلىتىش

گېزىتتىن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئوقۇپ قالدىم: ئامېرىكىدا بىر ئادەم قاتىللىق قىلدى دەپ ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا تارتىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن 20 يىل قاماقتا ياتقاندىن كېيىن مەلۇم بوپتۇكى، ئۇ ھۆكۈم خاتا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ زادىلا ئادەم ئۆلتۈرمىگەنىكەن، شۇڭا گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىپتۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دەرھال سوتقا ئەرز سۇنۇپ، 20 يىل ناھەق قاماقتا ياتقانلىقىغا تۆلەم بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، نەتىجىدە 7 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تۆلىتىپ ئاپتۇ.

شۇنىڭ ساڭىرى، كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ يۇرتىدىمۇ شۇنداق بىر ئىش چىقتى. بىر ياۋاش، مۆمىن دېھقان ئالتە كالىنى ئوغرىلىدى دېگەن گۇناھ بىلەن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا مەھكۇم بوپتۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم بوپتۇكى، ئالتە كالىنى باشقا ئادەم ئوغرىلىغانىكەن، شۇڭا ھېلىقى دېھقان گۇناھسىز دەپ قاماقتىن قويۇۋېتىلىپتۇ. بۇ دېھقانمۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھېلىقى ئامېرىكىلىققا ئوخشاشلا سوتقا بېرىپتۇ. لېكىن، يۇقىرى سوتقا ئەرز سۇنماي، «پۇقرانىڭ باشپاناھى» دېگەن سۆزلەر چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە تاۋار لەۋھەنى سۇنۇپ، بىرمۇنچە ئادەم ئالدىدا تىزلىنىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

شەك يوقكى، ھېلىقى ئۇۋالچىلىقتا قالغان ئامېرىكىلىقنىڭ يۇقىرىغا ئەرز سۇنغانلىقى توغرا، بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىقى، بۇ ھەم ئامېرىكا قانۇنىنىڭ



ئۇنىڭغا بەرگەن ھوقۇق - مەنپەئىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئەرز سۇنۇش بىلەنلا ئۇتۇپ چىققان. بىزنىڭ جۇڭگودىمۇ قانۇن پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. پۇقرالارغا يۇقىرىغا ئەرز قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. ھېلىقى ئۇۋالچىلىقتا قالغان قېرىندىشىمىزنىڭ ئامېرىكىلىققا ئوخشاش يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇشى تامامەن مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇتۇپ چىقىشى چوقۇم، لېكىن ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، لەۋھە تەقدىم قىلىش يولىنى تاللىۋالغان. بۇ دېھقان قېرىندىشىمىزنىڭ نەزىرىدە سوت مەھكىمىسى دېگەندەك دۆلەت تارماقلىرى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان باشپاناھ، ئۆزى بولسا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تەزىم قىلىدىغان بىچارە پۇقرا (ھەتتا قۇل). باشپاناھ ئۆز پۇقراسىنى قانداق باشقۇرسا گەپ سىغمايدىغان توغرا ئىش. بىرقانچە يۈز يىلدىن بۇيان شۇنداق بولۇپ كەلمىدىمۇ؟ باشپاناھ ئۈچ يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىپ، مانا ئەمدى ئىككى يىلدىلا قويۇپ بەرسە، بۇنىڭغا مىننەتدار بولماي، ئەكسىچە يۇقىرىغا ئەرز قىلغىنىم نېمىسى؟ بازاردا كۆكتات ساتقاندا باشقىلار 50 تىيىن پۇلنى كەم بەرسە بۇ دېھقان ئۆلگۈدەك جېدەل قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى شۇ 50 تىيىن ئۇنىڭ ھەققى، ئۇنى باشقىلارغا يېگۈزۈپ قويمايدۇ. ئۇ بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان بىرمۇنچە ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى، بولۇپمۇ يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك مەھرۇم قىلىنغان ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى ھېلىقى 50 تىيىن پۇلنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغان غەيرەتكە قاچانمۇ كېلەر؟!

شۇ دېھقان قېرىندىشىمىزنىڭ نادانلىقى كىشىنى ھەسرەتلەندۈرىدۇ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىپادىسى بولسا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئەسلىدە سوت مەھكىمىسى خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىككى يىل ناھەق قامىلىپ يېتىشىغا زامىن بولغانىكەن، ئۆزلۈكىدىن خاتالىقىنى تەن ئېلىپ، دېھقاننىڭ زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ھېچبولمىغاندا، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئادەم تىزلىنىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن، لەۋھە تەقدىم قىلغان چاغدا خىجىل بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، سوت مەھكىمىسى «پۇقرانىڭ باشپانا-

ھى» دېگەن لەۋھەنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، تامغا ئېگىز ئېسىپ قويغان. پۇقرانىڭ نادانلىقىنىڭ مۇھىم بىر يىلتىزى ئەنە شۇ. سوت مەھكىمىسىمۇ پۇقرانى ئەخمەق قىلىپ كولدۇرلىتىۋاتقان يەردە پۇقرا نادانلاشماي قالامدۇ؟

ناداملىق ۋە ئەخمەق تېپىپ كولدۇرلىتىش قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ يۈكىنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، يولىنى بارغانسېرى ئۇزارتىۋېتىدۇ.

---

— ياڭ خەنجۈن ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون ئەسلىدە «ياڭچېڭ (گۇاڭجۇ) كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 7- ئاينىڭ 18- كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان. «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2003- يىل 10- ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# چاۋاك تىلەمچىلىرى

بەزى كونسېرت كېچىلىكلىرىدە، ناخشا - ئۇسسۇل سورۇنلىرىدا چاۋاك تىلەيدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالىدۇ، يېلىنىپ تىلىگەن تەقدىردىمۇ چاۋال ئاندا - ساندا، قەدىر ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە رىياسەتچى ئوتتۇرىغا چىقىپ «××× ناخشا ئوقۇيدۇ، قېنى، چاۋاك بىلەن ئالقىشلايلى» دېسە، بەزىدە ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئۆزى «چاۋاك بىلەن مەدەت بەرسەڭلار قانداق؟» دەپ نالە قىلسا، تاماشىبىنلار شۇئان گۈلدۈراس چاۋاك چالىدۇ!

تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئەنە شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرگەنىمدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. رىياسەتچى ئوتتۇرىغا چىقىپ ناخشا چولپانلىرى ھەققىدە چاۋاك تىلىسە، بۇنى ھەر ھالدا ئەدەپ - يوسۇنلۇق ئىش دېسەك، ناخشا چولپانلىرىنىڭ ناز - كەرەشمە بىلەن چاۋاك تىلەشلىرى، ئۇلارنىڭ شۇ ئوبرازى «باش - كۆزىڭىزنىڭ سەدىقىسى بولسۇن، بىر ئاز ساۋابلىق بېرىڭ» دەپ ئىلتىجا قىلىدىغان قەلەندەرلەرگە ئوپمۇئوخشاش بولۇپ قالامدۇ!

بۇرۇنقى زاماندىكى قەلەندەرلەر تىلەمچىلىكنىمۇ ئۆزىگە يارىشا يولى بار دەپ، ھاقارەتلىك سەدىقىنى قوبۇل قىلمايدىكەن. «ئاتىغىنىڭنى تېزەك تەپكەندەك تېپىپ بەرسەڭ، قەلەندەرمۇ نەزەر - كۆزىنى سالمايدۇ» (دەپتىكەن كۇڭزى «ئوغلۇمغا پەند - نەسىھەت» دېگەن خاتىرىسىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا). «دوق بىلەن بەرگەن تائام» دېگەن قىسسە مۇنداق پەيدا بولغانىكەن: چى دۆلىتى (جۇڭگو تارىخىدىكى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە دېھقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيـ
سى خۇاڭ چاۋ قۇرغان دۆلەت — تەرجىمان ئىزاھى.) دەۋرىدە
ئاچارچىلىق يۈز بېرىپتۇ. چيەن ئاۋ دېگەن ئادەم نەزىر قىلىمەن،
ئاچ قالغانلار كېلىپ يېسۇن دەپ، يول بويىدا يېمەك - ئىچمەك
تەييارلاپ ئولتۇرۇپتۇ. كىيىملىرى جۇل - جۇل، رەڭگىروھى ساماند
دەك سارغايغان، ئاچ قورساق بىر ئادەم كەلگەن ئىكەن، چيەن ئاۋ
سول قولىغا يېمەكلىكنى، ئوڭ قولىغا ئۇسسۇزلۇقنى ئېلىپ، ئادەمـ
نى مەنسىتمەيدىغان سەت تەلەپپۇز بىلەن: «ھوي، بۇياققا كەل، مانا
بۇنى يە!» دەپ دوق قىپتۇ ۋە : «دوق قىلىپ بەرگەن تائامنى يېمەي
يۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ئەبگارلىشىپ كېتىپسەن» دەپتۇ.
لېكىن، ھېلىقى ئاچ قورساق ئادەم ئۇنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلماپـ
تۇ. ئاخىر «دوق بىلەن كەلگەن تائام» نى يېمىگەنلىكى سەۋەبى بىلەن
ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاچ قالسام قالاي، دوق بىلەن بەرگەن مىننەتلىك
تائامنى ھەرگىز يېمەيمەن! قەلەندەرنىڭمۇ خورلۇقنى كۆتۈرمەيدىغان
مانا مۇشۇنداق ئىززەت نەپسى ۋە ئابرۇيى بار! ئېھتىمال ھازىرقى
زامانىنىڭ بەزى سۆلەتمەن ئادەملىرى بۇنى تەلۋىلىك دەپ قارىمد
غىيدى؟!

ھازىرقى زامان ئادەملىرى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلار تىلەمـ
چىلىكنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا يولى بار دېگەندەك گەپلەرگە پەرۋا قىلىپ
كەتمەيدۇ، قورسىقىنى تويدۇرۇپ جان باقسا بولدى، ئۇلارنىڭ نەزد
رىدە ئىززەت - ئابرۇي دېگەن نەرسىلەر نەچچە پۇلغا يارايتتى؟
ھېلىغۇ تېزەك تەپكەندەك تېپىپ، دوق قىلىپ بەرگەن تائام ئىكەن،
ئۇلار ھەتتا ئارقىڭىزغا كىرىۋېلىپ، رودۇپايدەك چاپلىشىۋېلىپ ئالد
دۇ، ھەتتا يالغانچىلىق بىلەن ئالداپ ئېلىپ يەيدۇ، پۇل - مېلىڭىزنى
ئالدامچىلىق بىلەن ئېلىۋالىدۇ، ھازىرقى قەلەندەرلەرنىڭ تىلەمچد
لىك نەيرەڭلىرى خىلمۇخىل؛ ئۇلارنىڭ ياشاش يوللىرى بۇرۇنقى
زاماندىكى قەلەندەرلەرنىڭ تىلەش يوللىرىدىن ناھايىتى كۆپ ئېشىپ
چۈشىدۇ. چاۋاك تىلەيدىغان ناخشا چولپانلىرىغا قاراڭ، ئۇلارنىڭ
تىلەپ تۇرۇپ چاۋاك چالدۇرغان چاغدا بەللىرىنى تولغاپ، بىلەكلىرد



نى ئوينىتىپ تۇرۇشلىرى گويا خروئىن بەڭگىلىرىنىڭ خروئىن
چېكىۋالغاندىن كېيىن، خۇددى ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرـ
گىنىگە، ھۆر - پەرىلەرگە ئايلىنىپ قالغىنىغا بەكمۇ ئوخشىشىپ
كېتىدۇ!

چاۋاك دېمەك ئالقان بىلەن ئاپىرىن ئېيتماقتۇر، چاۋاك تاماشد
چىلارنىڭ كۆڭلى، يۈرىكىدۇر. چاۋاكنى سائىتى توغرا كېلىپ قالـ
مىغاندا زورلۇق بىلەن چالدۇرغىلى بولمايدۇ. ناخشىنى يارىغۇدەك،
تەسىرلىك ئوقۇيالىسىڭىز تاماشىبىنلار چاۋاك بىلەن مىننەتدارلىق
بىلدۈرىدۇ؛ قاملاشتۇرۇپ ئوقۇيالماي، ھەدەپ بارىكاللا تەمە قىلىسد
ڭىز، يۈزىڭىزنى داپتەك قىلىپ چاۋاك تەلەپ قىلىسىڭىز، سورۇننى
شۇنداق قىزىتسىڭىز، ئىككى پۇلغا يارىمايدىغان ئۇنداق چاۋاكلار
سەنئەتنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى، ئادەمنىڭ چاكىنىلاشقانلىقىنى بىلدۈـ
رىدۇ. بۇنىڭدا نېمە ھۇزۇر بولسۇن؟!

ناخشا چولپانلىرىنىڭ چاۋاك تىلىشى پەقەت بۈردىچىلىكلا ئەـ
مەس، ئۇنىڭ تېگىدە ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان باشقا بىر خىل «چولـ
پان مىجەز» مۇ بار. سەھنە بازارلىرىدا «تاماشىبىنلار ھەممىدىن
قەدىرلىك»، «سەنئەت خەلققە موھتاج» دېيىلسىمۇ، يەنە مەلۇم ناخشا
چولپانلىرى، يانچۇقىنى توملىۋالغانلار ئۆز قورسىقىدا تاماشىبىنلارـ
نى، خەلقنى پىسەنتىگە ئالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاسمانغا نۇر چېـ
چىپ تۇرىدىغان چولپان يۇلتۇز چاغلايدۇ، ئوقۇۋاتقىنىم «ھەممە
ئادەمگە ياقىدىغان ئېسىل ناخشا» دەپ ئويلايدۇ، كۆز تىكىپ ئولتۇرـ
غان تاماشىبىنلارنى بولسا گۇپپاڭچى دوستەك، چولپانلارغا دوست
تارتىشىپ بېرىدىغان، چاۋاك چېلىپ بېرىدىغان پوستەكچى دەپ ھېـ
سابلايدۇ. مۇبادا سورۇننى بىر ئالىدىغان بارىكاللا سادالىرى ياڭرىمد
سا، ئۇلارنىڭ يېلى چىقىپ، ھەپسىلىسى پىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ
چاۋاك تىلىشى چى دۆلىتى دەۋرىدە ياشىغان چيەن ئاۋنىڭ «كەل،
مانا بۇنى يېۋال!» دەپ دوق قىلغىنىغا ئوخشىسا، ناخشا ئاۋازى
تائامغا، ئۇسسۇزلۇققا ئوخشايدۇ؛ بۇ ئۇلارنىڭ ئامىمىغا مىننەتلىك
سەدىقە بەرگىنى ۋە ناھايىتى چوڭ خەير - ساخاۋەت قىلغىنى! تاماشد

بىنلار ئەكسىچە ئۇلارغا تەلمۈرىدىغان قەلەندەر بولۇپ قالغىنى! دېمەك، ئۇلار تاماشىبىنلار، بولۇپمۇ چاۋاكنى ئايايدىغان تاماشىبىنلارنى مايمۇن ئويناتقاندەك ئوينىتىدۇ، ئەخمەق قىلىدۇ.

چاۋاكنى تىلەپ ھەتتا زورلۇق قىلىپ چالدۇرۇشتىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، ئۇنداق قىلىش تاماشىبىنلارنى ئىززەتلىمەسلىك، ھەتتا ھاقارەتلەش بولىدۇ. خۇددى پېڭ مېڭلۇڭنىڭ «راھەتلىنەي دېسەڭ راھەت يوق، نەپ ئالاي دېسەڭ نەپ يوق» دېگىنىدەك ئىش بولىدۇ. مەستانە، ئەمما تەمكىن تاماشىبىنلارنىڭ ناخشا چولپانلىرىنىڭ چاۋاك تىلەشلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى ھەممىدىن ياخشى چارىسى ئېھتىمال جىم ئولتۇرۇش، ناخشىسىنى ئاڭلاپ بېقىپ ئاندىن بىرنېمە دېيىش بولسا كېرەك.

---

— بۇ فېلىيەتون 2003- يىل 8 - ئاينىڭ 15- كۈنى «فېلىيەتون گېزىتى» دە لي مىڭ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# مەدھىيىلەش كېسىلى توغرىسىدا مەنمۇ گەپ قىلىپ باقاي

مەدھىيىلەش كېسىلى توغرىسىدا مېنىڭمۇ گەپ قىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، گۇچېڭگىسىڭ ئەپەندى «چىلۇ (سەندۇڭ) كەچكى گېزىتى» نىڭ 7- ئاينىڭ 26- كۈنىدىكى سانىدا «مەدھىيىلەش كېسىلى» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىپتۇ. ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئاغزىدىكى كەڭ كەتكەن سايدا يۇلغۇن دېيىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار ئىكەن. ئۇ قۇملۇقتا ئۆسىدىغان چىداملىق ئۆسۈملۈك بولغاچقا، قۇرغاقچىلىققىمۇ، شورغىمۇ چىداملىق ئىكەن، دېمەك ئارتۇقچىلىقى كۆپ ئىكەن. ئاپتور گۇ ئەپەندى ئۇنىڭغا مەدھىيە يېزىش خىيالىدا تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە «تېخنىكىنىڭ قىساسى» سەرلەۋھىلىك بىر كىتابنى كۆرۈپ قاپتۇ، بۇ كىتابتا «يۇلغۇن كۆپىيىپ كەتسە ئەمەلىيەتتە ئېكولوگىيىلىك ئاپەت بولىدۇ، ئۇنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەش ناھايىتى تەس…» دېگەن گەپلەر بار ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇ ئەپەندى: «بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر شەيئىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپلا، ئۇنى مەدھىيىلەشكە ھەرگىز ئالدىراپ كەتمەسلىك لازىم ئىكەن…» دەيدىغان خۇلاسىگە كەپتۇ.

مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، گۇ ئەپەندىنىڭ ئۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق. تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىنى مەدھىيىلىسەك بولىدۇ. يۇلغۇنمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كېتىشى ئېكولوگىيىلىك

ئاپەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يامان مۇھىتتىمۇ كۆكلەۋېرىش قابىلىيىتى مەدھىيىلىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

لېكىن، يەنە بىر خىل مەدھىيىلەش كېسىلى بار، ئۇ بولسىمۇ مەنسەپدارلار ئىچىدىكى مەدھىيىلەش كېسىلى. مەن ئۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن!

مەنسەپدارلار ئىچىدىكى مەدھىيىلەش كېسىلىنى يامان كۆرۈشۈمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنداق مەدھىيىلەش پرىنسىپتا خۇشامەت قىلىدىغان، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان مەدھىيىدۇر! مەنسەپدارلار ئىچىدىكى مەدھىيىلەش كېسىلىنى ئومۇمەن ئۈچ خىلغا بۆلىمەن: بىرى، ئېلان قىلىنغان مەلۇم تۈزۈملەرنى مەدھىيىلەش كېسىلى؛ يەنە بىرى، مەلۇم قىلىقلارنى مەدھىيىلەش كېسىلى؛ ئۈچىنچىسى، يوقنى بار قىلىپ مەدھىيىلەش كېسىلى.

ئاۋۋال بىرىنچى خىلىدىن گەپ قىلاي. بىرەر تۈزۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي‌لا، بولا-بولماس ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشىدۇ، ئۈنۈمىگە قارىماي، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ مەدھىيە ئوقۇشىدۇ، يەنە سادا قىلىشتا كېچىكىپ قالمىغىيدۇق دەپ ئەندىشە قىلىشىدۇ؛ مەسىلەن، بىر توپ ئەر بىر ئايالغا ئوخشايدىغان، مىدىرلاپ تۇرغان كۆلەڭگىنى يىراقتىن كۆرۈپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ئىشق - مۇھەببەت ناخشىسى ئوقۇغانغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئاخىرىدا ئالدىغا كەلگىنى راست ئادەممۇ ياكى ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغاندەك.

ئەمدى ئىككىنچى خىلىنى بايان قىلاي. رەھبەرنىڭ ماڭغىنىنى، تۇرغىنىنى (ئەلۋەتتە ئىجابىي ئوبرازىنى) فوتو ئاپپاراتلىرى رەسىمگە تارتىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن رەھبەر ئاممىۋى ھاجەتخانىغا ماڭسا، رەھبەرلەر ئاممىنىڭ چوڭ - كىچىك ھاجەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە دېيىشىدۇ. ئەگەر رەھبەرلەر ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، بۇنى كىچىك پېئىل دېيىشىدۇ. بىچارە - مىسكىن ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە بارسا، ئاممىنىڭ ئارىسىغا باردى، ئاممىنىڭ دەرد-ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلدى دېيىشىدۇ… سىزگە ئىجابىي تەرەپلىرىنىلا



كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. بەزىلىرىنىڭ ئارقىسىدا قانچىلىك ئويۇنىشى (ئاشنىسى) بار، كىشى كۆرمەيدىغان يەرلەردە قانچىلىك ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ، ئۇلارنى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە!

ئۈچىنچى خىلى، بۇ تولىمۇ بىمەنە، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى كۆپ ئەجىر كېتىدىغان مەدھىيىلەش كېسىلى. بەزىدە مەدھىيىلەش نىشانى تولىمۇ غۇۋا، خۇنۇك بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك تەسەۋۋۇرلار بىلەن مەدھىيىلەشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى غۇۋا مەدھىيىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىدۇ؛ مەسىلەن، خىزمەتكە قاتناشقان 30 يىلدىن بۇيان 40 نەچچە مىڭ قېتىملىق چاي - زىياپەتنى رەت قىلدى، 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پارىنى رەت قىلدى، ئارام ئالغان ۋاقتى ئاران ئالتە ئىش كۈنىگىلا توغرا كېلىدۇ، بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر يەردە بولغان ۋاقتى جەمئىي 7 ئاي 8 كۈنگىلا توغرا كېلىدۇ، ۋەھاكازا.

جاھاندا باھانە - سەۋەبسىز مۇھەببەت بولمىغىنىدەك، باھانە - سەۋەبسىز مەدھىيىمۇ بولمايدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنى بىرەر تەسىرات پەيدا بولغانلىقى، ئىچ - ئىچىڭىزدىن تەبىئىي تەسىرلەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مەدھىيىلەيسىز. بۇنىڭغا چىن كۆڭلىڭىز يار - يۆلەك بولىدۇ. مەنسەپدارلار ئىچىدىكى مەدھىيىلەر بولسا تولا چاغلاردا غەيرىي نىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ «غەرەزلىك ئاتقان ئوقى» دۇر، ئۇنىڭغا نەپ يار-يۆلەك بولىدۇ.

---

— بۇ ئەسەر «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2003- يىل 8- ئاينىڭ 15- كۈندىكى سانىدا كۈن دېلىن ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# ئىنساپ

تاي: ھەي موزاي، ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن، ئاشۇ خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلار ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان قارا تومپاي ئادەملەرمۇ ئەمەسكەن، ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى ئىكەن، ھەتتا بەزىسىنىڭ دوكتورلۇق دىپلومىمۇ بار ئىكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئىنساپ قىلمايدىغاندۇ؟

موزاي: نەپرەتلىرىڭىز يارايدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇرۇنقىلار ئەمەلدارلىق قىلىدىغان ئادەملەرگە «ئىنساپ قىلىشتىن تەلىم بەرمەك ئەۋزەل» دەپتىكەن. پۇقرا ئىنساپ قىلىشنى بىلمىسە، ئۆزىنىلا يەرگە قارىتىدۇ، خالاس. چوڭ بايلار ئىنساپسىز بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى ئار - نومۇسقا قالدۇرىدۇ؛ ئوقۇغان - بىلگەن ئادەملەر ئىنساپسىزلىق قىلسا، پۈتۈن ئەلنىڭ يۈزىنى تۆكىدۇ؛ چوڭ ئەمەلدارلار ئىنساپسىز بولسا، بارچە ئەمەلدارلار ئەمەس، ئوقۇغان، بىلگەن زىيالىيلارمۇ، پۇقرامۇ ئۇنى دورايدۇ، ئىنساپسىزلىق خۇددى كەلكۈنگە ئوخشاش يامرايدۇ. ئىنساپسىز ئادەم ئاز - پاز ئوقۇغان، مەنسەپ تۇتقان، دەرىجىمۇدەرىجىلەپ يۇقىرى ياماشقان بولسا، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىنساپسىزلىقى ئوت ئاپىتىگە ئوخشاش يامرايدۇ. دېمەك، ئىنساپسىزلىق ھەقىقەتەن ئادەمنى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتكە قالدۇرىدۇ!

تاي: ئىنساپ دېگەن سۆزنى خۇشخەت بىلەن يېزىپ بېرىڭە، چىرايلىق نەقىشلەپ تامغا ئېسىپ قوياي.

موزاي: ياق، ئۆلىما گۇڭ زىجىڭنىڭ «موللا (ئوقۇغان - بىلگەن) ئادەم ئىنساپسىز، ئەل ئۈچۈن چوڭ ئار - نومۇس» دېگەن ئىبرەتلىك سۆزىنى يېزىپ بېرەي.

---

— بۇ ھېكايەت ئەسلىي شاڭخەيدە چىقىدىغان «يېڭى ئەل كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2003- يىل 11- ئۆكتەبىر ساندا ئېلان قىلىنغان. گۇاڭشىدىكى لىجياڭ نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگونىڭ 2003- يىللىق ئەڭ ياخشى فېليەتونلىرى» ناملىق توپلامغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن قىسمىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

# «ماقالىسىنى ئۆزى يازىدىغان، سومكىسىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان» بولسۇن

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر ئىدارىدە تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ قالدىم، پائالىيەتكە قاتناشقان بىر رەھبەر نۇتۇق سۆزلىدى. بار - يوقى بەش مىنۇتلۇقلا تەبرىك سۆزى ئىكەن، ئۇ رەھبەر كاتىپى يېزىپ بەرگەن نۇتۇقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ خېلى ئۇزاق دۇدۇقلاپ ئوقۇدى، ئارىلىقتا ھەتتا «مەركەز» دېگەن بىر سۆزنى «مەرەز» دەپ ئوقۇپ سالغانىدى، زال ئىچىنى نۇتۇق ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ پىچىر - پىچىر پاراڭلىرى قاپلاپ كەتتى.

رەھبەرنىڭ ئورنىدا كاتىپلىرى نۇتۇق سۆزلەيدىغان ھادىسە ئاللىقاچان ھەممە يەردە ئادەتكە ئايلىنىپ، غەلىتە تۇيۇلمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەيدا بولغان مۇنداق بىر ھادىسىمۇ، گويا يوللۇق بىر ئىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ: رەھبەرلەر قانچىكى بەگ - غوجاملاردەك قىلىق قىلسا، كاتىپلارنىڭ خورىكى شۇنچە ئۆسۈپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن كاتىپ «مۇئاۋىن باشلىق» تەك «چوڭ غوجىدار» بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ھەتتا بەزى يەردە رەھبەرلەرنىڭ كاتىپلىرىلا ئايرىم ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، شوپۇرلىرىمۇ بارغان يەرلىرىدە ھال پەيدا قىلىۋالىدىكەن.

بۇنداق ئەھۋاللارغا ئاممىنىڭ خېلى ئۇزاقتىن بۇيان تورسقى كۆپۈپ كېلىۋاتسىمۇ، ئەھۋال يەنىلا بىر تەقلىدتە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مانا مۇشۇنداق بىر چاغدا، مۇشۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ



تۇرغان شارائىتتا، غەربىي قىسمىدىكى سىچۇەن ئۆلكىسىدىكىلەر دادىل ئىسلاھات قەدىمىنى بېسىپتۇ. دادىل تاشلانغان شۇ قەدەم خۇددى باھار شەپىسىدەك ھەممە ئادەمنى يېڭى تۇيغۇغا كەلتۈردى.

شىنخۇا ئىنتېرنېتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، سىچۇەن ئۆلكىسىدىكىلەر بۇ يىل 6- ئايدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كاتىپلىرىنى باشقۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كاتىپلارنى ئاياپ ئولتۇرماستىن دادىل ئوتاپ تاشلىغان: پۈتۈن ئۆلكە بويىچە شەھەرلىك (ئوبلاستلىق) پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ بىرىنچى باشلىقلىرىغا ئېھتىياجىغا قاراپ تەشكىل تەرىپىدىن نىسپىي مۇقىم كاتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەندىن باشقا، شەھەرلىك (ئوبلاستلىق) ۋە ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا مەخسۇس كاتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلمىگەن.

تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىي ئىسلاھات نەتىجىسىدە، ھازىر پۈتۈن سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى شەھەر (ئوبلاست) ۋە ناھىيىلەرنىڭ تولىسىدا رەھبەرلەرنىڭ كاتىپلىرى باشقا ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ قىسمەن يەرلەردە رەھبەرلەر «نۇتۇق ماقالىسىنى ئۆزى يازىدىغان، سومكىسىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان» بولغان.

نۇتۇق ماقالىسىنى كاتىپ يازىدىغان، سومكىسىنى شوپۇر كۆتۈرۈۋالىدىغان كونا، مەنسەپدارلىق ئادەت - قىلىقلىرىنى مەملىكىتىمىزنىڭ پايناپ غەربىي قىسمىدىكى سىچۇەن ئۆلكىسىدىكىلەرنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئىسلاھ قىلىپ تۈگىتىشكە كىرىشكەنلىكىگە — بۇ جاسارىتىگە ئاپىرىن!

پارتىيىمىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىقتا ئادەم تەيىنلەش ئۆلچىمى ئەزەلدىن ھەم پەزىلەتلىك، ھەم قابىلىيەتلىك بولسۇن دەپ ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن. پەزىلەتلىك بولسۇن دېگىنىمىز، قىسقىچە ئېيتقاندا پارتىيىنى، دۆلەتنى سۆيىدىغان، ئۆز خىزمىتىنى قەدىرلەيدىغان، خەلققە جان كۆيدۈرىدىغان بولسۇن دېمەكتۇر. قابىلىيەتلىك بولسۇن دېگىنىمىز، خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان سەۋىيە-

سى، قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك دېمەكتۇر. ئۆزىنىڭ سۆزلەيدىغان سۆزلىرىنىمۇ يازالماي كاتىپلىرىغا يازدۇرىدىغان ھالەتتە بولسا، پەزىلىتى توغرىسىدا گەپ قىلماي تۇرايلى، قابىلىيىتىنى نېمە بىلەن ئىپادىلىسۇن؟

ئەھۋالنىڭ غەلىتىلىكى مانا بۇ يەردە: ئومۇمەن ئالغاندا، سۆز قىلماقچى، نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولغانىكەن، بىرنەچچە ئېغىز گەپ بولسىمۇ (خۇددى بۇ ماقالىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ‹تەبرىك سۆزى› بولسىمۇ) كاتىپقا يازدۇرسا، رەھبەر بولغان ئادەم ئەنە شۇ يازمىغا قاراپ ئوقۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنىلا ئادا قىلسا قانداق بولغىنى؟! مۇشۇنداق غەلىتە قىلىق كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەۋج ئالسا ئېلىنۋاتىدۇكى، ئازىيىدىغاندەك ئەمەس! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامما ئىچىدە: زادى كىمگە كىم رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ؟ ئەگەر رەھبەر رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ دەيدىغان بولساق، نېمىشقا كاتىپ نېمىنى يازسا شۇنى سۆزلەيدۇ؟ دەيدىغان گەپلەر بار.

رەھبەرلەر كاتىپلىرىنىڭ كانىيىغا ئايلىنىپ قالسا، كاتىپلىرى رەھبەر بولۇپ قالامسۇ؟!

سۆز - نۇتۇق ماقالىسى ماھىيەتتە سۆز - نۇتۇقنىڭ يازما نۇسخىسىلا ئەمەس، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر ئىدىيە، بىر نۇقتىئىنەزەر، بىر تەدبىر، خىزمەت توغرىسىدىكى بىر خىل پىكىردۇر. ئەگەر رەھبەرنىڭ سۆز - نۇتۇقلىرىنى كاتىپى ۋاكالىتەن بايان قىلسا، كاتىپى «موللاخۇن» بولۇپ قالامدۇ؟ رەھبەرنىڭ ئىززىتى يوقالامدۇ؟

بۇلار جۇڭگودىكى مەنسەپدارلىق كىبىرگە قىلىنغان تەنە، شۇنىڭدەك جۇڭگودىكى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ يارىماس قىلىقلىرىدۇر.

رەھبەرنىڭ قىلماقچى بولغان سۆزلىرىنى كاتىپىغا يازدۇرۇشى قارىماققا ھۇرۇنلۇقنىڭ، مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يۇقىرىدا سۆز - نۇتۇق ماقالىسىنى يېزىش ئۈستىدە توختالدۇق.



ئەمدى رەھبەرلەرنىڭ سومكىسىنى كاتىپقا، شوپۇرغا كۆتۈرتتۈرۈش توغرىسىدا گەپ قىلساق، بۇنداق ئەھۋال ئۇزاقتىن بۇيانقى «بەگ - غوجام» لارچە كىبىر - قىلىقلارنىڭ داۋامىدۇر ھەم يامانلىشىشىدۇر. بۇنداق ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سومكىسىنى باشقىلارغا كۆتۈرتتۈرۈش، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى باشقىلارغا ئاچقۇزۇش تۇرماق، چاپانلىرىنىمۇ باشقىلارغا كۆتۈرتتۈرىدىغان، «خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ» غان شۇنداق ئادەملەر بولمىسا مەنسىپى نامايان بولمايدىغان بولۇپ قالماقتا!

گەپنىڭ گېپى كېلىپ قالغاچقا ھۆرمەتلىك ماۋجۇشى خىيالىمىزغا كېلىدۇ، ئۇ سۆزلەيدىغان نۇتۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يازىدىكەن. كەمتەر جۇزۇڭلىمۇ خىيالىمىزغا كېلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ سومكىسىنى ھەرقاچان ئۆزى كۆتۈرۈۋالىدىكەن.

ھەتتا كاڭشىدەك فېئودالىزم دەۋرىدىكى پادىشاھمۇ ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ «ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرۇش» لىرى لازىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدىكەن. ئۇ ئوردىدىن چىقىپ باشقا يەرلەرگە بارغاندا پۇقرانىڭ تىز چۆكۈرۈپ تەزىم قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدىكەن؛ بۇتخانىلارغا بارغاندا راھىبلار بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىكەن؛ يېزىلارغا بارسا خەلق بىلەن بىللە نەغمىناۋا قىلىدىكەن، دېھقانلار بىلەن خاماندا بىللە ئولتۇرۇپ تاكى ئاي كۆتۈرۈلگۈچە ساز چېلىپ ئولتۇرىدىكەن…

گېرمانىيىدە ھەتتا كىچىك بالىلارنىڭ «كىچىكىدىن تارتىپ ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ» غانلىقى شېرىن پاراڭ بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا زادىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا قاراپ تۇرمايدىكەن، بۇرادەرلىرىنىمۇ مالال قىلمايدىكەن.

ھازىرقى كۈندىكى «ماقالىسىنى ئۆزى يازمايدۇ» غان، «سومكىسىنى ئۆزى كۆتۈرمەيدۇ» غان رەھبەرلەرنى داھىيلارنىڭ پەزىلەتلىرىگە سېلىشتۇرماي قويۇپ، بەزى قەدىمدىكى ئادەملەرگە، غەربنىڭ

بەزى بالىلىرىغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئىزا تارتىپ بېشىنى كۆتۈ-
رۈلمەي قېلىشى مۇمكىن!

پەرەز قىلىپ كۆرۈڭ، ئەنە شۇنداق «بەگ - غوجام» لارچە
رەھبەرلەر كۆمۈر خاڭلىرىغا چۈشەرمۇ؟ ئېتىزلارغا كىرەرمۇ؟ ئېگىز
تاغلارغا چىقالارمۇ؟ كەلكۈنگە قارشى پۇچقاق تۇرۇپ ئىشلىيەلەرمۇ؟

هاكىمىيەتتە خەلقنى كۆزلەشنىڭ ماھىيىتى مەنسەپدارلىق كىبى-
رىنى يوقىتىپ، ئومۇم ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشتە؛ خەلققە مېھىر -
شەپقەت قىلىشتا ۋە خەلققە نەپ يەتكۈزۈشتە، خەلققە ئاسانلىق تۇغدۇ-
رۇپ بېرىشتە؛ خەلق بىلەن بىر تەن - بىر جان بولۇپ كېتىشتە.

مەيلى رەھبەر، كاتىپ، شوپۇر، ئادەتتىكى كادىر، ئادەتتىكى
پۇقرا بولسۇن، خىزمەت ئورنىدىلا، ئىش تەقسىماتىدىلا پەرق بولى-
دۇ، ئېگىز - پەسلىك، قەدىرلىك - قەدىرسىزلىك پەرقى بولمايدۇ؛
قايسىسىغا پايپېتەك بولۇپ ئىشلەش مەسىلىسى مەۋجۇت
ئەمەس. رەھبەرلەر ئۆزىنىڭ ماقالىسىنى ئۆزى يازسا، سومكىسىنى
ئۆزى كۆتۈرسە مەنسەپدارلىق كىبىرىنى يوقاتقان، پاكلىق پەزىلىتىنى
بەرپا قىلغان بولىدۇ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ.

بۇ گەپتىن رەھبەرلەرگە كاتىپ ئورۇنلاشتۇرماسلىق كېرەك
دەيدىغان مەنە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئىش تەقسىماتى جايىدا بولۇشى
لازىم. رەھبەر بولغان ئادەم رەھبەرلىكىنى قىلسۇن، كاتىپ بولغان
ئادەم كاتىپلىقىنى قىلسۇن.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمىمىزدىكى ئىسلاھاتقا قارىغاندا، سىياسىي تۈ-
زۈلمىمىزدىكى ئىسلاھات ئاستىراق كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. مەيلى
سىچۇەندىكىلەرنىڭ بۇ نۆۋەت شەھەر (ئوبلاست) ۋە ناھىيە دەرىجىلىك
پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كاتىپلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم-
لەرنى ئىسلاھ قىلغانلىقى بولسۇن، مەيلى سىچۇەندە پارتىيە، ھۆكۈ-
مەتتىكى ئەر رەھبەرلەرگە ئايال كاتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا يول قويۇل-
مايدىغانلىقى توغرىسىدا چىقىرىلغان بەلگىلىمە بولسۇن، مېنىڭ قارى-



شىمچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دائىرىسى-
دىكى يېڭى تەدبىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق، بۇ ئىسلاھاتتىن دادىللىق،
جاسارەت كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئەھمىيىتى چوڭقۇر، بۇنى تەرغىب قى-
لىش لازىم. بۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىش كېرەك.

---

— ياۋ تەيخې ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتى-
ساد گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 11- ئاينىڭ 17- كۈندىكى «ئوبزور»
سەھىپىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# كوچا پاراڭلىرى

## «خىزمىتىڭىزگە ئورۇس چوكانلارمۇ تەييار»

(ئۈرۈمچى چيەنتاڭجياڭ كوچىسى 6- قورۇدىكى 3- بىناكارلىق گۇرۇھىدىن لۈي گۇاڭيۈەن)

تىجارەتكە يېڭى كىرىشكەن بىر مېھمانخانا ئۆتكەن شەنبە كۈنى تېلېۋىزوردا ئېلان بەرگەندە ئادەتتىكى ئېلان مەزمۇنلىرىدىن تاشقىرى يەنە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مۇنداق بىر گەپنىمۇ قىستۇرۇپ قويۇپتۇ: «خىزمىتىڭىزگە ئورۇس چوكانلارمۇ تەييار».

ھەرقانداق مېھمانخانا - مېھمانسارايلار يېڭى ئېچىلغاندا، ئۇنىڭ خوجايىنلىرى مېھمانلارنىڭ كۆپلەپ كېلىپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلماي قالمايدۇ، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. گەپ پايدىنى نېمە بىلەن تېپىشتا. مەيلى چىرايلىق سەتەڭلەر بىلەن مېھمان جەلپ قىلسۇن ياكى «قانچىلىك سېتىۋالسا شۇنچىلىك بىكارغا بېرىمىز» دەيدىغان چارە بىلەن پۇل تاپسۇن، گەپنىڭ تېگى ئىستېمالچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشقا باغلىق. ئىستېمالچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشتا ئۈچ نەرسىگە يەنى سۈپەتكە، ئىشەنچكە، مۇلازىمەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. «خىزمىتىڭىزگە ئورۇس چوكانلارمۇ تەييار» تۇرىدىغان ھادىسە بىزنى شۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەتتۇرىدۇ: سودا - سېتىق، ئالغۇ - بەرگۈ ئىشلىرىدا



توغرا يولنى تۇتۇش كېرەك، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، ھارامخورلۇق قىلماسلىق كېرەك. مۇشۇنداق بولمايدىكەن ئاخىر بىر كۈنى قارا باسىدۇ!

---

— خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2003- يىل 24- نويابىردىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# «ئەمەلدار ئاتا - ئانا ئەمەس»

ئۇرۇمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 11- ئاينىڭ 18- كۈنى شەھەر ئاھالىلىرىگە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى باھالاتتۇرۇش توغرىسىدا ئۆتكۈزگەن يىغىندا، شەھەر باشلىقى شۆھرەت زاكىرنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان.

«ئادەتتە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ‹ئاتا - ئانام› دەيدىغان گەپ بار. بۇنداق گەپنى مەن ماقۇل كۆرمەيمەن. ھۆكۈمەت خادىملىرى خەلقنىڭ چاكىرى؛ ھەق گەپنى قىلساق خەلقنىڭ ئۆزى خوجا ھەم ئاتا - ئانا.»

ئەمەلدارلارنى ئاتام - ئانام دەيدىغان سۆز بۇرۇنقى زاماندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بىرقانچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئېغىزدىن چۈشمەي كېلىۋاتسا كېرەك، ئەزەلدىن تارتىپ بۇنىڭغا لوقما سالغان ئادەم چىقمىغاندەك قىلىدۇ، ھەتتا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرى باشلانغاندىن بۇيانمۇ، بۇ سۆزنى توغرا ئەمەس دېگەن ئادەم چىققاندەك ئەمەس. مانا ئەمدى شۆھرەت زاكىر بايرىقى روشەن ھالدا: «ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئاتا - ئانا ئەمەس!» دەپ ھۆكۈم قىلدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ كاتتا ھەم چوڭقۇرلۇقى ھەرقانداق ئادەمنى ئىختىيارسىز تەسىرلەندۈرىدۇ!

ئەمەلدار بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئەزەلدىن تارتىپ نەزەرىيىۋى گەپ - سۆز ناھايىتى كۆپ.

قەدىمكى زاماندىن گەپ ئاچساق، تولىمۇ يىراققا كېتىپ قالىمىز، ئۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى. ھازىرقى زاماندىن گەپ ئاچساق، شۇنىڭغا دائىر سۆزلەر ئاز ئەمەس. يىرلداش ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق



ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ماقالىسى بار؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوغلانى» دېگەن سۆزى بار؛ يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى سۆزلىرىدە «ھاكىمىيەتتە خەلقنى كۆزلەش» دېگەن سۆزى بار؛ يولداش خۇ جىنتاۋ گەپنىڭ گۇندىسىنى قىلىپ: «خەلق مەنپەئىتىگە دائىر ئىشلارنىڭ كىچىكى بولمايدۇ» دېگەن. مەيلى شۇ «ماقالە» دە ياكى «سۆز» دە بولسۇن، ماھىيەتتە خەلقنى كۆزلەش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش تەكىتلىنىدۇ.

بىراق، ئىنسانىيەت ئالىمىدە تولا چاغلاردا شۇنداق ئەھۋال بولىدۇكى، توغرا نەزەرىيىنىڭ چوقۇم توغرا ئەمەلگە قويۇلۇشى ناتايىن، سۆز بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدا ھەرقاچان ئارىلىق قالىدۇ. بۇ مەسىلە ھازىرلا مەۋجۇت بولغان ئەمەس، ئۆتمۈشتىمۇ مەۋجۇت بولغان. لېنىن سۆز بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىر يەردىن چىقماسلىقىغا ئاللىقاچان مۇنداق تەنە قىلغان: «سۆزلەڭ دېسە ئەزىمەت بولۇۋالىدۇ، ئەمەل قىلىڭ دېسە تۈگۈلۈپ پارپا بولۇۋالىدۇ.»

مانا مۇشۇنداق ساقايماس مەرەزلەر بىرمۇنچە ئادەمگە چاپلىشىپ كەلمەكتە.

ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ماقالىسىدىن تارتىپ خۇ جىنتاۋنىڭ «خەلق مەنپەئىتىگە دائىر ئىشلارنىڭ كىچىكى بولمايدۇ» دېگىنىگىچە قارايدىغان بولساق، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ داھىيلىرى خەلققە مېھرىبان بولۇشنى، خەلققە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز؛ جاڭ سېدېدىن تارتىپ لېي فېڭ، جاۋ يۈلۇ، لۇي رىجۇغىچە نەزەر سالىدىغان بولساق، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ مەرھۇم پىداركار قەھرىمانلىرىنىڭ بىزگە خەلقنىڭ چاكىرىغا مۇناسىپ ئۆچمەس يادنامە قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز.

داھىيلىرىمىزنىڭ نەزەرىيىلىرى يېتەكلەپ تۇرغانلىقى، قەھرىمان ۋە نەمۇنىچىلىرىمىزنىڭ نەمۇنىلىرى ئۈلگە بولۇپ تۇرغانلىقى

ئۈچۈن، بىزدە پىداكار قەھرىمانلار كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى، ئىلغار باشلامچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەسلىكى تېگىشلىك ئىدى، لېكىن گەپنىڭ راستىنى قىلساق، شۇنداق ئۆچمەس «يادنامە» 1 مىليارد 300 مىليون نوپۇس ئالدىدا تولىمۇ ئاز.

«تولىمۇ ئاز» بولۇشنىڭ ئىلغارلارنى، باشلامچىلارنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە. «باش مۇقام» (بۇ سۆز ئادەتتە «ئاساسىي مېلودىيە» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ) نى ئەۋج ئالدۇرۇشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك (مەسىلەن، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چاڭجى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى ھەققىدىكى تەشۋىقات بۇ ياكى ئۇ كىنو چولپىنى، ناخشا چولپىنى ھەققىدىكى تەشۋىق - داۋراڭلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ). لېكىن، ئاساسىي مەسىلە «ئەمەلدارلىق سۈپىتى» دىن تۇغۇلماقتا.

11- ئاينىڭ 18- كۈنى ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسىنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى باھالىغانلىقىنى (مۇلاھىزە قىلىنغان ئىشلارنى) مىسال قىلساق، مەسىلە ناھايىتى ئايدىڭلىشىدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈمەت ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى، تىيانشان رايونلۇق قانۇننى مەمۇرىي ئىجرا قىلىش ئىدارىسىنىڭ شياۋشىمىن بازىرىدا جەرىمانە قويغاندا ۋە مۇسادىرە قىلغاندا ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان سانىنى تىزىملىماسلىق، ھۆججەت بەرمەسلىك، ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلماسلىق چارىلىرىنى قوللانغانلىقى؛ پەقەت بۇ يىل 7- ئايدىلا بىر كىچىككىنە يايمىچىدىن ئىككى قېتىمدا تەخمىنەن 5000 يۈەنلىكتىن ئارتۇق مالنى مۇسادىرە قىلىپ ئالغانلىقى، شۇ مالنىڭ ھازىرغىچە نەگە كەتكەنلىكىنىڭ دېرىكى يوقلۇقى؛ قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى قوپاللىق — قانۇننى مەمۇرىي ئىجرا قىلغۇچى تىيانشان رايونلۇق ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدىكى شور بۇلاق كوپا ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ تۆت نەپەر ئىجراچى خادىمى شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىكى «1- ئاۋغۇست» تىياتىر كۇلۇبىدا قانۇن ئىجرا قىلغاندا يۈەن فامىلىلىك سېتىقچىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ، كېسەلخانىدا



يېتىپ داۋالىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقى؛ شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئائىت خىزمەتلەردە ئومۇملاشتۇرۇلغان پىلان بولماسلىقى — چاڭجياڭ كوچىسى، نەنخۇ كوچىسى بۇ يىل 8- ئايدا ئەمدىلا ياسىلىپ پۈتكەن تۇرسا، بىر ئاي ئۆتمەيلا 9- ئايدا يەنە چاڭجياڭ كوچىسىدا يولنىڭ بىر كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق كېلىدىغان قىسمىدىن يەتتە يەر ئويۇپ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكى، نەنخۇ كوچىسىدا يولدىن تۆت يەر ئويۇپ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكى؛ تاشقى ئايلانما يولنى كېڭەيتىشتە سۇ تۇرۇبىلىرى، يۇندى نولىرى ۋە توك سىملىرى ئۇ يەر - بۇيەردىن ئۈزۈپ تاشلىنىپ، ئۇزاق ۋاقىتقىچە سۇ، توك توختاپ قېلىپ، شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا زور قىيىنچىلىق پەيدا قىلىنغانلىقى…

شەھەر خەلقىنىڭ باھالاش يىغىنىدا، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە ئاشكارىلانغان ئەنە شۇ مەسىلىلەردىكى تېخى ئاشكارا بولمىغان ۋە لېكىن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەنە باشقا مەسىلىلەردىكى تۈپ ماھىيەت شۇكى، مەمۇرىيەتنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيۋاتىدۇ، ئەمەلدارلار خەلقنىڭ غېمىنى يېمەيۋاتىدۇ.

«خەلق» نەزەردە تۇتقۇچىلىكى يوق دەپ قارالغانلىقى، «خەلق» ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارالغانلىقى، «خەلق» قە پىسەنت قىلىنمىغانلىقى، پۇقرانىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى، ھال - كۈنىنى سۈرۈشتۈرىدىغان، ئاممىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەمۇرىيەتنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئەمەلدارلار خەلقنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان مۇقەررەر نەتىجىلەر كېلىپ چىقماقتا. دېمەك، بىزدە «ھاكىمىيەتتە خەلقنى كۆزلەش» دەپ ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزلىرىمىز، تەبىئىي يوسۇندا قۇرۇق گەپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، شەكىلگە، ياسىما پەردازغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا گەپ شۇ يەردىكى، ئەمەلدار بىلەن خەلقنىڭ ئورنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن.

ئەمەلدار بىلەن خەلقنىڭ قايسىسى قەدىرلىك؟ قايسىسى چوڭ؟

دوكلات بېرىدىغان، خۇلاسە يازىدىغان ياكى ھۆججەت چىقىرىدىغان ئىش بولسا، ئەمەلدارلارنىڭ تولىسى گۇل كەلتۈرۈۋېتىدۇ، سۆزلىرى-

نىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق. لېكىن، بىزگە كېرىكى شۇكى، بىز سۆزگە قۇلاق سالىمىز، ئەمەلىيىتىگە قارايمىز.

نەزەرىيە ئەمەلدە كۆرۈلمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت: ئاغزىدا دەيدىغىنى بۆلەك، ئەمەلدە قىلغىنى باشقا، قىلغانلىرى يامان تۇرۇقلۇق، ياخشى دەپ خۇلاسىلەيدۇ، ياخشى دەپ مەلۇم قىلىدۇ، مانا مۇشۇنداق يارىماس قىلىقلار ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، بۇلارنى تۆت - بەش كۈن ئىچىدىلا تۈزىتىپ كەتكىلى بولمايدۇ، لېكىن تۈزەتمەي بولمايدۇ، ئالدىرىماي تۈزىتىشكىمۇ بولمايدۇ، ئېغىزدا، خىيالدا تۈزەتكەن بىكار، ئەمەلىي ھەرىكەتتە تۈزەتمىسە تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە ماۋزېدۇڭنىڭ: «ئون مىڭ يىل بەك ئۇزاق، تۇتقۇلۇق ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتۇش» دېگەن سۆزى ئەسقاتىدۇ.

ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزىنى ئاغزىدا ئەمەس، ھەرىكىتىدە «ئاتا - ئانا» دەك بىلمەي، خەلق ئاممىسىنى خوجايىن، ئاتا - ئانا دەپ بىلىدىغان بولسا، ئۆزىنى بەگ - غوجا دەپ بىلمەي، چاكار دەپ بىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى مېنىڭ ساداقەتلىك بىلەن خىزمىتىنى قىلىدىغان نىشانەم دەپ بىلىدىغان بولسا؛ ئۆزىگە ھوقۇق، پۇل، مەنپەئەت غەملەش كويىدا يۈرمەي، پارتىيىنى روناق تاپتۇرۇش، مەملىكەتنى راۋاج تاپتۇرۇش، خەلقنى سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش كويىدا بولىدىغان بولسا؛ ھەقىقەتەن شۇنداق ھەرىكەت قىلىدىغان، ئەمەلدە شۇنداق ئىشلەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز، كادىرلىرىمىز ئىسمى - جىسمىغا مۇناسىپ، ۋەزىپىسىگە لايىق بولغان بولىدۇ، ئاممىنىڭمۇ ئۇلاردىن رازى بولۇشى تەبىئىي.

شەھەر باشلىقى شۆھرەت زاكىرنىڭ «ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئاتا - ئانا ئەمەس» دېگەن يېغىلىق روھىغا باي سۆزىنىڭ مەنىسى، ماھىيىتى، مەقسىتى ئەنە شۇ يەردە بولسا كېرەك.

— ئەسلىي ياۋ نەيخې دېگەن ئىمزا بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 24- نويابىر سانىغا بېسىلغان نۇسخىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# نۇسخا

(ساتىرا)

## مۇقەددىمە

كالا شەھىرىنىڭ ئات ناھىيىسىدە يېقىندا بىر ئوت ئاپىتىدە ئادەم كۆيۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، جەمئىي يەتتە ئادەم كۆيۈپ يارىلانغان، بۇلاردىن ئۈچ ئادەمنىڭ يارىسى ئېغىر…

ئوت ھادىسىسى يۈز بەرگەندە، ئات ناھىيىسىدىكى مەلۇم بىر كارخانىنىڭ خىزمەتچىسى پىلۋاي ئوت تۇتىشىپ يارىلانغان بولسىمۇ، ئوت يېنىپ تۇرغان بىر ئاھالىنىڭ ئۆيىگە بەش قېتىم چېپىپ كىرىپ، ئۇستىۋېشىدىكى كۆيۈك يارىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىتىشىغا پەرۋا قىلماي، ئۆي ئىچىدىكى يارىدارلارنى يۈدۈپ ئوت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان. ئەنە شۇ پىلۋاي ھازىر باشقا يارىدارلار بىلەن بىللە كالا شەھىرىدىكى قېچىرۋاي دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىپ يېتىپتۇ.

مانا بۇ ئات ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى ئىت بۇرۇننىڭ نەق مەيداندىن يەتكۈزگەن خەۋىرى. شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى مايمۇنەك بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ ھامان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇشۇكۋايغا يەتكۈزۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى جىددىي مەجلىس ئېچىپ قەھرىمان پىلۋاينى يوقلاش توغرىسىدا بىر مەسلىھەتكە كېلىپ، توخۇ ئېيىنىڭ ئۆردەك كۈنى بېلىجان سائەتتە يوقلايدىغان پۇللارنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا بېرىش قارارىغا كەپتۇ. مايمۇنەك، ئىت بۇرۇن تەشۋىقات خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە يار-

دەملەشتۇرۇش ئۈچۈن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، گېزىتخانا قاتارلىق
ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشكە مەسئۇل قىلىنىپتۇ.
توخۇ ئاينىڭ ئۆردەك كۈنى بېلىجان سائەتتە مەمۇرلار، بۆلۈم
ئەزالىرى، مۇخبىرلار، شوپۇرلار، فوتو سۈرەتچىلەر دوختۇرخانىغا
قاراپ مېڭىپتۇ. ئىش شۇنداق توغرا كەپتۇكى، ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسىنىڭ، ئۆلكە مەركىزىدىكى چوڭ گېزىتلەرنىڭ ئادەملىرى-
مۇ خۇددى كارامەت قىلىپ غايىبنى كۆرگەندەكلا ھازىر بوپتۇ. يارى-
دارلار ياتقۇزۇلغان كېسەلخانىلارنىڭ مىكروبسىزلاندۇرۇش تەلىپى
قاتتىق بولغاچقا، يوقلاپ كەلگەنلەر كېسەلخانىغا كىرىشتىن بىر مە-
ھەل توسۇپ قويۇلغانىكەن، مايمۇنەك ئەپەندى جەمئىيەتتىكى تونۇش-
بىلىشلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى خېچىرۋاينى
ئاخىر ماقۇل كەلتۈرۈپ، يول ئاچتۇرۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ، كېسەل-
لەردىن ھال سوراش، مۇخبىرلار خەۋەر ئېلىش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق
تاماملىنىدۇ.

× × ×

ئەمدى ناھىيىلىك، شەھەرلىك، ئۆلكىلىك ئاخبارات ۋاستىلى-
رى بەرگەن ئەمەلىي خەۋەرلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

## نۇسخىنىڭ بىرىنچىسى

قۇياش نۇرى چاقنىماقتا، باھار شامىلى سەلكىن سوقماقتا.
بۇ — غەيرەت ۋە ھىممەتنىڭ نۇرى، قەھرىمانلىقنىڭ باھار شامىلى،
ناھىيىمىزدىكى خىزمەتچى پىلۋاي ئوتتا كۆيۈپ يارىلانغان ئاكا - ئۇكا،
ئاچا - سىڭىللىرىنى ئۆزىنى ئارقىغا تارتماي، ئارىسالدىمۇ بولماي،
خەۋپ - خەتەرگىمۇ پىسەنت قىلماي ئوت دېڭىزىغا ئۆزىنى ئاتتى...
زامانىمىزنىڭ ئىشچىلىرىغا خاس بىر ئىستىلنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي
ھەرىكىتى بىلەن نامايان قىلىپ، پىداكارلىق داستانى ياراتتى. ناھى-
يىمىزدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بورداق قوي بۇنىڭدىن



بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ناھىيىمىزدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچى-
لەرنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كالا شەھىرىدىكى خېچىر-
ۋاي دوختۇرخانىسىغا قەھرىماننى يوقلاپ باردى. كىشىلەر قاتتىق
تەسىرلىنىپ ھاياجانلانغاندا، مېھىر - شەپقەتنى ئىپادىلەشكە گەپ
كەتمەيدىكەن. قوي رەئىس ھال سوراشقا ئېلىپ بارغان 300 يۈەن
پۇلنى پىلۋايغا بەرگەندە، پىلۋاي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى...

## نۇسخىنىڭ ئىككىنچىسى

كالا شەھىرىدە قەھرىمان شەنىگە ئوقۇلۇۋاتقان مەدھىيىلەر ياڭ-
رىماقتا، خېچىرۋاي دوختۇرخانىسىنى مېھىر - شەپقەت دولقۇنى قاپ-
لىماقتا. ئات ناھىيىسىدىكى خىزمەتچى پىلۋاينىڭ خەۋپ ئىچىگە بەش
قېتىم كىرىپ، باشقىلارنى پىداكارلىق بىلەن خەۋپتىن قۇتقۇزغانلىقى
ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالغاندىن كېيىن، شەھىرىمىزدىكى ئىشچىلار
ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇشۇكۋاي دەرھال پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى-
نى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچى قېرىنداشلارغا
بولغان قەدىردانلارچە كۆڭلىنى ئېلىپ، كادىرلار ۋە ئامما بولۇپ ئالتە
ئادەمنى باشلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپ خەلقنىڭ ياخشى پەرزەنتى،
پىداكار قەھرىمان خىزمەتچى پىۋاينى يوقلىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا
پىلۋاينى قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ھال - ئەھۋاللاشتى، ئۇنىڭ جاراھى-
تىنى، داۋالىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ
خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقىغا پىسەنت قىلمىغان ئالىيجاناب
پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى. رەئىس مۇشۇكۋاي: «سىزنىڭ پىدار-
كارلىقىڭىز شەھىرىمىزدىكى خەلقنىڭ ئىپتىخارى بولۇش بىلەنلا قال-
ماي، ئىشچىلار ئۇيۇشمىمىز ئۈچۈن ھەم قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق-
تۇر. شەھىرىمىزدىكى بارلىق كادىرلارغا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە
سىزدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىمىز» دېدى. پىلۋاينى يەنىمۇ
غەيرەت قىلىپ، يېڭى تۆھپە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى. پىۋاينىڭ
يۈزى بىنت بىلەن تېڭىلغان بولۇپ، پەقەت قېلىن كالپۇكلىرىلا
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ: «تەشكىلنىڭ ۋە خەلقىمنىڭ ئارزۇلىرىنى

هەرگىز يەردە قىيمايمەن، ئاكتىپ داۋالىنىپ، پاتراق ساقىيىپ، خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ بېرىپ، شەھىرىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قورۇلۇشىغا يېڭى تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن» دېدى. رەئىس مۇشۇڭ ئەپەندى 500 يۈەن ھال سوراش پۇلىنى پىلۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندا، پىلۋاينىڭ ھاياجاندىن چىققان ياشلىرى قېلىن بىنتنى ھۆل قىلىۋەتتى…

### نۇسخىنىڭ ئۈچىنچىسى

گۈل ـ گىياھلار ياشىرىپ ئېچىلىپ تۇرغان، قۇشلار چىمەن ئىچىدە سايراپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، پاراسلىغان بىر ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن پاجىئە يۈز بەردى. ھەممە ئادەم يېڭىدىن يېتىپ كەلگەن باھاردا قايناق ھېسسىيات ۋە شېرىن خىياللار بىلەن يەڭلىرىنى شۈمايلاپ ياز تەييارلىقى بىلەن بولۇپ تۇرغاندا، كالا شەھىرىنىڭ ئات ناھىيىسىدىكى بىر ئاھالىلەر رايونىدىن ئۇشتۇمتۇت پاراسلاپ كۆتۈرۈلگەن قاتتىق ئاۋاز يەتتە ئادەمنى چۈشىدە قارا باسقاندەك قورقۇنچلۇق بىر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ئۆلكىمىزدە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن ھەممىدىن ئېغىر بىر قاباھەت بولدى. تەكشۈرۈپ كۆرۈلۈشىچە، بۇ قاباھەت ھادىسىگە سەۋەبچى بولغان ئادەم ئۆز ئۆيىدە بوجاڭزا ياسايدىغان كىچىككىنە بىر يوشۇرۇن كارخانا قۇرۇپ، پوجاڭزا ياسايدىكەن. نەپسى يوغىناپ، ئاخىر ئېچىنىشلىق پاجىئەگە سەۋەبچى بولۇپ قاپتۇ. يارىلانغانلارنىڭ ھەممىدىن كىچىكى 14 ياشتا بولۇپ، جان خەۋپى ئىچىدە يېتىپتۇ. پېقىر مۇخبىر ئالدىنقى كۈنى كالا شەھىرىدىكى قېچىرۋاي دوختۇرخانىسىدا شۇ بالاخور پىلۋاينىڭ ئۆزىنى كۆردۈم…

---

—خۇ يەن ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون ئەسلى «تەپتىش گېزىتى» نىڭ 2003 ـ يىل 12 ـ دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل فېۋرال سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



## جۇڭگولۇقلارنىڭ يېمىكىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي

«پادىشاھ پۇقرا بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، پۇقرا ئاشلىق بىلەن» دەيدىغان گەپ بار. ئەلمىساقتىن بۇيان پۇقرالار قورساققا يېمەكنى ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىش دەپ بىلىپ كېلىۋاتىدۇ. يەردىكى ئوت ـ چۆپنى كۆيدۈرۈپ ئوغۇت قىلىپ، يەرنىڭ توپىسىنى پىچاق بىلەن ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇق كۆمۈپ، كېيىن كولاپ ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدىغان زاماندىن تارتىپ تاكى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، ئومۇمەن ھەممىدىن ئاۋۋالقى ئىشىمىز قورساقنى غەملەش بولۇپ كەلمەكتە.

قانداق بولغاندا قورساققا ئوبدان يېگەن بولىدۇ؟

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، مەلۇم بىر يەردە بىر باي سودىگەر مېھمان چاقىرىپ، بىر سورۇن ئۈچۈنلا 360 مىڭ كوي چىقىم قىپتۇ. شۇ سورۇندا ئىچىلگەن ھاراقنىڭ ھەر بوتۇلكىسى 10 — 20 مىڭ كويغا، يېگەن سەيلەرنىڭ ھەر تەخسىسى 10 مىڭ كويغا، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ كويغا بېرىپتۇ. دېمەك، جۇڭگودا بۈگۈنكى كۈندىكى «ياخشى تائام» بويىچە ھەممىدىن يۇقىرى دەرىجىگە يېتىپتۇ.

چاڭسا شەھىرىدە بىر رېستوران «ئادەم سۈتىدىن تەييارلانغان تائام» نى بازارغا سالغانىكەن. ئۇنىڭ ھەشەمىتى بىرمەھەل پۇر كەتتى. يېزىلىق بىرنەچچە ئايال ئېمىشكە تەلمۈرۈپ تۇرغان بوۋاق بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ سۈتىنى سېتىپ پۇل قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ، ئىسىم ـ فامىلىسىنى، ياش قۇرامىنى، ھەتتا ئەر

ياكى ئاياللىقىنىمۇ بىلمەيدىغان زىياپەت ئەھلىگە «سۈتنى سېغىپ بەرگۈچىلەر» بولۇپ بېرىپتۇ. دېمەك، «ئادەم سۈتى» شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى جۇڭگو بويىچە «مەززىلىك تائام» لار قاتارىغا كىرىپ قاپتۇ.

ئىلگىرىكى چاغلاردا «مايمۇننىڭ مېڭىسى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇنى پىششىق تائام بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن. كېيىن بىلسەم قەپەسكە سولاپ، بويىنىدىن قىسىپ، پەقەت بېشىلا (چوققىسىلا) چىقىرىپ قويۇلغان مايمۇن ئىكەن. يەيدىغانلار مايمۇننىڭ بېشىنىڭ تۈكلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، چوققىسىنى چوقۇپ، مېڭىسىنى قوشۇق بىلەن ئېلىپ يەيدىكەن.

يەنە مەلۇم بىر يەردە بىر رېستوران ئالدىدا بىر چىپار بۇغا باغلاقلىق تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى ئۇتتۇرلۇق سېتىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ بۇغا قاقشالدەك ئورۇق ئىكەن.

يېقىندا گېزىتتىن ئوقۇشۇمچە، گۇاڭجۇلۇقلار مۈشۈك گۆشىنى يەيدىكەن. ئۇلار مۈشۈكنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويىدىكەن، مۈشۈكنىڭ تاكى جېنى چىققۇچە چىرقىرىشىغا ئادەم چىداپ تۇرالمايدىكەن.

مانا بۇلار «خاتىرجەم يېمەك» نىڭ يېڭى ئەندىزىسى بولسا كېرەك.

باياشات - پاراۋان زاماندا يېمەكلىكنىڭ ئۆزى قورساقنى تويدۇرىدىغان نەرسە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى راھەت - ئىشرەتكە، مەدەنىيەتكە ئايلانماقتا. بەزىلەر: «ئامېرىكىلىقنىڭ ئاشىيانلىرى، فرانسۇزلارنىڭ ئەتىرلىرى، جۇڭگولۇقلارنىڭ قورۇمىلىرى...» دەيدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوزۇق - تائاملىرىنى «ياغ بىلەن داغلاش، قورۇش، قاينىتىش، كۆمتۈرۈش، دۇملەش، قاقلاش، ھورداش، مىلەش، ئوتتا داغلاش، ئاۋۋال ياغدا قورۇپ ئاندىن خۇرۇچ بىلەن سۇدا قاينىتىش، ئۆرۈپ - چۆرۈپ داغلاش» دېگەندەك يۇقىرى ماھارەتلەر بىلەن پىشۇرۇش ھۈنەرلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ھازىر بۇ ھۈنەرلەر تېخىمۇ يېڭىلىنىپ چېكىگە يېتىپ بارماقتا.

مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ مەدەنىيەت دېمەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ماددىي ۋە



مەنىۋى بايلىقلارنىڭ جەمئىيىسىدۇر. رەڭگارەڭ «چالا - چۈشتى ھۈنەر» لەرنى «مەدەنىيەت» دېگىلى بولمايدۇ. جۇڭگو تارىخىدىكى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ھاراق - شاراب گويا كۆل سۈيىدەك كۆپ، گۆش - ياغ گويا ئورمان كۆتەكلىرىدەك بۈك» يەنى كۆپ بولغان ئىكەن؛ تاڭ دەۋرىدە بولسا «ھەشەمەتلىك ئۆيلەردە گۆش - ياغ ئېشىپ - تېشىپ سېسىپ تۇرسا، كوچىلاردا ئاچ - يالىڭاچلىقتىن ئۆلگەنلەر تاشلىنىپ ياتقان» ئىكەن؛ ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ «ھۆكۈمەتنىڭ بىر قېتىملىق زىياپىتى پۇقرانىڭ بىر يىللىق ئوزۇقى» دەيدىغان گەپلەر بار. بىر زىياپەت سورۇنىنىڭ 360 مىڭ كويغا توختىغانلىقى بۈگۈنكى جۇڭگودا كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان ھەقىقىي سېلىشتۇرمىدۇر؛ «ئادەم سۈتى تائامى» كەمبەغەل بىلەن باينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئىپادىلەش بىلەنلا قالماستىن، ئىنسانلىق بىلەن ئىنساپنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. خىلمۇخىل رەھىمسىز يېيىش ئۇسۇلىدىن رەھىمدىللىكنىڭ قىلچە ئالامىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئۇسۇللاردىن مەدەنىيەتنىڭ پۇرىقىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ۋادەرىخا! ئىنسان بالىسى ئەسلىدە خۇش تەبىئەتلىك يارالغانغۇ!

مېنىڭچە، بىز جۇڭگولۇقلار يېمەك مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا تىلىپىنى تاشلاپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىدىغان توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن تايماي، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىمىزنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

---

— ياڭ جىباڭ ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 3- نويابىردىكى نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# ئاتۇشلۇقلارنىڭ سودا - تىجارەتتىكى داڭقىنى ۋايىغا يەتكۈزەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پائالىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى بولتۇر 10- ئاينىڭ 22- كۈنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا بارغانىدى، شۇ ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق قاراشقا كەلدىمكى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا زور بىر بايلىق ئەۋزەللىكى بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ ئاتۇشلۇقلارنىڭ سودا ئېڭى ئىكەن. بۇ ئەۋزەللىك ئاتۇشلۇقلارنىڭ بايلىق خەزىنىسىدۇر، شۇنداقلا ئاتۇشلۇقلارنىڭ داڭقىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ داڭقى شىنجاڭ بويىچە، جۇڭگو بويىچە ۋە دۇنيا بويىچىمۇ مەشھۇردۇر. كىشىلەر ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنى «جۇڭگو يەھۇدىيلىرى» دەپ تەرىپلەيدىكەن، مەن شۇنداق ئويلايمەن، قىزىلسۇ ئوبلاستى مانا مۇشۇ داڭقىنى چاڭ كەلتۈرۈشى، بۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىقى لازىم.

ئاتۇشلۇقلارنىڭ سودىغا ماھىر بولۇش تارىخى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىپەك يولى مەزگىلىدىن باشلانغانىكەن. ئاتۇش يىپەك يولى بېسىپ ئۆتىدىغان يەر بولۇپ، شەرق ۋە غەربنىڭ سودىگەرلىرى مانا مۇشۇ يەرگە توپلىنىدىكەن، مۇشۇ يەردىن تارقىلىدىكەن، مۇشۇ يەردە ئارام ئالىدىكەن ۋە مۇشۇ يەردە ئالغۇ - بەرگۈ قىلىشىدىكەن، شۇڭا بۇ يەر تاۋار سودا ماللىرى تەبىئىي يوسۇندا توپلىنىدىغان، تارقىلىدىغان چوڭ سودا - تىجارەت شەھىرىگە ئايلىنىپ، سودا - تىجارەتكە پىشقان ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنى يېتىشتۈرگەنىكەن. ئۆز



ۋاقتىدا سودىگەرلەر بۇ يەردىن قاشتېشى، مارجان، زۇمرەت، پىل چىشى، ئەنبەر دېگەندەك تاۋارلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىپ، ئۇ يەرلەردىن گەزمال، تاۋار - دۇردۇن، چاي، قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق تاۋارلارنى ئېلىپ كېلىپ، شۇلاردىن پايدا تاپىدىكەن. مويچىلىق، تېرىچىلىك، بابكارچىلىق، مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك دېگەندەك ئائىلىۋى كارخانىلار تاكى ھازىرغىچە ئاۋام ئارىسىدا بار ئىكەن.

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بىر قىسىم ئادەملەر ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بېرىپ تىجارەت قىلىدىغان، ھەتتا بەزىلەر غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بېرىپ تىجارەت قىلىدىغان بولدى. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تىجارەت قىلىۋاتقان ئاتۇشلۇق سودىگەر 5000 دىن ئاشىدىكەن، ئۇلار ئاساسەن گەزمال، ئاياغ ۋە باش كىيىملىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، پولات ماتېرىياللىرى قاتارلىق تاۋارلارنىڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەكتىكى ئۈچ چوڭ بازارنىڭ ئىككىسى ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ تىجارىتى بىلەن يۈرۈشىدىكەن.

ئۇزاق زاماندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخ ۋە ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئاتۇشلۇقلارنىڭ سودا ئېڭىغا ئىلھام بېرىپ، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يېتىشتۈرمەكتە. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ شىنخۇەينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئاتۇشتا 100 مىليون يۈەنلىك مال - مۈلكى بار سودا - تىجارەتچىدىن بىرقانچىسى، 10 مىليون يۈەنلىكتىن ئارتۇق مال - مۈلكى بار سودا - تىجارەتچىدىن نەچچە ئون ئائىلىلىك بار ئىكەن.

لېكىن، ۋېنجۇلۇق سودىگەرلەرگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر سودىگەر قاتارىغا ئۆتەلمەيدۇ.

ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ چوڭ - چوڭ تىجارەتلەرگە تۇتۇش قىلماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئاساسەن ئاڭدا ئارقىدا قالغان، ئۇلاردا بۆسۈپ ماڭىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان ئاڭ كەم، ئۇلاردا مەھسۇلاتنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، ئىگىلىكنى سانائەتلەشتۈر-

دىغان، داڭلىق ماركا يارىتىدىغان خىيال كەم، ئۇلار چاغلىق باي بولۇش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاتۇشتا بازارغا كىرىۋاتقان تېرىنىڭ %80 ى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن، بەزى سودىگەرلەر تېرىنى ۋېنجوغا توشۇيدىكەن، ۋېنجو مەملىكىتىمىز بويىچە تېرە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئاساسىي بازا بولغاچقا، تېرىنىڭ %80 ى شىنجاڭدىن ۋە باشقا جايلاردىن بارىدىكەن، ئۇ يەردە پىششىقلانغان تېرە (خۇرۇم - كۆن) دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىگە چىقىرىلىدىكەن.

باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ قالاق بولۇشى، ئائىلىۋى كارخانا خۇسۇسىيىتىنىڭ قويۇقلۇقى، بىلىم ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، بازار توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى — مانا بۇلار ئاتۇشنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چۇشەپ تۇرۇۋاتقان ئامىللاردۇر.

ۋېنجولۇق سودىگەرلەر تىجارىتىنى بارا-بارا چوڭايتىپ، ئىپتىدائىي كاپىتال جۇغلاش باسقۇچىنى تاماملىغاندىن كېيىن چوڭ كارخانا تەرىپىگە، كۆلەملەشتۈرۈش تەرىپىگە، داڭلىق (داڭلىق ماركىسى بار) مەھسۇلات چىقىرىش تەرىپىگە قاراپ راۋاجلاندۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر بولسا چوڭراق ئىشقا تۇتۇش قىلىشتا خەۋپ-خەتەر چىقارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، تىجارەت قىلىش قولىمىزدىن كېلىدۇ، لېكىن زىيىنىنى كۆتۈرۈشكە قۇربىمىز يەتمەيدۇ دەپ قارايدىكەن.

مېنىڭچە، يېڭىلىق يارىتىپ راۋاج تېپىشتا، ئاتۇشلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارەت ئويىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشى ۋە يېڭى چۈشەنچىلەرگە كېلىشى لازىم. چېگرا پورتى بولۇشتەك ئەۋزەللىكلىرىدىن، تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكلىرىدىن، تېرە جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، داڭلىق مەھسۇلات تەييارلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا بازارلىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشى كېرەك، بىر تۈركۈم سەرخىل كارخانىغا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەرخىل كارخانىلىرىغا مەدەت بېرىشى كېرەك.

ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ سودا - تىجارەت ئويلىرىنى تەتقىق



قىلىش جەمئىيىتى قۇرۇپ، ئۇزۇپ چىققان كارخانىچىلارنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىش، ۋېنجو شەھىرى بىلەن ھەمكارلىق رايونى قۇرۇپ، بىرلىكتە تەرەققىيات پىلانى تۈزۈش لازىم.

ئاتۇشنىڭ چەت ئەللەردىكى سودىگەرلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغان سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ، داڭلىق مەھسۇلات يارىتىپ، ئۇلارنىڭ چوڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم.

---

— لى شاڭدېيەن ئىمزالىق بۇ ماقالە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 20- دېكابىر سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

# «ئوقۇش ھەققى» ھېسابىغا سېتىۋەتكەن ۋىجداننى نىجات تاپتۇرايلى

چېڭدۇ شەھىرىدە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ماگىستىرلىقتا ئوقۇش نىيىتىگە كېلىپ، ئىنتېرنېت ئارقىلىق «ماگىستىرلىقنى ئوقۇپ تۈگىتىشىمگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولىدىغان باي ئايال چىقسا شۇنى ئۆز ئەمرىمگە ئالىمەن ۋە ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلماسلىققا ۋەدە قىلىپ تىل خەت بېرىمەن» دەپ «ئىشارەت» قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ «قەددى - قامىتىم كېلىشكەن، غەيرەت- جاسارىتىم بار، باشقا ئالاھىدە ماھارىتىممۇ بار» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى «بازار» غا ساپتۇ.

ئىلگىرى بىر ئوقۇغۇچى قىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئادەم چىقسا (مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن)، شۇنى «ئەر قىلىپ تەگمەكچى» بولغانلىقى توغرىسىدا «شېرىن پاراڭ» تارقالغانىدى. مانا ئەمدى بىر ئەركەك ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپتۇ. ئادەملەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىشى توغرا ئىش، ئۇنىڭدا چاتاق يوق. لېكىن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىززەت - نەپسى بار ئادەملەردىن بولۇش لازىم، ئۇنداق بولمىسا ماگىستىرلىقنى ئوقۇپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟ پۇل دېگەن نەرسە تىرىكلىك ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم، لېكىن ياشاش ئۈچۈن ھېچقانداق خەۋپ - خەتەر بولمىغان شارائىتتا، نەپسىنى تويدۇرىمەن دەپ بەتنىيەتلىك قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

ئارزۇ - ئارمانغا يېتىپ، بەختلىك ياشاش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ



كۆرەش قىلىش، ھارماي - تالماي تىرىشىش شەرت. بۇ جەھەتتە ھېچقانداق تەييار يول يوق، ھارامزادىلىك قىلىش قىلچە مۇمكىن ئەمەس. بايلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ، شۇلارنىڭ سايىسىدا مۇرادىنى ھاسىل قىلىش كويىدا بولىدىغانلارنىڭ خۇددى سېۋەتكە سۇ ئۇسۇغاندەك، ئاخىر ھەممە ئىشى بەربات بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە كەمبەغەل - يوقسۇل بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىنى تاماملاش يوللىرى يوقمۇ ئەمەس. ياخشى ئوقۇغانلارغا مەكتەپتىن بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇل بار، ئوقۇشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن بانكىدىن بېرىلىدىغان قەرز پۇل بار، بەزى شىجائەتلىك بالىلار ئوقۇشىنى ئىشلەپ يۈرۈپمۇ تاماملايدۇ. ئۇلار بۇ يوللاردىمۇ توسۇلۇپ قالسا، ئۆزىنى «سېتىش» خىيالىغا كەلمەيدىكىنا؟

بۇ يەردە شۇنىسى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، چېڭدۇلۇق ۋاڭ جۇن ئىسىملىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنى «سېتىش» نىدىكى ھەقىقىي مۇددىئاسى ئوقۇش ئەمەس، ئوقۇيمەن دېگىنى قىلتاق. ئۇنىڭ كۆزلەيدىغىنى «پۇلى» بار، «سەتەڭ» چوكان! ئۇنىڭ قىلتاقتىن تاپىدىغىنى بەتنىيەتلىك تۇرمۇش! بۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ «غەيرەت - جاسارىتى، ئالاھىدە ماھارىتى» بار دېگىلى بولسۇن؟!

«كۆڭۈل قارىلىقتىن ئارتۇق قارىلىق بولماس!» ۋاڭ جۇننىڭ ئەھۋالىدىن شۇنداق بىر ھادىسىنى كۆرىمىزكى، يېزىدىن چىققان ئەسلىدىن زەكى - زېرەك بالىلار كەمبەغەللىك دەردىدە تېخىمۇ چوڭ دەردلەرنى تارتىشقا مەجبۇر، يەنى ئۇلار شۇنى بىلىپ قالىدۇ: زامانىۋى شەھەر مەدەنىيىتى دەيدىغان مەدەنىيەت بەزى ھاللاردا بايلار مەدەنىيىتى ئىكەن، ئۇ بالىلار بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز؛ ئۇلار بىر قايغۇنى ئاران تەسلىكتە يەڭسە، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يەنە بىر قايغۇ ئۇلارنى چىرمىۋالىدۇ.

---

— ۋاڭ ياڭ ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 26- دېكابىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» دېگەن سۆز قۇلىقىمغا ياقمايدۇ

بىر مەزگىلدىن بۇيان بەزى ئادەملىرىمىز «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» دەيدىغان سۆزنى يەنى «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» توغرا كەلگەن دارامەت مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» قولىغا تەگكىنى مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» قىلىنغان سەرپىيات مانچە، ۋەھاكازالار دەيدىغان سۆزنى كۆپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەگەر پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» توغرا كەلگەن دارامەت مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» قولىغا تەگكىنى مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» سەرپىيات مانچە دېيىلىدىغان بولسا، كىشىلەر بۇ گەپلەردىن ناھايىتى روھلىناتتى، چۈنكى ئۇ چاغدا ھەربىر ئادەمنىڭ دارامىتى بىر - بىرىنىڭكىدىن ناھايىتى كۆپ پەرق قىلمايتتى. لېكىن، %80 بايلىق %20 ئادەمنىڭ چاڭگىلىدا تۇرغان، %80 ئادەم ئاران %20 بايلىققا ئىگە بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، يەنە «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» توغرا كەلگەن دارامەت مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» قولىغا تەگكىنى مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» قىلىنغان سەرپىيات مانچە دېيىلىۋېرىدىغان بولسا، بۇ سۆزلەرنىڭ قورساقنى كۆپتۈرمەكتىن باشقا نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان تەپسىلاتلارغا قارىغاندا، جۇڭگودا پۇتبول تېپىش ھەرىكىتى بازارلاشتۇرۇلغاندىن بۇيان، توپ ئاندا - ساندا تېپىلىسىمۇ، توپ تەپكۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۇلۇبلىرى بېيىپ قولىمۇ ماي، قونجىمۇ ماي بولۇپ قالدى، ھەتتا چەت ئەللىك دوكار بايلارمۇ بىزنىڭ توپچىلىرىمىزنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان بولدى. بەزى ھوقۇقدار دوكارلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دەيدىغان سۆزلەر قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ھەميانلىرى بولسا پۇلغا تىقىلىپ كەتتى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بىرەر باشلىقىنىڭ يىلىغا نەچچە 100 مىڭ ھەتتا مىليون يۈەنلەپ مائاش ئېلىشى ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس… لېكىن، ئەنە شۇ يېڭى چىققان كاتتا ئادەملەر — دوكار بايلارنىڭ ئارقىسىغا نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئىچكى جەھەتتىن ئىشتىن چېكىندۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تولىسى يىلىغا 4 — 5 مىڭ يۈەن ئالالىسا چوڭ گەپ. شەھەرلەرگە كىرىپ مەدىكارلىق قىلغان يۈز مىليونلىغان دېھقاننىڭ گېپىنى قىلمايلى، ئۇلار ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا جاپا چېكىپ ئىشلەپ، يىلدا بىر كېلىدىغان چاغانغا مىڭ تەسلىكتە ئۇلاشقاندا، قان - تەر بەدىلىگە كېلىدىغان پۇللىرىنىمۇ ئالالماي قالىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا يەنە شۇ سۆزلەر يەنى «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» كەلگەن دارامەت مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» قولىغا تەگكىنى مانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» سەرپىيات مانچە دېگەن سۆزلەر قىلىنىۋەرسە، شۇنداق سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەملەر زادى نېمە دېمەكچى؟ ئەجەبا ئۇلار «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» دېسىلا راستىنلا ھەممە ئادەم نېسىۋىلىك بولۇپ قالامدىكەن؟

شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان بىر خەۋەرگە قارىغاندا، ئەنخۇي ئۆلكىسىدە يىللىق ساپ دارامىتى كىشى بېشىغا 625 يۈەنگە يەتمەيدىغان مۇتلەق كەمبەغەل ئادەملەر بىلەن يىللىق ساپ دارامىتى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 865 يۈەنگە يەتمەيدىغان ئاز دارامەتلىك ئادەملەرنىڭ سانى جەمئىي 3 مىليون 750 مىڭ ئىكەن. پۈتۈن مەملىكەت

بويىچە ئالغاندا مۇشۇنداق ئەھۋال يەنە قانچىلىكتۇر؟ بۇنداق ئەھۋال پەقەت ئەنخۇي ئۆلكىسىدىلا ئەمەستۇر؟

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «شەرق ئوغلانلىرى» دېگەن پروگراممىسىدىن كۆرۈشىمچە، سەنشى ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى تيەن چېڭپىڭ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغىنىدا: «دۆلىتىمىزنىڭ 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىدىكى رايونلارنىڭ تولىسى تەرەققىي تاپمىغان؛ 1 مىليارد 300 مىليون ئاھالىنىڭ تولىسى باياشات ئەمەس، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئەنە شۇنداق» دەيدۇ. تيەن شۇجىنىڭ مانا مۇشۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، راست گەپ قىلدى دەپ ئويلىدىم.

ستاتىستىكىلىق رەقەملەرگە قىزىقىدىغان بولسىڭىز، گەپنىڭ راستىنى قىلىپ، ھەر خىل دوكار بايلارنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا قانچە دارامەت ئالىدىغانلىقىنى، قانچىلىك ئىگىلەپ ئالىدىغانلىقىنى، قانچىلىك ئامانەت قويىدىغانلىقىنى، قانچىلىك سەرپ قىلىدىغانلىقىنى تېزىپ كۆرسىتىپ بېقىڭ؛ ھەر تۈرلۈك ئاجىز بىچارىلەرنىڭ «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» كەلگەن دارامىتى قانچە، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» بانكىغا قويغىنى قانچە، «كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا» قىلغان سەرپىياتى قانچە؟ ئۇلار ئومۇمىي ئاھالە نوپۇسىنىڭ ئىچىدە قانچىلىك نىسبەتنى تەشكىل قىلىدۇ؟ ئېنىق كۆرسىتىڭ، بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ يەنە ئوبدان تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ؛ مۇشۇنداق ئېغىر دەرىجىدە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا زادى نېمە زامىن بولۇۋاتىدۇ، ۋەھاكازا. مانا مۇشۇلارنى ئوبدان ستاتىستىكىلاپ تەھلىل قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ چارە - تەدبىر كۆرۈشى ئۈچۈن بىزەر ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن بولسىڭىز ئوبدان ئىش قىلغان بولاتتىڭىز، بۇمۇ سىلەرنىڭ ناھايىتى چوڭ خاسىيەتلىك ئىشىڭلار بولۇپ قالاتتى. بۇنىڭغا قانداق دەيسىلەر؟

---

— شۇ بىن ئەيزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 12- ئاينىڭ 23- كۈندىكى ساندىن تەرجىمە قىلىندى.



# چالا قالغان «ۋاقىپلىق ھوقۇقى» دەرسىنىڭ قازاسىنى ئوقۇۋالايلى

ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى ھازىرقى زامان مەدەنىي دۆلەتلەردە ھېچقانداق بىر مەسىلە ئەمەس. بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە بولسا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان «جامائەتنىڭ ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى» دېيىدىغان گەپلەر بارا - بارا گېزىت - ژۇرناللاردا ۋە باشقا ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولدى. بىلىملىك زاتلار ئاقارتىش ماقالىلىرىنى يېزىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەل - جامائەت ئىچىدە «ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقى» توغرىسىدا تەلەپ ۋە سادا پەيدا بولۇپ، ئەل - جامائەت بۇنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتمەكتە. شەكسىزكى، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىر يۈكسىلىشتۇر.

ئەسلىدە بۇنداق ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىرمۇنچە ئەمەلدارلىرىمىز ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان (فېئوداللىق ئاڭ تىندۇرمىلىرى)، باشقىلاردىن قوبۇل قىلىۋالغان («غوجا ئاكىمىز» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەبىتلىك ئىدىيىسى) ۋە ئۆز مېڭىمىزدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىدىيىلەرنىڭ — «پۇقرانى ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بېرىپ ئىشلەت ۋە لېكىن بىلدۈرمە «مۆتىۋەرلەرگە ئاقىل بولىدۇ، پېقىرلار نادان بولىدۇ»، «مۆتىۋەرلەر يول كۆرسىتىدۇ، دورغىلار ئىشقا سالىدۇ»،

«چۈشەنگەننىمۇ ئىجرا قىلىش كېرەك، چۈشەنمىگەننىمۇ ئىجرا قىلىش كېرەك» ، «تىزگىننى رەھبەرلەر تۇتىدۇ، ئىچكى سىر مەخپىي بولىدۇ» ۋەھاكازا دېگەندەك ئىدىيىلەرنىڭ كاساپىتى بىلەن، ئەل-جامائەتنىڭ «ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى» غا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا سەل قارىلىپ كەلدى. پەقەت كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئەھۋاللارنىلا مىسال قىلاي: پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ئورگانلىرىدا ئادەتتىكى كادىرلار بۇياقتا تۇرسۇن، دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى بەزى رەھبىرىي كادىرلارمۇ «ئەل - جامائەتنىڭ ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ياكى بىلسىمۇ چالا بىلىدۇ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا كەمىنە قەلەم ئىگىسى ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ سىياسىي تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىدا ئىشلەيتتىم. بىر كۈنى ناھىيە رەھبىرىنىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن ئېچىلغان «گەپنى بىر ئېغىزدىن چىقىدىغان قىلىش، مەسىلىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىش» مەجلىسىگە يەنى ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ ناھىيىلىك خىمىيىۋى ئوغۇت شىركىتىنىڭ ناچار خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئېلىپ ساتقان قىلمىشلىرىنى پاش قىلغانلىقىنى يېپىۋېتىش توغرىسىدا ئېچىلغان مەجلىسكە قاتنىشىپ قالدىم. مەجلىستە: بىرىنچى، شۇ كۈنكى گېزىتنى يىغىۋېلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، ماقالە يېزىپ، ناھىيىلىك خىمىيىۋى ئوغۇت شىركىتىنى ئاپىرىن ئېيتىپ مەدھىيىلەش كېرەك؛ ئۈچىنچى، گېزىتخانىغا نارازىلىق بايان قىلىش كېرەك دېگەن گەپلەر ئوتتۇرىغا چۈشكەن. يەنە بىر مىسال: ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيتتىم. ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ بىر مۇخبىرىنىڭ «مەكتەپ بىناسىنىڭ پاخپاق قۇرۇلغانلىقىنىڭ سىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى باسۇرۇپ قويۇشىغا باشتىن - ئاياغ ئارىلىشىپ قالدىم. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ماقالىنى باسۇرۇپ قويغانلىقىغا قاتتىق نارازى بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمەلدارلار ئىچىدە شۇ ئىشنى قىلغىنىمىز مۇۋاپىق بولماپتۇ دەيدىغان ئادەم بولمىدى، بۇ ئىش ئەل - جامائەتنىڭ «ۋاقىپ



بولۇش ھوقۇقى» غا تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە ئىكەن دەيدىغان ئادەم تېخىمۇ چىقمىدى. كېيىنكى چاغلاردا ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئورگانلار بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «خىزمەت نەتىجىسى» نى كۆزلەپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى ئايىماي خەجلەپ، مۇخبىرلارنى، گېزىت سەھىپىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ھەدەپ «پۇۋ» لەپ ئۇچۇرۇپ، جامائەتنىڭ قۇلىقىغا ھە دەپ قويۇپ، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن «ۋاقىپ» لاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆزى كۆرۈپ، قۇلىقى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، ھەقىقەتنى تۇرلۇك چارە - تەدبىرلەر بىلەن يېپىپ، خەۋەرلەرنى توسۇپ يۇرمەكتە. قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، مۇخبىرلاردىن ۋە داد ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئاممىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنى ئالدايدىغان ئىشلار يەنى ئەل - جامائەتنىڭ ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقىنى نەزەردە تۇتمايدىغان ئىشلار خېلى كۆپ.

دېمەك، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن مەلۇمكى، جەمئىيەتتە «ئەل - جامائەتنىڭ ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى» نىڭ بولماسلىقى ئاساسەن ئەمەلدارلارنىڭ «ئەل - جامائەتنىڭ ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى» غا ئېتىبار قىلماسلىقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، يىلتىزىنى سۇبيېكتىپ تەرەپتىنمۇ، ئوبيېكتىپ تەرەپتىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

سۇبيېكتىپ تەرەپتە: بىرى، بىلمەسلىك. ئەمەلدارلارنىڭ بەزىسى كىتاب - گېزىت ئوقۇمايدۇ، ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن رەھبەرلەرنىڭ كەينىدە سوكۇلداپلا يۇرىدۇ، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ماجياڭ ئوينايدىغان تاۋكادىن نېرى كەتمەيدۇ. «ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى» دېگەن نېمە؟ باشلىقلىرىمىزمۇ ئۇنداق گەپنى قىلىپ باقمىغان، مېنىڭمۇ ئۇنى بىلگىم يوق. خىزمەتداشلىرىمىزنىڭ تولىسى شۇنداق دەيدۇ. يەنە بىرى، كۆزقاراش كونىراپ، توپا بېسىپ قالغان.

«ئەل - جامائەتنىڭ ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى» ۋە «دېموكراتىيە، ئىنسانلىق ھوقۇقى» غەرب بۇرژۇئازىيىسىگە مەنسۇپ بىرنەرسىمىش، بىز بولساق سوتسىيالىزمچى، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئېسىل ئەنئەنىمىز بار، شۇنىڭ ئۈچۈن «ھەممىدە غەربلىشىش» بىلەن خۇشىمىز

يوقمىش. ئۈچىنچىسى، تەپەككۇر قېتىپ قالغان. «مۆتىۋەرلەر يول كۆرسىتىدۇ، دورغىلار ئىشقا سالىدۇ» مىش. ھەر ئىشنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك تەرتىپى، ئىچكى - تاشقى پەرقى بارمىش، ئامما ھەممە ئىشتىن ۋاقىپ بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا رەھبەرلىكنىڭ نېمە كېرىكى بارمىش؟! يۇقىرا ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ قالسا، قولغا قول، پۇتقا پۇت بولۇپ جانغا ئەسقېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە چاتاق تېپىپ بېرىپ، تىنچ - ئامان چوڭ ۋەزىيەتكە تەسىر يەتكۈزەرمىش.

ئوبيېكتىپ جەھەتتە: تۈزۈم بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەل - جامائەتنى ۋاقىپ قىلىدىغان خەۋەر - ئۇچۇرلارنى تىزگىنلەش جەھەتتە ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇپ قالغان. مەيلى «ھۆكۈمەت مەنپەئەتى» نى ياكى خۇسۇسىي مەنپەئەتنى كۆزلەسۇن، ئەمەلدارلار ئەل - جامائەت خەۋەر- ئۇچۇرلىرىنى بەند قىلىپ قويۇش ياكى باشقىچە ئۆزگەرتىپ ئاڭلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسىي تۈزۈم ئىسلاھاتى، جۈملىدىن خەۋەر- ئۇچۇرلارنى ئاڭلىتىش تۈزۈملىرىنىڭ ئىسلاھاتى تېزلەشتۈرۈلسە، ئەمەلدارلارنىڭ ئەل - جامائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەۋەر- ئۇچۇرلارنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى بىھۇدە ئىشلىتىشنى تۈگىتىشتە شەك يوق. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا «ۋاقىپلىق ھوقۇقى» جەھەتتە قايتا تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇننى، پارتىيە نىزامنامىسىنى ۋە جۇڭگو قاتناشقان خەلقئارا ئەھدىنامىلەرنى ئاساسىي دەرسلىك قىلىپ، مۇتەخەسسىسلەرنى، پروفېسسور ۋە ئالىملارنى، شۇ قاتاردا جىگەرلىك، نەزەرلىك ئەمەلدارلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا زامانىۋى مەدەنىيەت، زامانىۋى دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈملەردىن تەلىم بېرىش لازىم. مانا بۇ بىزنىڭ سىياسىي مەدەنىيەتكە قاراپ تاشلىغان مۇھىم بىر قەدىمىمىز بولۇپ قالىدۇ.

---

— گې ۋېن ئىنزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2003- يىل 28- ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# پارتىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى نازارەت قىلىنىدىغان بولدى

خەلق ئىنتېرنېت تورى 1- ئاينىڭ 11- كۈنى مۇنداق بىر مۇھىم ئۇچۇرنى تارقاتتى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغىنىدىن بۇيانقى تۇنجى ئىچكى نازارەت نىزامنامىسىنى ئېلان قىلىدىغان بولۇۋاتىدۇ.»

بۇنىڭدا مەملىكەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا دىققەتنى تارتىدىغان ئۇچۇر شۇكى، بۇ نىزامنامىدە قەيت قىلىنغان 10 نازارەت ئوبيېكتى ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرىمۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

بۇ يەردىكى «باشلىق» دېگەن سۆز «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ باش مەسئۇلى» ياكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلدە ئىشلەيدىغان تارماقلىرىدىكى بىرىنچى باشلىقلار» دېمەكتۇر (ئادەتتە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرىمۇ شۇ قاتارغا كىرىدۇ).

شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، بۇ نىزامنامىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىدىكى مۇساپە نامايەندىسىدۇر، بۇنىڭ بۆلەكچىلا ئەھمىيىتى بار.

بۆلەكچىلا ئەھمىيىتى بار دېيىشىمىزنىڭ بىرىنچى مەنىسى شۇ-

كى، ئۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلققە مۇنداق بىر مۇھىم پوزىتسىيە بىلدۈرۈلگەن: «چاشقان» نىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز، «يولۋاس» نىڭ ئەدىپىنى تېخىمۇ بېرىمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى «چاشقاننىڭلا ئەدىپىنى بېرىپ، يولۋاس بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ» دەيدىغان گەپ پۇقرانىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيتتى. ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ بىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە كىچىك ئەمەلدار (چاشقان) لارنىلا تۇتۇپ، چوڭ ئەمەلدار (يولۋاس) لارنى تۇتمايۋاتقانلىقىمىزغا قارىتىلغان تەنقىد.

پۇقرانىڭ نارازى بولۇشى يوللۇق، چۈنكى ئۇلار كۆرۈپ تۇرىدىغان، ھېس قىلىپ تۇرغان چىرىكلىك ھادىسىلىرى باشتىن (يۇقىرىدىن) باشلىنىپ تۆۋەنگە كېڭەيگەن؛ لېكىن، تۇتۇلۇۋاتقانلىرىنىڭ ئىچىدە «تۆۋەن» دىكىلەر كۆپ، «يۇقىرى» دىكىلەر ئاز بولۇپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، مەنسىپى قانچىكى يۇقىرى، ھوقۇقى قانچىكى چوڭ بولغانلار خىيانەت قىلىدىغان بولسا نەپسى شۇنچە چوڭ، شۇنچە قورقۇنچلۇق ۋە شۇنچە يىرگىنچلىك بولىدىكەن؛ ئۇلار ئۆزلىرى خىيانەت قىلىش بىلەنلا قالماي، خوتۇنلىرىمۇ، ئوغۇل - قىزلىرىمۇ، يېنىدىكى كاتىپلىرىمۇ، ھەتتا شوپۇرلىرىمۇ خىيانەت قىلىدىكەن. نىسپىي «كىچىك» ئەمەلدارلاردا بولسا ئۇنداق «ئوڭاي» شارائىت ۋە شۇنداق «ئىقتىدار» يوق.

رېئال ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرسا، «چاشقان» نىلا تۇتۇپ، «يولۋاس» نى تۇتمىساق، پۇقرانىڭ نېمىشقا قورسىقى كۆپمەيدىكەن؟ پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىكنىڭ يىلتىزىنى قانداقمۇ قۇرۇتقىلى بولسۇن!

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا قەتئىي بەل باغلىغانلىقىنى نىزامنامىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

ئالاقىدار ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جۇڭگودا يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە چارە كۆرۈلگەن كادىرلار ئىچىدە بىرىنچى



«باشلىق» ناھايىتى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدىكەن. شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىنى كۆزلىيەلىشىنىڭ يىلتىزى پارتىيە ئىچىدە نازارەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىدىن، پارتىيە سىرتىدىكى نازارەتنىڭ جايىغا چۈشمىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

مەركىزىي كومىتېت بۇ نۆۋەت چىرىكلىككە قارشى ھەقىقىي تۇتۇش قىلىدىغان بولدى دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان نىزامنامىدە تەپسىلىي ۋە كارغا يارايدىغان نازارەت چارىلىرى بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئەھۋالىدىن قەرەللىك مەلۇمات بېرىشى لازىم ئىكەن؛ ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پاش قىلىش، تەكلىپ بېرىش ۋە دەرد - ھالىنى بايان قىلىش ھوقۇقلىرى تېخىمۇ ئېنىق بەلگىلەنگەن. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا سۇنۇلغان ھەرقانداق ئىمزالىق پاش قىلىش خەتلىرىگە بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە جاۋاب قايتۇرۇلىدىكەن. يەنە مەسىلەن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرىغا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا نازارەت قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ھەتتا كاتىپ ۋە شوپۇرلىرى توغرىسىدىمۇ قاتتىق ئىنتىزام، بەلگىلىمىلەر بار ئىكەن.

مانا بۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى ئالغا سۈرۈش ئىرادىسى جەھەتتە، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىش جەھەتتە زور ھەم ئۈنۈملۈك قەدەم باسقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۆلەكچىلا ئەھمىيىتى بار دېيىشىمىزنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇ نىزامنامە پارتىيىمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى ئالغا سۈرۈپ، ھاكىمىيەتتە خەلقنى كۆزلەيدىغانلىقىنىڭ ئىزچىللىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. دۆلەت داھىيسى ماۋزېدۇڭ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىدا شىبەيپودا ئەۋلىيادەكلا پۈتۈن پارتىيىنى «ئىكـ

كى زۆرۇر» نى، قولدىن بەرمەڭلار دەپ ئاگاھلاندۇرغان؛ دۆلەت يېڭى
قۇرۇلغان مەزگىلدە پارتىيە ئىچىدە بىرىنچى قېتىم پەيدا بولغان
خىيانەتچى ئەمەلدارغا — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سابىق
تيەنجىن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ليۇچىڭشەنگە، سابىق
تيەنجىن ۋالىيسى جاڭ زىشەنگە كەسكىنلىك بىلەن چارە كۆرگەن؛
دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە پۈتۈن پارتىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەت-
نى خىيانەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق ناھايىتى زور جىنايەتتۇر دەپ
ئاگاھلاندۇرغان؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ «چاتاق چىقسا پارتىيىمىز-
دىن چىقىدۇ»، «پارتىيىنىڭ ئىستىلى مەسىلىسى پارتىيىمىزنىڭ ھا-
يات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە» دەپ پۈتۈن پارتىيىنى
بىرقانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرغان. يولداش خۇجىنتاۋ ۋەزىپە تاپشۇرۇ-
ۋېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي بيۇروسىدى-
كى ئاساسىي يولداشلارنى شىبەيپوغا باشلاپ بېرىپ، يولداش ماۋزې-
دۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى زۆرۈر» نى كوللېكتىپ يادلىدى.

ئەمدى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى ئالغا سۈرۈش
جەھەتتە قىلغان بەزى باسقۇچلۇق «جەڭ» لىرىمىزنى ئەسلەپ كۆرەي-
لى: ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش باسقۇچىدىن
سەيلە - ساياھەت قىلىشقا ۋە ئويۇن - تاماشا قىلىشقا يول قويماسلىق
باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتۇق، ئۇلاردىن كېيىن مېھماندارچىلىق ئوي-
ناشقا، سوۋغا - سالام سۇڭغۇتۇشقا يول قويماسلىق باسقۇچىنى
باستۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىل كونۋېرتلىق سوۋغاتلارنى ئېلىشقا
يول قويماسلىق باسقۇچىنى باستۇق. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ مانا ئەمدى پارا
بېرىشكە، پارا ئېلىشقا يول قويماسلىق باشقۇچىدا كېتىۋاتىمىز. پار-
تىيە ئىچىدە نازارەت قىلىش نىزامنامىسى ئېلان قىلىنىش ئالدىدا
تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ باسقۇچلۇق «جەڭ» لەر بىرىدىن بىرى كەڭ،
بىرىدىن بىرى چوڭقۇر، بىرىدىن بىرى ئەستايىدىل ۋە بىرىدىن بىرى
ئەمەلىي بولدى ۋە بولماقتا.

«شاھزادە گۇناھ قىلسىمۇ پۇقراغا ئوخشاش جازاغا تارتى-
لىدۇ». بۇ سۆز بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئاغزىمىزدىن چۈشمەي



كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ شۇنى چۈشەندۈرىدۇ-
كى، چىرىكلىك جۇڭگودا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، ئۇنىڭ
يىلتىزىنى ھايت - ھۇيت بىلەنلا قورۇتۇپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.
لېكىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىز بېسىپ قىلغان ۋە
قىلىۋاتقان باسقۇچلۇق «جەڭ» لىرى جۇڭگو پۇقرالىرىغا ئىستىقبالنى
ھەقىقىي يوسۇندا كۆرسەتتى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى چىڭىتتى،
كۈچ - قۇۋۋىتىنى توپلىدى، روھىنى ئۆستۈردى. پارتىيىنىڭ ئېلان
قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان نازارەت نىزامنامىسى ھەققىدە پۇقرا ئىچىدە:
پارتىيە پۇچەك گەپ قىلمايدىكەن، ئەمەلىي ئىش قىلىدىكەن، دەيدى-
غان گەپلەر بار.

بۇ گەپ نېمە؟ بۇ گەپ خەلقنىڭ رايى! بۇ گەپ خەلقنىڭ روھىي
ھالىتى!

بۇرۇنقىلار: يوللۇقنىڭ ئىشى ئوڭ، يولسىزنىڭ ئىشى توڭ،
دەپتىكەن. يول دېگەن نېمە؟ يول دېمەك خەلقنىڭ ئىرادىسى دېمەك-
تۇر، خەلقنىڭ رايى دېمەكتۇر؛ يول دېمەك جامائەتنىڭ كۆڭلى،
تەبىئەتنىڭ قانۇنى دېمەكتۇر!

بۆلەكچە ئەھمىيىتى بار دېيىشىمىزنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى،
ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىدىغان، بېشى قانداق باشلانغان
بولسا، ئايىغى شۇنداق چىقىدىغان نەمۇنە رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ مەسىلىنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇنداق بىر ئېغىز سۆزى
ناھايىتى ئوبدان يېشىپ بېرىدۇ: «سىياسىي يول قارارلاشتۇرۇل-
غاندىن كېيىن، كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر.»

بۇ يەردىكى «كادىر» دېگەن سۆز رەھبەر دېمەكتۇر. رەھبەرنىڭ
رەھبەرلىك قىلالىشى رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلاردىن ئەۋزەل بولۇشىغا
باغلىق. ئۇنداق بولمىسا ئۇ رەھبەر ۋەزىپىسىگە مۇناسىپ بولالمايدۇ،
ئاممىمۇ ئۇنىڭغا بويۇن بەرمەيدۇ.

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاك-
لىقنى ئالغا سۈرۈش، ھاكىمىيەتتە خەلقنى كۆزلەش جەھەتتە ئىلگى-
رىكى ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتتىكى رەھبەرلەر ئۆزلىرىنىلا

چىڭ تۇتۇپ كەلمەستىن، پارتىيىنىمۇ چىڭ تۇتتى. باشقا گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ ئىچكى نازارەت نىزامنامىسىنىلا ئالساق، مەركىزىي كومىتېت ئۇنى 1990- يىلىدىلا ئېغىزغا ئالغانىدى. مەسىلىنى دەپتەرگە ئولتۇرغۇزۇپ دەلىللەپ، لايىھىسىنى يېزىپ چىقىشتىن تارتىپ، تۈزىتىشكە قەدەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 يىل ۋاقىت ئۆتكەن. مەركىزىي كومىتېت بۇلتۇر تەشكىللىگەن سەييارە تەپتىش گۇرۇپپىسى ھەرقايسى ئۆلكە، رايونلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى بىرىنچى باشلىقلار ئۈستىدىن تەپتىشلىك قىلدى، بۇ ئىشمۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ «نىزامنامە» نى ئەمەلگە قويۇپ سىناپ كۆرۈشتۇر.

مەركىزىي كومىتېتنىكى ئاساسىي رەھبەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئۈلگىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋە ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەدە چىرىكلىككە قارشى ھەرىكەتنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. «شەرققە نەزەر» ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، پەقەت 2003- يىل 8- ئايدىن بۇيانلا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىن 30 مىڭدىن ئارتۇق نامۇناسىپ ساقچىنى سۈپۈرۈپ چىقارغان؛ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 6- يانۋاردا بېيجىڭدىن تارقاتقان تېلېگرامما خەۋىرىگە قارىغاندا، ئوقۇتۇش ھەققىنى يولسىز ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىن 400 گە يېقىن مەكتەپ مۇدىرى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلغان؛ ۋۇخەن شەھىرىدە 13 نەپەر سوتچىغا جىنايى جازا بىلەن چارە كۆرۈلۈپ «كەشى توغرىلانغان» . يەنە بىرمۇنچە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مېزى چۇۋۇلۇپ چىقتى. مانا بۇلار مەركەزنىڭ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ۋە تۆۋەندىكىلەرنىڭ چىرىكلىككە قارشى بىردەك قىلغان جەڭلىرىنىڭ نەتىجىسى.

ئەمەلدار بولغان ئادەم باشقىلارنىلا باشقۇرسا، شۇ ئەمەلدارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىسا، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇ ئەمەلدار خالى-



غىنىنى قىلىدىغان باشباشتاق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن قارا قورساق خىيانەتچى ئەمەلدارلار كۆپىيىپ، رەڭۋازلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ كۆزىنى بويايدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ غەزىپى ئۆرلەيدۇ، پارتىيىگە چاك كېتىدۇ، دۆلەت خارابلىشىدۇ. ئەكسىچە ئېيتقاندا، مەنسىپى ھەرقانچە يۇقىرى، ھوقۇقى ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، پېشىنى تارتىپ تۇرىدىغان ئادەم بولسا، ئەمەلدار پاك تۇرىدۇ، خىزمىتىنى قەدىرلەيدۇ، يەكدىللىق بىلەن خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، پارتىيىمۇ تەبىئىي ھالدا قۇدرەت تاپىدۇ، دۆلەتمۇ گۈللىنىدۇ، ئاممىمۇ رازى بولىدۇ.

مەن ئويلايمەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى تۇنجى نازارەت نىزامنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنىڭ ماھىيىتى ئەنە شۇ يەردە بولسا كېرەك.

---

— ياۋتەيخې ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون خىنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 19- يانۋار سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# «كېيىنكى پۇشايمان» دىن ساقلىنىش ئۈچۈن…

پۇشايمان دېگەن نەرسە ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، ھەرقانداق ئادەمدە، ھەرقانداق ئىشتا مەۋجۇت بولماي قالمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە گويا سايىدەك ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ. مانا شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كېيىنكى پۇشايماندىن ساقلىنىش ئىنسان ئۈچۈن چوڭ بىر سەنئەتتۇر.

ئىنساننىڭ ئۆمرى مۇتلەق بىر قېتىملىقلا نېمەتتۇر، ھېچقانداق ئادەم قايتا تىرىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رېئال ھايات نۇرغۇن پۇشايمان بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئادەملەر ئوقۇش يېشىدىكى دەۋرىدە ئويۇن قېپى بولۇپ كۈنلىرىنى ھارام ئۆتكۈزىدۇ، «ئىمتىھان قەغىزىنى قۇرۇق تاپشۇرىدىغان قەھرىمان، ئىمتىھان نەتىجىسى نۆل بولۇپ قالسىمۇ پەرۋايىغا ئالمايدىغان نوچى» بولۇشتىن، ئوقۇشتا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن خىجىل بولمايدۇ، بېشىغا كۈنلەر چۈشۈپ، لازىم بولغاندا قىسىلىپ پۇشايمان يەيدۇ، ئۆكۈنىدۇ. بەزى ئادەملەر ئىشق - مۇھەببەت ۋاقتىدا ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ، كۆڭلىگە قارىماي سىرتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ» كېتىپ، ئاخىر ئۆمۈرلۈك دەرد - ھەسرەتكە قالىدۇ - دە، جەمئىيەتتە ئاتا - ئانىسىز يېتىم بالىنىڭ كۆپىيىشىگە زامىن بولىدۇ، ئاخىر لېۋىنى چىشلەپ پۇشايمان يەيدۇ. بەزىلەر جەمئىيەت خىزمىتىگە قەدەم باسقاندىن كېيىن، كۆڭلىدە چوڭ ئىش-



لارنى قىلىدىغان ئىرادىسى، ئىجتىھات قىلاي دەيدىغان نىيىتى بولمىغاچقا، «بىلەرمەن كاتتىۋال» بولۇۋېلىپ، كۈنلىرىنى «كوزىنى پوزا قىلىش» بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، پېنسىيىگە چىقىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەن چاغدا قارىسا، ئەسلىدە بەيگىگە بىللە چۈشكەن يارەنلىرى ئۇزاق مۇساپىلىك يۈگۈرۈشنى تاماملاپ بولغان، ئۆزى بولسا تېخىچىلا ئۆز ئورنىدا يەر قاڭداپ تۇرۇپ قالغان بولىدۇ. دېمەك، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي لېۋىنى چىشلەيدۇ. بەزىلەر تىرىشىپ - تىرمىشىپ بۆلۈم باشلىقى، باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەرىجىسىگە ئېرىشكەن، ھەر ئىشتا ئۆزىنى قورۇپ، مىڭ تەسلىكتە 59 ياشقا كىرگۈچە ئېھتىيات بىلەن ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاخىر شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ «ئاشنا ئويناش» سەۋەبى بىلەن نامىنى بۇلغىۋالغان، «پارا ئېلىش، خىيانەت قىلىش» سەۋەبى بىلەن «تىك موللاق» چۈشكەن، ئاخىر «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، ئەسكى پالاسقا يۆگىنىپ ئالتە ئاي يېتىپتىمەن» دەپ ھەسرەت - نادامەت چەككەن بولىدۇ…

ئەگەر ئادەم بالىسى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم كېلىدىغان بولسا، ياخشى ئوقۇغۇچى، ياخشى ئەر - خوتۇن، ياخشى كادىر… جىقلا كۆپەيگەن بولاتتى! خەيرىيەت، خۇدانىڭ تەقدىر - ئىرادىسىگە نېمە دېگۈلۈك، بىزگە پۇشايمان يەپ ئۆكۈنمەكتىن باشقا نېمە چارە بار!

خوش، ئادەملەر ئۆز ئۆمرىدە يۈز بېرىۋاتقان پۇشايمان - ھەسرەتلەردىن ساقلىنىشى مۇمكىنمۇ - يوق؟ ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، ئەقىللىقراق بولۇش ئۈچۈن تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىزنى دائىم يەكۈنلەپ تۇرۇشىمىز ھەسرەت - نادامەتتىن ساقلىنىشنىڭ ئىلاجىنى قىلغانلىقىمىزدۇر. نەزەرنى كەڭ تۇتۇپ قارايدىغان بولساق، يېزىق بىلەن خاتىرىگە چۈشكەن ئىنسانىيەت مەرىپەتلىرىگىمۇ بىرنەچچە مىڭ يىل بولۇپ قالدى. ئۆمۈرنىڭ قايتا تەكرارلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادىنىڭ — نەسىل - نەسەبلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ داۋامى دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، يېڭى تۆرەلگەن ھاياتلىق

شۇ يېگانە ئادەمنىڭ ئەجدادىنىڭ «يەنە بىر قېتىم قايتىدىن تىرىلىشى» دۇر دېسەك چوڭ خاتالىق بولماس. چۈنكى، خەلقئالەمدىكى ھاياتلىق ئومۇمەن بىر - بىرىگە ئوخشاش جەرياننى باشتىن كەچۈرمەكتە. مۇشۇ ئاساستا شۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، ئىنساني ھاياتلىقتىكى ھەسرەت - نادامەت ۋە پۇشايمانلارنىڭ تولىسىدىن ساقلىنىش مۇمكىن. مەسىلەن، سىزنىڭ ئاتا - بوۋىڭىزنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىدە بىرنەچچە نومۇر كەم بولۇپ قالغانلىقتىن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئۆمرىگە تەسىر يەتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەسرەت - نادامىتى سىزنىڭ غەيرەت - جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇشى، سىزگە ئىبرەت بولۇشى، سىزنىمۇ دەرد - ھەسرەتكە قالدۇرماسلىقى مۇمكىن. ئاتىڭىزنىڭ كاساپىتى بىلەن يېتىملىك دەردىنى تارتقان بولسىڭىز، چىن مۇھەببەتنى قەدىرلىمەي، ئائىلىڭىزگە كۆيۈنمەي قالمايسىز، ئەۋلادلىرىڭىزنى ھەسرەت چېكىشتىن خالىي قىلالايسىز. ئاتام قىلغان ئىشلىرىدا روناق تاپمايتىكەن دەپ زارلانغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىز ئاتا بولۇپ قالغاندا پەرزەنتلىرىڭىزنى جاپاغا قالدۇرمايدىغان بولىسىز. ئاتا - بوۋىڭىز ناشايان ئىشلارنى قىلىپ سالغان بولسا، سىزمۇ پەرزەنتلىرىڭىزنى ئورۇنسىز دەرد - ھەسرەتلەرگە قالدۇرمايدىغان بولىسىز… ئەپسۇسكى، قايتا - قايتا تەكرارلىنىۋاتقان شۇنداق ئەھۋاللار بەك كۆپ. ھاياتلىق ئادەمگە پەقەت بىر قېتىملا كېلىدىغان بولغاچقا، ھاياتلىقتىكى ھەسرەت - پۇشايماننى ئازايتىش ئۈچۈن ئاتا - بوۋىلىرىمىز نۇرغۇن ئىبرەتلىك پەند - نەسىھەتلەرنى قۇلىقىمىزغا قويۇپ، ئەتىسى - ئاخشامدا دېگۈدەك سەممىمىزگە سېلىپ كەلمەكتە. ئوستروۋسكى: «ئادەم ئۆمرىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈشى لازىمكى، ئۆتكەن كۈنلىرىنى، قىلغان ئىشلىرىنى ئەسلىگىنىدە ئۆمرۈم بىكار ئۆتۈپ كېتىپتۇ دەپ پۇشايمان قىلمىسۇن…» دېگەن مەشھۇر سۆزنى گويا مەخسۇسلا ھەسرەت - پۇشايماننىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن ئېيتقان.

جاھاندىكى ھۇرۇن - لايغەزەل ئادەملەر، ئۆزۈڭلەرگە قاتتىق سوئال قويۇپ بېقىڭلار، نېمە ئۈچۈن ئۆمرۈڭلار ئاخىرىغا يەتكەن



چاغدىلا بالا - چاقىلىرىڭلارغا ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ «ئەگەر ياش بولغان بولسام…» ، «ئەمدى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا يوق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنى ھەسرەت - نادامەت بىلەن تەكرارلاپ بېرىسىلەر؟

جاھاندىكى خىيانەتچى ئەمەلدارلار، بولۇپمۇ ئالدىدا چىرىكلىشىپ «تۈگەشكەن» لەرنىڭ كەينىدىن ئىزىنى «بېسىپ» ماڭغان خىيانەتچى ئەمەلدارلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ: نېمە ئۈچۈن تۆمۈر قەپەسكە سولىنىپ قالغاندا ئاندىن داد - پەرياد ئوقۇپ، ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ توۋا قىلىسىلەر؟ پارتىيىنىڭ مەقسىتى، ئىنساني ۋىجدان، ئىنساپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى دېگەنلەر ئۈستىدە ئېغىز ئاچماي تۇرايلى، ئەجەبا «زەھەرى بار نەرسىنى يېمەسلىك كېرەك، قانۇنغا خىلاپ ئىشنى قىلماسلىق كېرەك» ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەمسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ قاماققا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ئەگەر شۇنىڭغىمۇ «ھەسرەت - نادامەت» قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنداق ئەقىدەڭلار قۇرۇپ كەتسۇن!

ھەممىدىن چوڭ پۇشايمان ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ پۇشايمانلىرىنى تەكرارلاشنىڭ ئالدىغا ئۆتمەس؛ ھەممىدىن ياخشى ساقلىنىش ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ھەسرەت - پۇشايمانلىرىنى تەكرارلاشتىن ساقلىنىشنىڭ ئالدىغا ئۆتمەس!

# قاراڭلار بۇ سەتچىلىكنى

دالىيەن تەۋەسىدىكى جۇاڭخې شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە تاسادىپىي ئوت ھادىسىسى پەيدا بولدى. شۇ ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، دالىيەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە باردى، لېكىن جۇاڭخې شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ھېچ يەردىن تاپالمايدۇ. كېيىن مەلۇم بولدۇكى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆزىنىڭ ماشىنا توختىتىدىغان شەخسىي ئامبىرى ئىچىدىكى مەھكەم قۇلۇپلانغان پىكاپ ئىچىدە ئۆلۈپ قاپتۇ، پىكاپ ئىچىدە يەنە بىر ئايالمۇ ئۆلۈك يېتىپتۇ، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ تېگىشلىك جايىدا كىيىكلىك ئەمەس ئىكەن...

ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، پىكاپ ناھايىتى ھەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋانى تەڭشەپ تۇرىدىغان شامالدۇرغۇچ ئىشلەپ تۇرغاچقا، ماشىنا ئىچىدىكى ئوكسىگېن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈگەپ كەتكەن، بۇنى ئىككىيلەن دەسلەپتە سەزمەي قالغان، كېيىن دېمى سىقىلغاندا ئۆلگۈرەلمەي قالغان - دە، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن.

بۇ ۋەقە «مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پىكاپ ئىچىدە سەتچىلىك بىلەن ئۆلگەن» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن خەۋەر قىلىنغانىكەن. شۇنداق ئوقۇپلا، بۇ بىر بىمەنىلىك ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. كېيىن ئىنچىكىلەپ ئويلاپ قارىسام، «سەتچىلىك بىلەن ئۆلگەن»لا ئەمەس، يەنە باشقا تەرەپلەرمۇ، باشقا ئامىللار بىلەن سەتچىلىككە



قېلىشى كېرەك ئىكەن.

بىرىنچىدىن، شۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ سەتچىلىكى. پېشىۋالاردىن خەنيۈي: «ئۇستاز دېمەك تەرىقەتنى ئۆگەتكۈچى، ئىلىم بەرگۈچى، مەسىلىلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرگۈچى دېمەكتۇر» دەپتىكەن. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دېمەك مەخسۇسلا «تەرىقەتنى ئۆگىتىدىغان، ئىلىم بېرىدىغان، مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىدىغان» ئۇستاز دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردە ئۈلگە بولمىقى پەرز. ئۇنىڭ شامالدۇرغۇچى ئىشلەپ تۇرغان پىكاپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاشنىسى بىلەن شۇنداق قىپيالىڭاچ ھالدا ئۆلۈپ قالغانلىقى گويا ئاغزى بىلەن يۈرىكى بىر بولماسلىق يوللىرىدىن، بۇزۇقچىلىق - زىناخورلۇق ھۈنەرلىرىدىن، يەنى «ئىلمىي تەريابۇت»تىن دەرس بەرگەنلىكىدۇر، جىنسىي ئازادلىقنى، جىنسىي خەۋپسىزلىكنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە يولدىن ئازدۇرغانلىقىدۇر.

ئادەم ھامىنى ئۆلۈمدىن خالىي بولالمايدۇ. ئادەتتە تۈزۈك تۇرغان باشلىق خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورنىدا ئۆلمەي، ئادەتتە يېتىپ - قوپىدىغان كارىۋىتىدىمۇ ئۆلمەي، مەكتەپكە ئوت كەتكەن، ھەممە ئادەم باشلىقنى ئىزدەپ يۈرگەن چاغدا، چىرايلىق بېزەلگەن پىكاپ ئىچىدە ئەيش - ئىشرەت قوينىدا ئۆلگەن، مەنسەپنىڭ يۇقىرىلىقى ئىنسانىي تەبىئىتىنىڭ پەسلىكى ئالدىدا شۇنداق چانغان. پېشىۋالاردىن ساۋشۆچىن: «پەس ئادەمنىڭ قىلىقى سەت بولىدۇ» دەپ تولىمۇ جايىدا ئېيتقانىكەن.

ئىككىنچىدىن، جۇاڭخې شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ سەتچىلىكى. جۇاڭخې شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى يولداشلار «ھېلىقى ئەھۋال»نى كۆرگەندىن كېيىن، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، بىرھازا ئويلىنىپ، شەھەرلىك پارتكومغا مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلگەن. شۇ چاغدا شەھەرلىك پارتكوم رەھبىرى ئۇلارنى خاتا مەلۇم قىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان. چۈنكى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئادەتتە ھەممە جەھەتتىن ئىپادىسى

ياخشى ئىكەن. لېكىن، پارتكوم رەھبەرلىرى ۋەقە تۇغۇلغان يەرگە بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن «بۇ ئەھۋالنى شەھەر خەلقىگە ئۇقتۇرۇشنىڭ ئامالى يوق» دەپ ئويلىغان. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئادەتتە قالدۇرغان تەسىراتلىرى نەق مەيداندىكى رەسۋاچىلىقى بىلەن شۇنداق كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ پەرقلىنىپ تۇرسا، پارتكوم رەھبىرى بولغان ئادەم بۇنىڭغا ئوسال بولماي قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ بۇ ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ چۈشىنىشىنىڭ چوڭقۇر بولمىغانلىقىنى، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە چاتاق بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان كاتىپنى ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلەپ كەلدى، كۆنۈكۈپ قاپتۇق، قولغا قول بولۇپ ئىشلەشكە يارايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئالدى - ئارقامدا جاپا چېكىپ ئىشلەپ كېلىۋاتقىنىغىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنى نەزەرگە ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالدى دەپ ئويلاپ، مۇئاۋىن باشلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەنىدى، ئىككى يىل چاتاق - پاتاق يوق ئوبدان ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى مەسئۇل ۋەزىپىگە، كادىرلارنى ئۇيان - بۇيان قىلىش ھوقۇقىمۇ، مالىيە ھوقۇقىمۇ بار ئىدارە باشلىقى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەنىدى. سىرتىدىن تۈزۈك، سالاپەتلىك كۆرۈنگەن بىر ئادەمنىڭ تېگىدىن بۇزۇق، زىناخور بولۇپ چىقىشىنى كىم بىلسۇن؟! بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزۈمنى ئۆزۈم كاچاتلىغاندىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! ئادەمنى ئۆز لايىقىدا تاللىيالمىغانكەنمەن، جاۋابكارلىقتىن باش تارتالمايدىغانلىقىم تەبىئىي. پارتكوم رەھبىرى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆز سەۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن خىجىل بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالنى «شەھەر خەلقىگە ئۇقتۇرۇشنىڭ ئىلاجى يوق»، ئۇ ئوسال بولۇپ دەردىنى ئىچىگە يۇتماي قانداق قىلسۇن؟!

ئۈچىنچىدىن، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، كادىرلارغا نازارەت قىلىپ تۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ سەتچىلىكى. ئۆلگۈچىنىڭ مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلگىنىگە قەدەر بولغان جەريانىدا يىلمۇيىل ھەر جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈشىدە گەپ يوق. ئىدارە باشلىقى ئورنىدا بىرنەچچە يىل ئىشلىيەلىگەنىكەن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئاممىنىڭ پىكىر سىنىقىدا، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشلىرىدە لاياقەتلىك بولۇپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلىنىڭ چىگىش - توقۇنىقى ئەنە شۇ يەردە. ئۆلگۈچى پارتىيىنىڭ «يەر ئاستى خىزمىتى»نى ئىشلەشتىن ئۆسۈپ چىققان بولسا، مەخپىي ھەرىكەتلىرىدە چاندۇرۇپ قويغان يەرلىرى يوقمىدۇ؟ باشقا ئادەملەر بىلەن زىنا قىلغان چاغلىرىدا باشقىلارغا زادىلا سەزدۇرمىگەنمىدۇ؟ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۇنىڭ خىزمىتىنى، نەتىجىلىرىنى تەكشۈرگەندە ئاز - پازمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەنمىدۇ؟ ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا پەرۋا قىلىنمىغانمىدۇ؟ تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - تەپتىشلىك قىلىش ئىشخانىلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - تەپتىشلىك قىلىش ئىشخانىلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - تەپتىشلىك قىلىش ئىدارىلىرى ھەقىقەتەن ئادەتتە ھېچقانداق بىر ئۇچۇر تاپالمىغانمىدۇ؟ گەپنىڭ گۇندىسىنى قىلغاندا، بۇنداق سوئاللار مەۋجۇت بولسا كېرەك. گەپ شۇ يەردىكى، بۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چوڭ بىر ئىدارىنىڭ بىرىنچى باشلىقى بولۇپ خىزمەت ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «كاتتىۋاش»لارنىڭ جان - جىگەر ئەركىسى، ئادەتتە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىپتۇ دېسە ئىشىنىدىغان، ئۇنىڭدىن چاتاق تاپىدىغان ئادەممۇ يوق؛ ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىپتۇ، تەكشۈرۈپ باقايلى دەيدىغان ئادەممۇ يوق، ئۇچقۇندەك كىچىككىنە بىرەر مەسىلىسى چىقىپ قالسىمۇ، ئۆزى بىر ئامال قىلىپ ئۆچۈرۈۋېتەلەيدۇ. خوجا كۆرسۇنگە چىقىرىپ قويۇلغان كۆزىتىش - تەكشۈرۈش فورمىلىرى، بىرىنچى باشلىققا قۇربى يەتمەيدىغان ئىنتىزام تەكشۈرۈش - تەپتىشلىك ماقاملىرى ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى ۋە سىرتىدىكى تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان سەتچىلىكلەرنى ئوت ھادىسىسى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاپ قويدى.



«ئۆمرۈم دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئۆتتى، ئەجىلىم راھەت - پاراغەت ئىچىدە توشسۇن». بۇ — ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان پەند - نەسىھەت. ھېلىقى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى راھەت - پاراغەت

ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە ئەجىلىنى تېپىپ، ھەقىقەتەن يېڭىلىق يارىتقان. بۇ رەسۋاچىلىقنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزى ھېس قىلالمايدۇ، ئۇساللىقنىڭمۇ ياخشىلىققا تارتىدىغان تەرەپلىرى بار، ئۇسال بولغانلارمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دىققەت - ئېتىبارىنى جەم قىلىپ، ئۇساللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھالقىلارنى ئادەملەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، تەپتىش - نازارەت قىلىش تۈزۈملىرى دېگەندەك جەھەتلەردىن ئەستايىدىل توغرىلىسا، شۇنىڭغا ئوخشاش سەتچىلىكلەرنى ئازايتىش ۋە ئۇلاردىن ساقلىنىش مۇمكىن.

---

— جۇجاۋلۇڭ ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 6- فېۋرال سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# لەتىپە

## «ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نىڭ شەرھى

ئەمەلىيلەشتۈرۈش دېمەك ئىشنىڭ ھەربىر ھالقىسىنى بىر - بىرگە چېتىپ، بىرەر ھالقىسىنىمۇ يەرگە چۈشۈرۈۋەتمەي جاي - جايىغا قويۇش دېمەكتۇر. مەسىلەن:

چاتاق چىقىشتىن ئىلگىرى: ھەممە ئادەم ئىدىيىدە بىر بولۇپ، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؛

چاتاق چىققاندا: زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغانلارنى پائال قۇتۇلدۇرۇش، ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؛

چاتاق چىقىپ بولغاندا: چاتاقتىن چىققان مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىپ، تولەم تۆلەش ئىشلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئاخىرىدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار ئادەملەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى شۇنداق بىر جەرياندۇركى، ئۇ تەتقىق ۋە مۇزاكىرە قىلىش — قۇتقۇزۇش — كېيىن بىر ياقلىق قىلىش — تۈزىتىش — ئاندىن كېيىن جاۋابكارلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش جەريانىدۇر.

## پاناھلىق تىلەپ...

تام قوشنام جوي ئانىنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار ئىكەن: ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شەرقىي

مەھەللىدىكى ئىبادەتخانىغا بېرىپ، بىر نۆكچە شام يېقىپ قويىدىكەن. بۇگۈنمۇ شۇنداق قىلغىلى بېرىپتۇ. ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتقاندا A يېزىنىڭ شۇجىسى گۇ چىقىپ كېلىۋاتقان ئىكەن، ئۇنى كۆرۈپلا:

— گۇ شۇجى، سىزمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىدىكەنسىز - دە؟— دەپ سوراپتۇ.

— ياق، نەدىكىنى،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قارىسا كونا تونۇش بولغاچقا، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ پىچىرلاپتۇ،— مانداق گەپ، يان يېزىنىڭ كۆمۈر كانلىرىدىن ھەمىشە چاتاق چىقىپ تۇرىدىكەن. بىزنىڭ يېزىمىزدىكى كانلار ھەر ھالدا ساق كېتىۋاتىدۇ. ئامانلىق تىلەپ چىقاي دەپ ...

— ھە، مانداقكەن - دە، چۈشەندىم،— جۇي ئانا ھى - ھىلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ،— پاناھ تىلىگەن ياخشى، دۇئا - تەلەپ قىلىپ تۇرغان ياخشى!

—شۇنداق، شۇنداق، دۇئا-تەلەپ قىلىپ تۇرغان ياخشى!— گۇمۇ كۈلۈۋېتىپتۇ.

---

— بۇ لەتىپىلەر «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2004 يىل 19- مارت سانىدا شېن تاۋ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# دورامچىغا دو كېتىپتۇ

پوچىلار شەھىرىدە بىر مەزگىل بىر خىل سەتەڭلىك مودا بولۇپ قاپتۇ. شۇ سەتەڭلىك ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش ئىكەن، يەنى بەزى قىزلار بېشىغا ياغلىق چىگىپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەنە شۇ سەتەڭلىك بىر ناخشا چولپىنىدىن باشلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ناخشا چولپىنى پوچىلار شەھىرىگە ناخشا ئېيتقىلى كەپتۇ. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ تېخى ئانچە داڭقى چىقمىغانىكەن، ناخشا سورۇنىدا جەمئىي ئۈچ ناخشا ئېيتىپتۇ، ھەر قېتىم ئېيتىدىغان چاغدا كىيىملىرىنى بىر قېتىم يۆتكەيدىكەن، لېكىن بېشىغا ھەرقاچان بىر ياغلىق چىگىكلىك تۇرىدىكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشىدىكى ياغلىققا ھېچقانچە ئادەمنىڭ دىققىتى چۈشمەپتۇ. ئۇ ناخشا چولپىنى ئانچە مەشھۇر بولمىسىمۇ، ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈۋېتىپتۇ.

لېكىن، تاماشىبىنلاردىن بىر قىزنىڭ دىققىتى چولپاننىڭ بېشىغا چىگىۋالغان ياغلىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ - دە، ئۇ ياغلىقنى ناھايىتى يارىتىپ قاپتۇ، چولپاننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋېتىپ، مەنمۇ ئەتە شۇنداق ياغلىقتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، چولپانغا ئوخشاش بېشىمغا چىگىۋالسام بولىدىكەن دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ ئىش قىيىن بولماپتۇ، قىز ئەتىسى بازاردىن بىر ياغلىق سېتىۋېلىپ بېشىغا چىگىپ ئەينەككە قاراپ باقسا، ھەقىقەتەن يارىشىپتۇ. بازاردا كېتىۋاتقىنىدا، بۇ قىزنىڭ بېشىغا چىگىۋالغان ياغلىقى ھەممە ئادەمگە غەلىتە بىر يېڭىلىق بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. دېمەك،

ھېلىقى قىز گويا ئۈيان - بۇيان يۆتكىلىپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىدەك، قەيەرگىلا بارسا باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشىدىكەن.

چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىنى ھەركىمنىڭ دورىغۇسى كېلىدۇ. بەزى چىرايلىق قىزلارمۇ بېشىغا ياغلىق چىگىۋالىدىغان بوپتۇ. مەيلى كىم بولسۇن بېشىغا ياغلىق چىگىۋالسىلا ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپ، باشقىچە بولۇپ قالىدىكەن. كېيىنچە تېخىمۇ كۆپ ئادەم شۇنداق ياسىنىپ يۈرۈشكە خۇشتار بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پوچىلار شەھىرىدە قىز بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇنداق ياسىنىدىغان، بېشىغا ياغلىق چىگىپ يۈرىدىغان بوپتۇ. گۈللىرى، رەڭلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ياغلىقلار شەھەرنىڭ كوچا - رەستىلىرىنىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈشكە كىرگۈزۈۋېتىدىكەن.

شەك يوقكى، شۇنداق ياسىنىپ يۈرۈش پوچىلار شەھىرىدە ئاساسىي مودىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. بىر مەزگىل كوچا - رەستىلەردىكى قىزلارنىڭ ياغلىق چىگمەيدىغىنى قالماپتۇ. ئەگەر بىرەر تونۇش ئادەم ياغلىق چىگمىگەن بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قالسا: «بېشىڭىزغا ياغلىق چىگمەپسىزغۇ؟» دەپ سورايدىكەن.

ئۇ ھالدا ھېلىقى سورالغۇچى قىز بىرئاز خىجىل بولۇپ قالىدىكەن. دېمەك، مودا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەسلىك ئادەمنى تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ئىش ئىكەن.

بېشىغا ياغلىق چىگىۋالسا ھەرقانداق قىز بالىغا ياراشسىمۇ، لېكىن چىرايلىقلىقتا بېشىغا ھەممىدىن ئىلگىرى ياغلىق چىگكەن قىزغا يېتىدىغىنى يوق ئىكەن. ئۇ بېشىغا ياغلىقنى چىگىۋېلىپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن كوچىدا ماڭسا، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ - يايراپ كېتىدىكەن.

لېكىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىمدۇر بىرى قارىسا، ھېلىقى قىز باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ: قىزنىڭ بېشىدا ئىلگىرىكىدەكلا ياغلىق چىگىكلىك تۇرغان، ئەمما رەڭگىرويى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىكەن، چىرايىدا غەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئادەم گويا ئۇنىڭ ئاغزىنى موتىلدىتىپ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى



سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولىدىكەن.

ئۇ قىزنىڭ رەڭگىرويى كوچىدىكى ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەيلا بەزىلەر سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ قاپتۇ: ئۇ قىز ھىجرانلىق دەردىنى تارتىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بىر يىگىت بىلەن ئىككى يىل ئاشىق - مەشۇق بولۇپ يۈرگەنىكەن، كېيىن يىگىت ئۇنى تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە يىگىتنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەندۇق، يىگىت تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پەرىشان بولۇپ، دائىم غەم بىلەن كوچا ئايلىنىپ يۈرىدىغان، ئۆزىچە سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالى كېيىنچە تېخىمۇ يامانلىشىپ، كوچىدا ماڭغاندا ۋارقىرايدىغان بولۇپ قاپتۇ، بەزىدە ئاپتوموبىلنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭىدىغان ياكى يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنى - بۇنى تېرىۋېلىپ يەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شەكسىزكى، ئۇ قىز ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ ساراڭ قىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، ئۇستىۋېشى مەينەت، يۈزكۆزى كىر يۈرىدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن ئادەمنىڭ بۇرنىغا بىر خىل بەتبۇي پۇراق ئۇرۇپ تۇرىدىكەن. قىزنىڭ ئۇستىۋېشىدا ئۆزگەرمىگەن نەرسە پەقەت بېشىغا چىگىۋالغان ياغلىق ئىكەن.

ساراڭنىڭ ياسىنىشىنى باشقىلار دورىمايدۇ، باشقا ئادەملەرمۇ ئۆزىنى ساراڭغا ئوخشاش ياساپ يۈرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە ئادەم ياغلىق چىگمەيدىغان بوپتۇ. مۇبادا بىر - ئىككى ئادەم ياغلىق چىگىپ كوچىغا چىققۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدىكەن، تونۇش ئادەم ئۇچراپ قالسا:

— ۋاي، يەنە بۇنى چىگىۋاپسىزغۇ؟ — دەپ سورىماي تۇرالمايدىكەن.

— ھە، چىگسەم نېمە بوپتۇ؟ — دەيدىكەن ياغلىق چىگىۋالغان كىشى.

— بۇنى ساراڭدىن باشقا ئادەم چىگمەيدۇ.

دېمەك، پوچىلار شەھىرىدىكى قىز بالىلار مانا ئەمدى ئۇنداق

ياسىنىشنى ناھايىتى يامان كۆرىدىغان بوپتۇ. كېيىنچە ئۇ شەھەردە
ھېلىقى قىزدىن بۆلەك بېشىغا ياغلىق چىگىدىغان ئادەم قالماپتۇ.

قايسىبىر يىلى كۈزدە، ھېلىقى ناخشا چولپىنى پوچىلار شەھىرىـ
گە يەنە ناخشا ئېيتقىلى كەپتۇ. ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيەر -
بۇيەردە ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ، خېلىلا داڭق چىقىرىپ، كاتتا چولپان
بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا نۇرغۇن ئادەم شەھەر
ئىچىدىكى تەنتەربىيە سارىيىغا يوپۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ. ھەممە ئادەم ئۇ
كاتتا چولپاننىڭ پەيزىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ھەممە ئادەم
كۆز تىكىپ تۇرغاندا، چولپان سەھنىگە چىقىپتۇ. لېكىن، كۆپچىـ
لىكنىڭ خىيالىغا كەچمىگەن بىر ئىش شۇكى، ناخشا چولپىنى پۈتۈنـ
لەي باشقىچە بولۇپ قاپتۇ، ھەتتا ھۆسن - جامالىنىمۇ ياسىتىپتۇ،
ئىلگىرىكى ناخشا چولپىنىدىن باشقىچىلا بولۇپ قاپتۇ، پەقەت بىرلا
يېرى ئۆزگەرمەپتۇ، يەنى ئۇنىڭ بېشىدا ئىلگىرىكىدەكلا ياغلىق چىـ
گىكلىك تۇرۇپتۇ.

ناخشا چولپىنى ناخشا ئوقۇشنى باشلاپتۇ، لېكىن تاماشىبىنلارغا
ھېچقانداق باشقىچە بىر تۇيغۇ بېرەلمەپتۇ. سەھنىدە ناخشا ئېيتىۋاتقان
كىشى ناخشا چولپىنى ئەمەس، بەلكى بېشىغا ياغلىق چىگىپ يۈرىدىـ
غان ھېلىقى ساراڭ قىزدەك تۇيۇلۇپتۇ. پوچىلار شەھىرىنىڭ ئادەملىـ
رى ساراڭ قىزغا قاراپمۇ قويمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ناخشا چولپىنى ناخشا ئوقۇۋاتقاندا، بۇنداق ساراڭنىڭ ناخشىـ
سىنى ئاڭلىغۇسى كەلمەپتۇ؛ يەنە بىرمۇنچە ئادەم: «چۈشۈپ كەتـ
سۇن، سەھنىدىن چۈشۈپ كەتسۇن...» دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ.

ناخشا چولپىنى ئەسلىدە ناھايىتى تىرىشىپ، قېتىرقىنىپ ئوقۇۋـ
غانىكەن، بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشى خىيالىغىمۇ كەچمىگەنىكەن. ئۇ
ئاخىر يىغلىۋېتىپتۇ.

---

— ليۇگوفاڭ (خانىم) ئىمزالىق بۇ ساتىرا «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ
2004- يىل 26- مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# ھېكمەت

## پۇل

△ بىر ئادەمنى بىلىپ باقماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا پۇل ئۆتنە
بېرىپ كۆرۈڭ.

△ بىرەر ئادەم بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭـ
غا پۇل قەرز بېرىپ كۆرۈڭ.

△ ئۆتنە بېرىپ تۇرغان پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرمىسە، ئەڭ
ياخشىسى، ئۇنداق ئادەمدىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ.

△ قورسىقىدا غەرىزى بار ئادەمگە ھەرگىز پۇل قەرز بەرمەڭ.

△ تونۇش بولمىغان ئادەم ئاغزىدىن شېكەر تامدۇرۇپ خۇشامەت
قىلسا، ئاخىرىدا يانچۇقىڭىزدىكى پۇلىڭىزدىن گەپ ئاچماي قالمايدۇ.

△ يات ئادەم سىزگە پۇل خەجلەپ بەرسە، بۇ ئىش ئۇنىڭ
سىزنىڭ بىرنەرسىڭىزگە كۆزى چۈشكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

△ قولىڭىزدا پۇل بار چاغدا ئەتراپىڭىزدىن يىراق كەتمەيدىغان
ئادەمنىڭ سىزگە دوست بولۇشى ناتايىن.

△ ھالىڭىز خارابلىشىپ بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەن چاغدا جېنىـ
ڭىزغا ئەسقاتقان ئادەمنى ئۆز قېرىندىشىڭىزدەك كۆرۈڭ.

△ دوستىڭىز بۇگۈن سىزنىڭ خەج - خىراجىتىڭىزنى تۆلەپ
قويغان بولسا، ئۇنىڭ بۇگۈن ئاشخانىدىكى خىراجىتىنى چوقۇم سىز
تۆلەپ قويۇڭ.

△ بۈگۈن دوستىڭىزنىڭ خەج - خىراجەت قىلغان پۇلىنى تۆلەپ قويغان بولسىڭىز، ئۇ پۇلنىڭ ئەتىكى قىممىتىنى ھەرگىز مىننەت قىلماڭ.

△ پۇل دېگەن مېھەك (سىناق تېشى) كە ئوخشايدۇ، قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ، دوستانىلىكنىڭ ۋە ئىشق - مۇھەببەتنىڭ راست - يالغانلىقىنى پۇل بىلەن ئاسانلا بىلگىلى بولىدۇ.

△ پۇل دېگەن ئىككى بىسلىق خەنجەر، ئۇ ئادەمنى ھەم بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرالايدۇ، ھەم شەيتاندەك ئازدۇرالايدۇ.

△ ئەگەر پۇللۇق بولۇپ قالساڭ، خەير - ساخاۋەتلىك، مېھىر - شەپقەتلىك يول.

△ پۇلسىز بولۇپ قالساڭ كۆڭلۈڭنى پاك تۇت، ئىچ - قارنىڭنى كەڭ تۇت.

---

— بۇ ھېكمەتلەر «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 26- مارت سانىدا خەن فىزى ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# «شور پېشانىلىككە ئېچىنىمەن، ئىجتىھاتسىزلىقىغا قاينايمەن»①

ماۋزېدۇڭ 1949- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى تيەنئەنمېن دەرۋازىسىنىڭ پەشتىقىدا تۇرۇپ: «جۇڭگو خەلقى ئەمدى ئورنىدىن دەس تۇردى» دەپ تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلغانىدى. لېكىن، راست «دەس تۇردى» مۇ؟ ياكى ئېيتايلۇق، ھەممە ئادەم «دەس تۇردى» مۇ؟

مانا قاراڭ، «شياۋشياڭ — خۇنەن سەھەر گېزىتى» 11- ئاينىڭ 7- كۈنى «زامانىمىزنىڭ تېز خەۋەرلىرى» گە ئاساسەن «كورپىيىلىك ئايالنىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇتقۇچىنى تىزلاندۇرغانلىقى» نى خەۋەر قىلدى. خەۋەرگە قارىغاندا، كورپىيىلىك ئايال كىملىدىخانىنىڭ ئوغلى كىمشاۋپېن (غەيرىي ئىسىم) نەنجىڭ شەھىرىدىكى بەيگوشۇ بالىلار باغچىسىدا تولىمۇ تەنتەكلىك قىلىپ، جۇڭگولۇق بالىلارنى بەك بوزەك قىلىدىكەن. 11- ئاينىڭ (2003- يىلى دېمەكچى — تەرجىمان ئىزاھى) 3- كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە بىر بالىنىڭ باش - كۆزىگە ئۇرۇپ قويۇپتۇ. چوڭراق بالىلار سىنىپىنىڭ 21 ياشلىق تەربىيىچىسى ياڭ ليۇ (غەيرىي ئىسىم) قىز بالىلارنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىۋاتقانىكەن، قولىدىكى قايچىنى كىمشاۋپېنغا تەڭلەپ پوپوزا قىلىپ، يەنە شۇنداق قىلساڭ بارمىقىڭنى كېسىپ تاشلايمەن دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن سائەت 7 دە كىمشاۋپېننىڭ ئاتا - ئانىسى — كورپىيىلىك ئەر - خوتۇن بالىلار باغچىسىغا كېلىپ سوئال - سوراق

---

① لۇشۈننىڭ ھېكمەتلىك سۆزى — تەرجىماندىن.

قىپتۇ. باغچا باشلىقى لى گۇيچىڭ خانىم «ئىش چاتاق» ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، دەرھال «كەسكىن قارار»غا كېلىپ، ياڭ لىيۇ قىزنى ئىشتىن ھەيدەپتۇ ۋە كورپىيىلىك ئەر - خوتۇنلارغا ھۆرمەت بىلەن ئۆزرە ئېيتىپتۇ. 5- كۈنى چۈش ۋاقتىدا كورپىيىلىك ئايال باللار باغچىسىغا يەنە كەپتۇ. باغچا باشلىقى «ئىشتىن ھەيدەلگەن ياڭ لىيۇ قىز»نى، چوڭ باللار سىنىپىنىڭ مۇدىرى چېن مۇئەللىمنى تېلېفون بىلەن چاقىرتىپ كېلىپ، كورپىيىلىك ئەر - خوتۇنلارغا «ھۆرمەت بىلەن ئۆزرە» ئېيتتۇرۇپ، بۇ «خەلقئارا تەسىر» پەيدا قىلىدىغان ئىش بوپتۇ دەپتۇ. ياڭ لىيۇ قىز ھېلىقى ئايالغا يۈز تۇرانە ئۆزرە ئېيتىپ، كىمشاۋپېنغا قايچا بىلەن پوپوزا قىلغانلىقىنى تەن ئاپتۇ. كېيىن كورپىيىلىك ئايال بىردىنلا: «ئالدىمدا تىزلان!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ياڭ لىيۇ قىزنىڭ خىيالىغىمۇ كەچمىگەن بىر ئىش بوپتۇ، باغچا باشلىقى لى گۇيچىڭ خانىم «ئاۋۋال باشلاپ تىز پۈكۈپتۇ»، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چېن مۇئەللىممۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. كورپىيىلىك ئەر - خوتۇن ياڭ لىيۇ قىزنىمۇ تىزلىنىشقا قىستاپتۇ «ياڭ لىيۇ قىزمۇ ئىشنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ تىز پۈركۈپتۇ.

ياڭ لىيۇ قىز قاتارلىق ئۈچەيلەن «تىز پۈككەن» چاغدا، باللار باغچىسىنىڭ 7 — 8 نەپەر تەربىيىچىسى ۋە ئۇلارنىڭ تاشقىرىدىن كىرگەن ئەركەك دوستلىرىمۇ تۆپىدە قاراپ تۇرغانىكەن. ياڭ لىيۇ قىزغا «ئۆمرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىزا - ئەلەم» بوپتۇ. ئۇ «قانۇننى قورال قىلىپ، بۇ كورپىيىلىك ئەر - خوتۇنلار ئالدىدا يوقالغان ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئاقلايمەن» دەپتۇ.

ئەگەر ياڭ لىيۇ قىز قايچا بىلەن پوپوزا قىلغان بالا جۇڭگولۇق بالا بولۇپ قالغان بولسا قانداق بولاتتى؟ ھازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. ياڭ لىيۇ قىزنىڭ كىمشاۋپېننى قايچا بىلەن قورقۇتقانلىقى توغرا ئەمەس، ئۇنداق قىلغاندا كىچىك بالىغا «زىيان» يېتىشى مۇمكىن. لېكىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇپرىقىدا بىرنەچچە



جۇڭگو پۇقراسىنىڭ ئامما ئالدىدا كورپىيىلىك ئايالنىڭ ئايىغىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشى قانداق «خەلقئارا تەسىر» پەيدا قىلار؟ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ۋە تۆپىدە قاراپ تۇرغان باللارنىڭ يۈرىكىگە قانچىلىك «زىيان» كەلتۈرەر؟

ياڭ لىيۇ قىز قاتارلىق ئۈچەيلەننىڭ تىز پۈكۈشى كورپىيىلىك ئايالنىڭ «زورى» بىلەن بولغانمىش. قانداق «زورلۇق» قىپتۇ؟ قانداق قورال ئىشلىتىپتۇ، قانداق ئۆكتەملىك قىپتۇ؟ ھېچقانداق قىلماپتۇ، پەقەت بىرلا بارمىقىنى چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭدىن باشقا «ئالدىمدا تىزلان!» دېگەن خەنزۇچە سۆزلەرنىلا ئىشلىتىپتۇ. ئاران شۇنچىلىك نەرسىنىڭ چوپچوڭ ئۈچ نەپەر جۇڭگولۇقنى تىز پۈكۈشكە «زور»لىيالىغۇدەك شۇنچە چوڭ تەھدىت ۋە تەئەددىسى بارمىدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئا Q تىز پۈكۈپ ئولتۇرغاندا «ئۇزۇن يەكتەكلىك ئادەم» ئۇنى «قۇل مىجەز» دەپ ھاقارەتلەپتىكەن. شۇنداق بولسا بىزنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنىمىز قانداق «مىجەز»؟

لۇشۈننىڭ ئۆز ۋاقتىدا ياپونىيىدە دوختۇرلۇقتا ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇنىڭ شۇ چاغدا: «نادان، زەئىپ خەلق جىسمانىي جەھەتتە ھەرقانچە ساغلام، تاۋۇل بولسىمۇ، قىلچە ئەھمىيەتسىز سازايىچى ۋە سازايىنىڭ تاماشاچىسىلا بولۇپ قالىدىكەن... شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە مۇھىم بولغان بىرىنچى ئىش — خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزگەرتىش كېرەك» دېگەن ئاھازارىمۇ ئېسىمىزدە.

لۇشۈننىڭ ياپونىيىدە دوختۇرلۇقتا ئوقۇغانلىقى 1904 — 1906- يىللىرىدىكى ئىش. ھازىر بۇنىڭغا بىر ئەسىر بولۇپ قالدى. جۇڭگو خەلقى جىسمانىي جەھەتتە مۇتلەق «ساغلام»، ناھايىتى «قاۋۇل» بولۇپ قالدى. لېكىن، مەنىۋى جەھەتتە قانداق؟ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كەمبەغەل، زەئىپ ئىدى، جۇڭگولۇقلار يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەتتە ئۆلتۈرۈلسە، خورلانسا ئامال يوق ئىدى دەيدىغان بولساق، مانا ئەمدى بۈگۈنكى ئەھۋال ئۇنداق ئەمەسقۇ؟! دۆلىتىمىز ۋودورود بومبىسىغا، ئاتوم بومبىسىغا

ۋە قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئىگە بولۇپ قالدى؛ يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىمۇ بار؛ پولات مەھسۇلاتىمىز دۇنيا بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئارمىيىمىز دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ئارمىيىلەرنىڭ بىرى؛ تەنتەربىيە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزمۇ دۇنيانىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدۇ؛ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىمىز دۇنيانىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ… بىزنىڭ «چىڭ نەرسە»لىرىمىز يەنى «دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي كۈچ - قۇۋۋىتى» ئاجىز ئەمەس، «بوش نەرسە»لىرىمىز شۇكى، مىللىي روھىمىزدا مەسىلە بار!

ھېلىقىدەك ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلۇشى بىر قېتىملىق ئىش ئەمەس. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى گۇاڭدۇڭنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە كورېيىلىك بىر كارخانىچى ئايال بىر - ئىككى يۈز جۇڭگولۇق ئىشچى-خىزمەتچىگە ۋارقىراپ - جارقىراپ، كوللېكتىپ تىز پۈكۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇلارمۇ پالاق - پالاق قىلىپ قاتارى تىز پۈككەن! پەقەت بىرلا جۇڭگولۇق «مەدىكار» رەت قىلغان.

ئاخىرىدا ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قوياي: بىرى، ياڭ لىۋ قىز «قانۇننى قورال قىلىپ تۇرۇپ، شۇ كورېيىلىك ئەر - خوتۇن ئالدىدا يوقالغان ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئاقلايمەن» دەپتۇ. شۇنداق قىلالارمۇ؟ ئۈچ نەپەر جۇڭگولۇق تەربىيىچى ئايالنىڭ ئىككىسى ئۆزلۈكىدىن تىز پۈكۈپتۇ. بىرى، «تەئەددى» بىلەن تىز پۈكۈپتۇ. شۇنداق يوقىتىلغان «ئىززەت - ھۆرمەت»نى قانداق ئۇسۇل بىلەن قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن؟ «قانۇن قورالى»نىڭ قولىدىن نۇرغۇن ئىش كېلىدۇ، لېكىن ۋاقىتنى ئارقىغا ياندۇرالمايدۇ، يۈز بېرىپ بولغان ئىزا - ئاھانەتنى يۈرەكتىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. يەنە بىرى، ئۈچ نەپەر جۇڭگولۇق تەربىيىچى ئايالنىڭ ئىككىسى ئۆزلۈكىدىن تىز پۈككەن، بىرى «تەئەددى» بىلەن پۈككەن. مۇشۇنداق تەربىيىچىلەر مىللىتىمىزگە قانداق ئەۋلاد تەربىيىلەپ بېرەر؟

---

— جاڭ ياڭ ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە «فېليەتون ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2004- يىل 2- ئايلىق سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر نېمە بىلەن چۈشىلىپ قېلىۋاتىدۇ

ماڭا تونۇش بولغان ئاتۇشلۇق بىر سودىگەر بار ئىدى. ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا سودا - تىجارەت قىلىپ يۈرەتتى. سودا - تىجارىتى شۇنداق ئېقىۋاتقان شۇ سودىگەر بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بىردىنلا جىمىپ كېتىپتۇ. ئاتۇشلۇق بىرەيلەن بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن بىلدىمكى، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ تولىسى ھازىر سودا - تىجارىتىنى بەلگىلىك بىر كۆلەمگە يەتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ چوڭايتىشنى خالىمايدىكەن، ئۆي - جاي سېتىۋېلىپ، ئوبدان ياسىۋالغاندىن كېيىن ياكى داڭلىق ماركىلىق پىكاپ سېتىۋالغاندىن كېيىن، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ، بولدى قىلىدىكەن.

ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر نېمىشقا شۇنداق سۆرەلمىلىك قىلىدۇ؟ شىنجاڭ «ئىخلاس» تەرەققىيات شىركىتىنىڭ باش لېدىرى ئاتۇشلۇق مەشھۇر سودىگەر روزى ھاجى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەقىقەتەن كاللىسى ئىشلەيدۇ. لېكىن ئۇلار، ۋېنجۇلۇق سودىگەرلەرنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. ئىچكى ئۆلكىلىك سودىگەرلەر بازارنىڭ ئېقىشىغا، ئۇچۇر مەنبەلىرىنىڭ راۋانلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىپ، بازار ئېڭىنى، داڭلىق ماركا ئېڭىنى، كۆلەم ئېڭىنى، يوقنى بار قىلىش ئېڭىنى سىستېمىلىق يېتىلدۈرىدىكەن. دېمەك، ئۇلار تىجا-

رەت ئۇسۇلىنى بارا - بارا خەلقئارا ئىزغا سالىدىكەن.

ئۇنداق بولسا، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ تىجارەتنى بەلگىلىك
دەرىجىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، توختاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟
ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن باشلاپ شاڭخەي، گۇاڭجۇ، ۋېنجۇ
قاتارلىق يەرلەردە تىجارەت قىلغان مۇھەممەتجان ھاجى ئۆزىنىڭ بې-
شىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرىكى
چاغلاردا سودا - تىجارەتتە بىر - بىرىمىزگە ناھايىتى ئىشىنەتتۇق؛
كېلىشىم تۈزەيمىز، توختاملىشىمىز دەيدىغان رەسمىيەتلەر يوق ئى-
دى، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ھەرقانداق بىر سودا - تىجارەتنى
مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلىرى بويىچە قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. يەنە
تېخى مۇئامىلە قىلىشقانلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى كېلىشىم-
نامە ياكى توختامنامە دېگەندەك شەكىللەر بىلەن ئېنىق قەيت قىلىپ
قويۇلىدىغان بولدى، شۇنداق بولسىمۇ سودىگەرلەرنىڭ تولىسى ساپا-
سىنىڭ تېگىدىن تۆۋەن بولغانلىقى، قانۇن توغرىسىدىكى ئاڭ - چۈ-
شەنچىسىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق -
مەنپەئىتىنى قانداق قوغداشنىمۇ، قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە
ئېلىش لازىملىقىنىمۇ بىلمەيدۇ؛ ئاندىن قالسا پىكىردە بوغۇلۇپ،
ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىپتىدائىي سەرمايىنى
توپلىۋالغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىشكە دەسمايە
سېلىشنى خالىمايدۇ، چوڭراق زىيان تارتىپ قالارمەنمىكىن دەپ
ئەندىشە قىلىدۇ، سودا - تىجارەتتە ئىپتىدائىي ھالەتنى ساقلاپ قېلى-
ۋېرىدۇ، بۇگۈنكى نەپنىلا كۆزلەپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ كويىدا
بولمايدۇ. شۇڭا، مانا ھازىرقىدەك ھالەت پەيدا بولۇپ تۇرماقتا.»

ھەرقانداق ئىش ئادەمگە باغلىق. 19- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدا
ئۆتكەن ئاتۇشلۇق سودىگەر مۇسابايوفنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە باشقا ئاتۇش-
لۇق سودىگەرلەر مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ مەك-
تەپ ئاچقانىكەن، تېخنىك - ئۇستىلارنى يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ
قىلغانىكەن. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆزلەش-
تۇرگەنىكەن. ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلار ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم -



قېرىنداشلىرىنى چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىپ، باشقىلارنىڭ تېخ-
نىكىلىرىنى، باشقۇرۇش - تىجارەت ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەنىكەن.
ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ ئوغلى تەلئەت سەككىز خىل تىلنى بىلىدىكەن،
ئۇ ھازىر تۈركىيىدە ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى بىلەن مەشغۇل
ئىكەن. بىراق، ھازىرقى ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ تولىسى مەدەنى-
يەت ئىنقىلابىي دەۋرىدە تۇغۇلغان. تۈزۈك ئوقۇيالمىغان، بىلىم -
ساپاسى تۆۋەن، ئۈچۈر مەنبەلىرىدىن، بازارنىڭ ئېقىشىدىن، سىيا-
سەت ۋە قانۇن - نىزاملاردىن بىخەۋەر، يەنە بىر گەپ، ئۇلاردا ئۇششاق
دېھقان ئېڭىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئورناپ كەتكەچكە، ئىلگىرى بې-
سىشنى خالىمايدىغان ھۇرۇنلۇق پەيدا بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، ئۇلار ئۆز تىجارىتىنى مەلۇم دەرىجىگە يەتكۈزۈۋالغاندىن كې-
يىن، ئۇنىڭغا يەنە تۆپلەپ دەسمايە سېلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ
قالغان.

مېنىڭچە بولغاندا، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر ئۇششاق دېھقان ئېڭى-
دىن قۇتۇلۇپ، ئىدىيىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلىپ، شىنجاڭ-
نىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش مەزگىلىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي
ھالىتىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈ-
رۈپ، يېڭى سودا - تىجارەت ئېڭىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، قىزىلسۇ
ئوبلاستىنىڭ ئوبدان جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن ۋە تەبىئىي بايلىق
ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىشى لازىم. ئاددىي ئالغۇ - بەرگۈ
تىجارىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ يۈرمەي، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت
قىلىشى، تېخىمۇ كۆپ سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، يۇقىرى
سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي
ئاسىيا بازارلىرىغا يەتكۈزۈشى لازىم؛ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەم-
مە ئېتىراپ قىلىدىغان «جۇڭگو يەھۇدىيلىرى» دىن بولۇشقا تىرىشى-
شى لازىم.

---

— بۇ مۇلاھىزە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل
17- ئىيۇن سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر نېمىشقا چوڭ قەدەم تاشلىيالمايدۇ

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 17- ئىيۇن سانىنىڭ (خەنزۇچە) 2- بېتىدىكى «ئىقتىساد مۇنبىرى» دە مۇخبىر مېھرىبان مەمتىمىنىڭ «ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر نېمە بىلەن چۈشىلىپ قېلىۋاتىدۇ» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالىسى بېسىلىپ چىقتى. بۇ ماقالە ئۇيغۇر سودىگەرلەردىكى بىر ئىللەتكە يەنى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ نېمىشقا ئۆزىنىڭ سودا - تىجارەت جەھەتتىكى ئۇزاق تارىخي ئەنئەنىسىگە سۆيۈنۈپ، چوڭراق ئىش قىلىپ، ھازىرقى دۇنياۋى باشلامچى ئىقتىسادلىقلار قاتارىغا ئۆتەلمەيۋاتقان ئىللىتىگە نەشتەر ئۇرۇپتۇ.

ئاتۇش شەھىرى شىنجاڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى. ئاتۇشلۇقلار سودا - تىجارەتكە ھەقىقەتەن ماھىر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاتۇشلۇقلار باللىرىغا بىر ناننى بەرسە، باللىرى ئۇ ناننى دەرھال يېۋەتمەي، قورسىقى ئېچىپ تۇرسىمۇ بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى يۇقىرى باھادا سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى نان سېتىۋېلىپ، بىرسى بىلەن قورسىقىنى تويدۇرۇپ، يەنە بىرسى بىلەن تىجارەت قىلىدىكەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىدىغان شىنجاڭلىق 100 ئادەمنىڭ 80ى ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر ئىكەن. مۇنداق بىر لەتىپە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا گاگارىن ئاي شارىغا چىققاندا، ئاتۇشلۇق بىر سودىگەر سودا قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. دېمەك، سودا بىلەن



پۇل تاپقىلى بولىدىغانلا بولسا، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ بارمايدىغان يېرى يوق ئىكەن.

ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سودا - تىجارەت ئەنئەنىسىنىڭ نامايەندىسى. ئۇلار ھەقىقەتەن سودىگەرچىلىككە ماھىر. ئۇلارنىڭ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىمۇ ئۇزاق. ئۇلار شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىر - بىرىگە چاتقان يىپەك يولىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، «جۇڭگونىڭ يەھۇدىيلىرى» دەپ تەرىپلەنگەنىكەن. شۇنى چېچەنلىك بىلەن نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىمكى، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى. سودا - تىجارەتتە تىرىشىدىغان ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تىمىسقىلاپ ھۆپىگەرلىك قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھازىرقى دۇنياۋى ئاساسىي ئىقتىسادتىن چەتنەپ قالماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى يايلاق مىللىتى ھالىتىدىن دېھقان مىللەت ھالىتىگە ئايلانغان ئېنىق ۋاقىتنى بىلىش تەس. لېكىن، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىنى ئۇزاق دەپ ئېيتىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئاتلىق (ئات ئۈستىدە ياشايدىغان) مىللەتكە خاس تېز يۆتكىلىپ ۋە كېڭىيىپ (كۆپىيىپ) تۇرىدىغان خۇسۇسىيىتىنى بارا - بارا يوقىتىپ قويغان. ئۇزاق تارىخي جەرياندا ئۇششاق دېھقان ئېڭى پۈتۈن مىللەتنىڭ قان - قېنىغا بارا-بارا سىڭىپ كەتكەن. ئۇلار تەقدىرنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يىپەك يولىنىڭ بوغۇزىغا ماكانلاشقان، شۇڭا تارىختىمۇ شەرق بىلەن غەربنى سودا جەھەتتىن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە پەرز قىلىپ ئالغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، چېچەن ھەم چېۋەر سودىگەرلەرنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يېتىشتۈرگەن. لېكىن، رودۇپايدەك چاپلاشقان ئۇششاق دېھقان ئىقتىسادي ئېڭى ۋە شۇنداق مەدەنىيەتتىن يىلتىز تارتقان دىنىي ئېڭى ئۇلارنىڭ پۇت - قولىنى، مېڭىسىنى چۈشەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ئەنە شۇنداق تولىمۇ ياخشى ئىلتىپاتىدىن كەلگەن، كېلىۋاتقان تارىخي غەنىيمەت پۇرسەتلەرنى قولىدا

چىلىك تۈتۈشىغا زادىلا ئىمكان بەرمىگەن.
هازىر گېپ (نەسەب) نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، دېھقانچىلىق
مەدەنىيىتىدىن سودىگەرچىلىك مەدەنىيىتىگە تەبىئىي هالدا ئۆزگىرىپ
كېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ
سودىگەرچىلىكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپلا خېلى
كەڭ كۆلەم ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى زاماندىن بۇيان
غەرب ئەللىرىدىكىدەك سودا مەدەنىيىتى بارلىققا كېلەلمىگەن. ئوتتۇ-
را ئاسىيانىڭ كىندىكىگە جايلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنى-
يىتىنىڭمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سودىگەرچىلىك مەدەنىيىتىگە تەبىئىي
يوسۇندا ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھادىسە شەيئىلەرنىڭ ئىچكى
قانۇنىيىتىگە باغلىق. ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ ئانا مەدەنىيىتى-
گە ئۇزاق زامان سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئۇدۇملىرى (ئەن-
ئەنىسى) بىلەن مۇئەييەن سودىگەرچىلىك مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرگەن
بولسىمۇ، ئانا مەدەنىيىتىنىڭ تەبىئىتىنى ئازغىنە سودىگەرچىلىك
مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزگەرتىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس.
دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىن يىلتىز سۈرۈپ چىققان ئاتۇشنىڭ
سودىگەرچىلىك مەدەنىيىتىگە بارلىققا كەلگەن كۈنلىرىدىن تارتىپلا
ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىگە خاس تامغا بېسىلىپ كەتكەن، بۇ ئەھۋال
ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر ۋە بارلىق ئۇششاق ھۆپىگەرلەر ۋۇجۇدىدىكى
يىراققا نەزەر سالمايدىغان، كۆز ئالدىنى كۆرىدىغان، ئاسانلا قانائەتلى-
نىپ قالىدىغان، ئۆزىدىكى قۇسۇرلارنى رەت قىلالمايدىغان مىجەز -
خۇلقلىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئېلىمىزدە بازار ئىگىلىكى قۇرۇ-
لۇشى باشلانغاندىن بۇيان، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كەڭ
يول ئېچىلدى. ئاتۇشلۇق سودىگەرلەردىن ئازغىنە كىشىلەر تىجارىتى-
نى ئىچكى ئۆلكىلەرگە، ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغا
يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە بېرىۋاتقان ئومۇمىي تەسىرا-
تى ئۇششاق - چۇششەك، ئاندا - ساندا دېگەندەك سودىدىن ئىبارەت
بولماقتا. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئاڭدا ئۆزگىرىش ياسىيالماس-



لىقى ئوينايدىغان رولىنى ئۆزگەرتىشى ئاستا بولۇۋاتقانلىقى، تېگى-
تەكتىدىن ئۆزگىرىشى تېخىمۇ ئاستا بولۇۋاتقانلىقى سەۋەب بولماقتا.
دېمەك، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ ھۆپىگەرچىلىك مەدەنىيىتىنى
سودىگەرچىلىك مەدەنىيىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشى ئۈچۈن، گېپىنى
ئۆزگەرتىش جەھەتتە نۇرغۇن ئەجىر قىلىش لازىم بولىدۇ، بۇ ناھايى-
تى زور سىستېمىلىق قۇرۇلۇش، بۇ قۇرۇلۇشنى بىرنەچچە ئاتۇشلۇق
سودىگەر ياكى بىرەر ئەۋلاد ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ بىر باشقا ئېلىپ
چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭغا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى ئورتاق
كۈچ چىقىرىشى لازىم. قىسقىسى، ئاڭنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەر-
تىپ، غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ۋە
غەربنىڭ زامانىۋى سودىگەرچىلىك مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈشى
لازىم. ۋەھالەنكى، دۆلىتىمىزدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈمىدە بو-
لۇۋاتقان بۆرۈلۈش ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرگە ۋە پۈتۈن ئۇيغۇر مىللى-
تىگە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىن سودىگەرچىلىك ۋە سانائەت مەدەنى-
يىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن تېپىلغۇسىز غەنىيمەت تارىخىي
پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكتە. تېز بۆرۈلگان مىللەت تېز روناق تاپالاي-
دۇ. بۆرۈلۈشى ئاستا مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ئاستا بولىدۇ. كونا
ئۇدۇملىرىدىن — ئەنئەنىلىرىدىن ۋاز كېچەلمەيدىغان، بۆرۈلۈشنى
خالىمايدىغان مىللەت مەڭگۈ ئارقىدا قالىدۇ ھەتتا تارىخنىڭ قولى
بىلەن شاللىنىپ تاشلىنىدۇ.
جۇڭگودا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ سال-
مىقى غەربىي قىسىمغا كۆچمەكتە. ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدىن ئىبارەت
غايەت چوڭ زېمىن ھەر مىللەت سودىگەرلىرىگە ۋە چېچەن، ئىشچان
ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرگە مىسلىسىز تەرەققىيات ئىمكانىيىتى يارىتىپ
بەرمەكتە. مانا ئەمدى ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ پىداكارلىق قىلىدى-
غان پەيتى كېلىپ قالدى، «ياكى بايدىن ۋەياكى سايرامدىن»
چىقىڭلار؛ سودا - تىجارەتتە ھەرگىز «ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى

ئۆتتى جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن، ھەرەمگە بېرىپ ھاجىمۇ بوپتىمەن بالا ـ ۋاقام بىلەن؛ ماشىنىلىق بولدۇم، ئۆي ـ جايىمۇ قىلدىم تېگى بىلەن، قالغان پۇل ـ مېلىمنى كۆمۈپ قويدۇم سىققاندا چىققان سۈيى بىلەن» دېگەندەك ھەزىللەرنى تەكرارلاپ يۈرمەيلى.

---

— بۇ مۇھاكىمە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 3 ـ ئىيول ساندىكى «ئىجتىمائىي پەن» سەھىپىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# «پۇل» قەدىرلىكمۇ «ئادەم» مۇ

بىزنىڭ ھاياتىمىزدا پۇلغا، بايلىققا بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ئېتىبار بەرگەن زامان بولۇپ ئۆتكەن ئەمەس. بىر ئىقتىسادشۇناس: «بايلىق بايلىقنى يارىتىدۇ، پۇل بايغا ئاقىدۇ» دەپ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتقانىكەن.

«پۇل بايغا ئاقىدۇ» دېگەن سۆز مۇنداق قارىغاندا ھەقىقەتتەك تۇرىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ئۇ سۆز قىسمەن توغرا، ئۇنىڭدا بايلىقنىڭ رولى تولۇق ئېتىراپ قىلىنغان، لېكىن گەپتە كەتكۈزۈپمۇ قويۇلغان، خۇددى پۇل ـ مالنىلا بايلىق دېگىلى بولىدىغاندەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ھەممىدىن جانلىق ئامىل بولغان ئادەمنىڭ رولى ئاڭلىق ـ ئاڭسىز ئۇنتۇپ كېتىلگەن، ئىنكار قىلىنغان.

پۇل ـ مال ئەلۋەتتە كاپىتالنىڭ تەركىبىي قىسمى. لېكىن، «ئادەم» كاپىتال ئەمەسمىكەن؟ (كاپىتال دېگەن سۆز ئەسلىي لاتىنچە سۆز بولۇپ، مەبلەغ، سەرمايە، پۇل، دەپىنە ـ دۇنيا دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ؛ بۇ سۆز سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدىغان، پايدا كەلتۈرىدىغان، ئەرەب ۋە پارس، چاغاتاي تىللىرىدىكى «دەستمايە» دېگەن سۆزدىن ئۇيغۇر تىلىغا «دەسمايە» تەلەپپۇزىدا ئۆزلەشكەن بولۇپ، بۇ سۆز يەنە مۇنداق كۆچمە مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ؛ دەسمايە: ئادەمنىڭ قول ئىلكىدىكى بار ـ يوق نەرسىسى، بىرەر ئىشنى قىلىشتا قوللىنىدىغان ۋاستىسى، ھۈنىرى، دەستىكى ۋەھاكازا. ئاپتورنىڭ «ئادەم» كاپىتال ئەمەسمىكەن؟ دېگەن ئىبارىسى

مانا مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ— تەرجىمان ئىلاۋىسى. ) مەبلەغ سەرپ
قىلىش جەريانىدا ئادەمنىڭ ئوينايدىغان رولى پۇل - مالنىڭ رولىدىن
كۆپ ئارتۇق بولىدۇ. پۇل - مال جانسىز، ئادەم جانلىق؛ ئادەم
ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىلىش جەھەتتە ئەمگەك كۈچى بولۇپ
رول ئويناش بىلەنلا قالماي، بىلىم، پاراسەت، ھېسسىيات، ئىقتىدار
ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ رول ئوينايدۇ.
«ئادەم»گە ئېتىبارسىز قارالسا، ئادەمدىن ئىبارەت بايلىققا،
ئەمگەكنىڭ قەدىر - قىممىتىگە سەل قارىغانلىق بولىدۇ؛ بىلىمگە،
ئەقىل - پاراسەتكە، ھېسسىياتقا سەل قارىغانلىق بولىدۇ. دېمەك،
ئادەمزاتنىڭ ئۆزىگە ئېتىبارسىز قارىغانلىق بولىدۇ. غەربتىكى كاپى-
تالىستىك دۆلەتلەر دەسلەپ كاپىتال جۇغلاشقا باشلىغان مەزگىللەردە
«ئادەمپەرۋەرلىك» كە سەل قارايدىغان تارىخىي خاتالىقلارنى ئۆتكۈز-
گەن. شۇ چاغلاردا پۇلپەرەس كاپىتالىستلار پۇل - مالنى دەستەك
قىلىپ، يەرلىك مەنسەپدارلارنى ھىمايە قىلىپ، بىر تەرەپتىن يەر-
زېمىن بۆلۈشۈۋېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن زۇلمەتلىك خۇپىيانە زاۋۇت-
كارخانىلارنى قۇرۇشقا بېرىلىپ كەتكەن؛ ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئەمگەك-
نىڭ قەدىر - قىممىتىنى پىسەنتىگە ئالمىغان، نۇرغۇن ئەمگەكچىلەر
قامچا ۋە تىل - ھاقارەت ئاستىدا ئېغىر ئەمگەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ
ئالىدىغان ئىش ھەققى تولىمۇ ئاز بولغان. شۇ چاغلاردىكى كاپىتا-
لىستلار ئەمگەكنى، ئەمگەكچىلەرنى نەزەردە تۇتمىغان. ئۇلاردا «ئا-
دەمپەرۋەرلىك» ئىدىيىسى بولمىغان، شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە پەقەت پۇل-
دىن ئىبارەت كاپىتالدىن باشقىسىنى نەزەردە تۇتمايدىغان پۇلپەرەس
كاپىتالىستلار بىلەن ئۇلاردىن تېخىمۇ كۆپ ئىنسانپەرۋەر، ئىنسانىي
ھەق - ھوقۇقپەرۋەر ئىشچىلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، قارى-
مۇقارشىلىق پەيدا بولغان، ئىشچىلار ئىش تاشلىغان، قوزغىلاڭ
كۆتۈرگەن، زور ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىكلەر كېلىپ چىققان. بۇ
ئەھۋاللارنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرسەك، بۇلار كاپىتا-
لىستلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدىن چىققان چاتاقتۇر.
ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرى بېسىشى، بو-



لۇپمۇ پەن - تېخنىكىنىڭ ئالغا سىلجىشى ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش-
نىڭ بارغانسېرى يېڭىلىنىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، غەربتە كېيىنكى
كاپىتالىزم دەۋرىدە يېڭى بىر ئىقتىساد بىلەن ئىنسانىيلىق ھادىسىسى
پەيدا بولدى. پۇل - كاپىتال ھەممىدىن ئەلا دەپ قارالمايدىغان، ئادەم
بارغانسېرى قەدىرلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بەزى يىراقنى كۆزلەيدى-
غان كاپىتالىستلار ۋە خوجايىنلار بايلىق يارىتىش ۋە بايلىق تېپىش
جەريانىدا ئادەمنى ئاساس قىلىدىغان، «ئادەم»نىڭ ئىشلەپچىقىرىش
جەريانىدىكى غايەت زور پائالىيەتچانلىقىنى ئېتىبارغا ئالىدىغان، ئىق-
تىدارلىق ئادەملەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەيدىغان، ئىقتىدارلىق ئا-
دەملەرنى پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي ئۆز يېنىغا تارتىدىغان بولدى؛
ئەمگەكنى ۋە ئەمگەكچىنى قەدىرلەش شەرتى ئاستىدا، بىلىم، ئەقىل-
پاراسەت، ھېسسىيات، ئىنسانلىق ھەق - ھوقۇق ۋەھاكازالارنى قەدىر-
لەيدىغان كۈچ - قۇۋۋەت ئامىللىرى ئوتتۇرىغا چىقتى، شۇنىڭ نەتىجى-
سىدە ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ تۇرغان ئىلگى-
رىكىدەك قارىمۇقارشىلىقلار ئاجىزلىشىپ، سېلىكىپ قالماستىن،
كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشىغا، بايلىقنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشى-
گە مىسلىسىز زور كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىنىدىغان بولدى.
ھازىر ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى گۈللەپ ياش-
نىماقتا. دۆلەت كارخانىلىرى ياكى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ نۇرغۇن
خوجايىنلىرى «ئادەم»نىڭ بايلىق يارىتىشتىكى رولىنى چۈشىنىپ،
«ئادەمنى قەدىرلەش» كېرەك، دەيدىغان نەزەرىيىنى ھەتتا ئاشكارا
سورۇنلاردىمۇ تەرغىب قىلماقتا. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە
«كاپىتال — پۇل» نى «ئادەم» گە نىسبەتەن بەكرەك ئېتىبارغا ئالماق-
تا. پۇل - مالنى ئىقتىدارلىق ئادەمگە، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە قارىغاندا
تېخىمۇ بەكرەك قەدىرلىمەكتە. ئۇلار بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش
يولىدا هارماي - تالماي شاپاشلاپ، توققۇز تەزىم بىلەن يېلىنىدۇكى،
بىر ھەتتا بىرقانچە ئىقتىدارلىق ئادەم ئۈچۈن ئۇنداق قىلمايدۇ،

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بەزىبىر كۆڭۈل ئارزۇسىنى دەپ ھەق - ھوقۇق جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە يول قويىدىغان، ئۇلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ مۇڭدىشىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە، «ئادەمنى قەدىرلەيلى» دەپ جار سالىدىغان كارخانا ئاز ئەمەس، لېكىن (خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان) جۇۋېنۋاڭنىڭ (ئەۋلىيا) جىياڭ زىياغا، لىۇبېيگە موھتاج بولۇپ، ئۇلارنى ئىزدەپ كەپىگە قايتا - قايتا بارغىنىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغانلار رېئال تۇرمۇشتا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

كاپىتال كېرەك بولۇپ تۇرغاندا كاپىتال قەدىرلىنىدۇ، لېكىن شۇ كاپىتالنى كىم ئىشقا سالىدۇ؟ بۇنىڭغا قاراش كېرەك. ئەقىللىق ئادەم كاپىتالنى بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا بىرنەچچە قاتلىشى مۇمكىن، كالۋا ئادەم دەسمايىسىنى بىرنەچچە يىل ئىچىدە خورىتىپ تۈگىتىۋېتىشى مۇمكىن. كاپىتال ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئىشلەتمەي تاشلاپ قويساڭ كۆپىيەلمەيدۇ. بايلىق بىلەن بايلىق يارىتىش شۇ بايلىقنى قانداق ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىگە باغلىق. بايلىق توغرا ئىشلىتىلسە بايلىق ئۈستىگە بايلىق قوشۇلىدۇ؛ خاتا ئىشلىتىلسە پايدا قونۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، دەسمايىمۇ سۇدەك ئېقىپ كېتىدۇ.

ئادەم ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ناھايىتى ھاياتبەخش ئامىل. ئادەمنىڭ بىلىمى، ئەقىل - پاراستى كۆپ بايلىق يارىتىپ بېرىدىغان مۇھىم مەنبە؛ ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىقى ۋە تىرەجەپ تۇرۇش ئىقتىدارى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئامىلدۇر. ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى، بىلىمنى، ئەمگەكچىلەرنى، ئەمگەكنى قەدىرلەش ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي مۇقامى بولۇپ قالغۇسى.

ھەرقانداق بىر كارخانا، ھەرقانداق بىر جاي «پۇل بىلەن ئادەم» نى بىر - بىرىگە قوشالايدىكەن، غايەت زور كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا قىلىپ، مۆلچەرلىگۈسىز ئىجادچان كۈچ - قۇۋۋەت، تەكرار كۆپە-



يېش ئىقتىدارى بەرپا قىلالايدۇ ۋە چەكسىز ماددىي بايلىققا، مەنىۋى بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنداق بولغاندىلا كارخانىمۇ روناق تاپالايدۇ، جەمئىيەتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

---

— بۇ مۇلاھىزە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 6- ئىيۇل سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# جېجياڭلىق يېتىمچى گې يۈنپىڭ قانداق قىلىپ دوكار بايغا ئايلاندى

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە شېرىن خىيال دەۋرى بولۇپ ئۆتتى. شۇ دەۋردە دېھقانلار ئۆزلىرى باغلىنىپ تۇرغان يەرلەردىن ئايرىلىپ، شېرىن خىياللار ئارقىسىدىن مېڭىشقا باشلىدى.

ئۆزىنىڭ يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ، «تەۋەككۇل» دەپ باشقا يۇرتلارغا قاراپ ماڭغان جېجياڭلىقلار ئىچىدە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭياڭ شەھىرىدە تۇغۇلغان گې يۈنپىڭ دېگەن ئادەم مەشھۇر بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن يۇرتىدىن يىراق غەربىي شىمالغا كېلىپ، غۇربەتچىلىك بىلەن يايما ئېچىپ، يول تېپىپ، 21 - ئەسىرنىڭ بېشىدىلا جۇڭگو بويىچە سەرمايىسى مىلياردلاپ ھېسابلىنىدىغان دوكار بايلاردىن بولۇپ قالدى.

1986 - يىلى چاغان ئەمدىلا تۈگىگەن بىر چاغ ئىدى. 17 ياشلىق گې يۈنپىڭ لاقا - لۇقىلىرىنى تەييارلاپ، سەپەر جابدۇقىنى راسلاپ، دادىسى بىلەن بىللە ياقا يۇرتقا — شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. يىراق، سەپەرگە بىرىنچى قېتىم ئاتلانغان گې يۈنپىڭ ئۆز مەھەللىسىدىن ئۇزاپ ماڭىدىغان چاغدا ئارقىسىغا قاراپ، ئۆز ئۆيىنىڭ مورىسىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈننىڭ بارغانسېرى غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئانىسىنىڭ قارىسى كۆزىدىن ئۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى



كۆرۈپ، بىردىنلا ئېسەنگىرەپ قالدى…

گې يۈنپىڭنىڭ شىنجاڭغا ئىككى ئەۋلاد رىزقى چۈشكەنىكەن. ئەسلىدە، ئۇنىڭ دادىسى ئىلگىرى شىنجاڭدا بىر چۆلدىكى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىدا ئىشلەپتۇ. قولىدىكى كىچىككىنە بولقا بىلەن ۋاگونلارنىڭ چاقلىرىنى تەكشۈرگۈچى بولغانىكەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدىغان خەلقئارا تۆمۈر يولنىڭ پۈتۈشىنى ئارزۇ قىلغانىكەن؛ كېيىن جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلاشقانلىقتىن، خەلقئارا تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى نائىلاج توختاپ قاپتۇ… گې يۈنپىڭنىڭ دادىسى ئىلاجسىز ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنىكەن.

ئارىدىن تەخمىنەن 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسى ئوغلى گې يۈنپىڭنى ئەگەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا — بۇ ھەم تونۇش، ھەم يات يۇرتقا كەپتۇ. بۇ قېتىم كېلىشتىكى مەقسىتى تىجارەت قىلىش ئىكەن.

ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ شەھەر تىرىكچىلىك قىلىشىمىزغا باب كەلمەيدىكەن، شىمال تەرەپكە ياكى غەرب تەرەپكە بېرىپ باقايلى دەپ ئويلاپ، ئاۋۋال شىخەنزىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر يۇرتدىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. يېرىم ئاي قاڭقىپ يۈرگەندىن كېيىن، غەرب تەرەپكە يول ئېلىپ كۈيتۇڭگە بېرىپتۇ. كۈيتۇڭدە يېرىم ئاي گاڭگىراپ يۈرۈپ، پاناھلانغۇدەك يەر تاپالمىغاندىن كېيىن يەنە غەرب تەرەپكە يول ئېلىپ، بورتالاغا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاڭقىپ يۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

گې يۈنپىڭ بورتالادا دادىسى بىلەن بىللە بازاردا يايمىچىلىق قىلىپ، باللار تاراڭلىتىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق تاڭگىر، خانىم - قىزلار چاچقا پۆپۈك قىلىپ قىستۇرىدىغان قىسقۇچ گۈل، ئاچقۇچ زەنجىرى، قۇلاققا ئاسىدىغان سۆكە - مونچاق دېگەندەك چەرچىن ماللارنى ساتتى، 10 تىيىن، 20 تىيىن پايدا قونسىمۇ ساتتى، ئۈچ تىيىن، بەش تىيىن پايدا قونسىمۇ ساتتى، تاما - تاما كۆل بولار دېگەندەك، بىر يىل ئىچىدە خەج - خىراجەتنى قىسىپ، تېجەپ يۈرۈپ، بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇل قىلىۋالدى؛ پىيادە يۈرۈش ئىمكانىيىتى بولسىلا ئاپتوبۇستا ئولتۇرمىدى، ئىككى موچەن خەجلەپ چاتما

ئاپتوبۇس بىلەن بارغىلى بولسىلا، بەش موچەنلىك ئارابۇسقا چىقمىدى؛ بىر قاچىسى 25 تىيىنگە توختايدىغان گۆشسىز لەڭمەن بىلەن قورساق تويدىغانلا بولسا، 45 تىيىنلىك گۆشلۈك لەڭمەن يېمىدى. گې يۈنپىڭ يايمىكەشلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، تارتمىغان دەرد - ئەلەملىرى قالمىدى، باشقىلارنىڭ تىل - ھاقارەتلىرىدىن سەۋر - تاقەتنى، كەڭ قورساقلىقنىمۇ ئۆگىنىپ قالدى؛ تۈرلۈك غۇربەتچىلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئىرادىدە، پەم - پاراسەتتە پىشتى، چېنىقتى... ئۇ بورتالادا تىرىكچىلىكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئوقەت قىلىش يوللىرىنى بىلىۋالدى.

يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىكى «ئۇزۇن سەپەر» سارىيىغا، «ئاممىۋى مېھمانخانا» (پالتاخۇنباي سارىيى) غا كىرىپ، توپ مال سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. كىيىم - كېچەك، ئاياغ، باش كىيىملىرى، چەرچىن مال... قولىدىن ئۆتكۈزمىگەن مال قالمىدى. سودا سارىيىدىن ئالغان بىر ئېغىز ئۆيىنى بىرنەچچە بۆلەك يايمىغا بۆلدى، بىر دانە قاتلىما سىم كارىۋاتنى بىر يايما قىلىپ كۈندۈزى مال يېيىپ ساتتى، كېچىسى ئۇخلايدىغان تۆشەك قىلدى. گې يۈنپىڭ كېچىدە دادىسىنى كارىۋات ئۈستىدە ياتقۇزۇپ، ئۆزى كارىۋات ئاستىدا يېتىپ قوپتى.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق جاپادا ئۆتسىمۇ، لېكىن كۆڭۈللۈك بولدى. ھەر كۈنى ئەل ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن، ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قىلىشىدىن پارىڭى باشلىنىدىكەن. تىجارەت توغرىسىدا، بازارنىڭ ئېقىشى توغرىسىدا، جاھاننىڭ كارى - بارى توغرىسىدا، كەلگۈسى بوداقلىرى توغرىسىدا ھال - مۇڭ قىلىشىدىكەن. پاراڭنى سوقا - سوقا ئېغىر ياتقۇ بولغاندا دادىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، دالاندىكى كىرسىن ئوچاقنى ياندۇرۇپ، ئوغلىغا تۇخۇم بىلەن گاڭپەن قورۇپ بېرىدىكەن.

تىجارەت چەرچىن مال، كىيىم - كېچەكلەرنى توپ سېتىشتىن



گېنېراتورنى توپ سېتىشقا ئۆتۈپتۇ. گې يۈنپىڭنىڭ سەرمايىسىمۇ كۆپىيىپ، مىليون يۈەنلەپ مال كەلتۈرەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ.

1990- يىلى گې يۈنپىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تىجارەت قىلىۋاتقان بىر يۇرتلۇقى — جېجياڭ ئۆلكىسى يىۋۇ شەھىرى شيالو بازىرىلىق جىن لىيەنلىيەن دېگەن قىز بىلەن تويلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جېنىغا ئەسقاتىدىغان ھەمدەمچىگە ئېرىشىپتۇ. شۇنداق بولغاچقا، «جېجياڭلىق سودىگەر» لەرنىڭ بىرمۇنچىسى شىنجاڭدا پۇل تاپقاندىن كېيىن، جېجياڭدىكى يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، گې يۈنپىڭ تۇرۇپ قېلىپ 1995- يىلى «شىنجاڭ سودا شەھەرچىسى» بىلەن شېرىكلىشىپتۇ. بار - يوق سەرمايىسىنى تۆكۈپ، قان - تەر ھېسابىغا توپلىغان 15 مىليون يۈەن پۇلىنى دەسمايە سېلىپ، «شىنجاڭ سودا شەھەرچىسى» دە 7- نومۇرلۇق بىنا بازارنى سالدۇرۇپتۇ. ئۇ ئەنە شۇ چاغدا تىرىكچىلىك قىلىش باسقۇچىدىن كەسىپ - ساھە تاللاش دەرىجىسىگە يۈكسىلىپتۇ.

ئۇ شىنجاڭدا، ئۆزىنىڭ «ئىككىنچى يۇرتى» دا روناق تاپماقچى ئىكەن.

2000- يىلى غەربنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش چاقىرىقى چىقتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنى خەلقئارا چوڭ سودا شەھىرىگە ئايلاندۇرىمىز دەيدىغان زور پىلان ئوتتۇرىغا چىقتى. گې يۈنپىڭ «شىنجاڭ سودا شەھەرچىسى» نىڭ «پېشقەدەم خوجايىنى» بىلەن يەنە بىر قېتىم شېرىكلىشىپ، 3 مىليارد 200 مىليون يۈەن دەسمايە بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك زامانىۋى بازارنى — «خەلقئارا سودا بىناسى» دېيىلىدىغان كاتتا سارايىنى بىنا قىلدى.

«چاڭجياڭ يولى» دا تۇرۇپ قارىغان ئادەمنىڭ قايسىبىرىنىڭ كۆزى يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى خەلقئارا سودا بىناسىغا — مۇنار شەكلىدە سېلىنغان 25 قەۋەتلىك ئىككى بىناغا، بۇ ئىككى بىنانىڭ ئارىلىقىغا ئېتەك شەكلىدە ئەگىتىپ سېلىنغان بەش قەۋەتلىك چاتما

بىناغا — ھەيۋەتلىك كاتتا سودا سارىيىغا چۈشمىسۇن؟ ! بۇ زامانىۋى كاتتا سودا سارىيىنى كەلگۈسىدە بولىدىغان كۈچلۈك رىقابەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، يەنىمۇ كۆپ تىجارەتچىنىڭ مۇشۇ كاتتا سودا سارىيىنىڭ پاناھلىقى بىلەن مىليونېر، تىرىليونېر بايلاردىن بولۇپ قېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، گې يۈنپىڭ ئەسلىي قۇرۇلۇش لايىھىسى ئۈستىگە يەنە 20 نەچچە مىليون يۈەن دەسمايە قوشۇپ، زىننەتلەش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. گې يۈنپىڭ گېپىدە تۇرىدىغان ئىناۋەتلىك ئادەم بولغاچقا، بۇ كاتتا سودا سارىيىدا تىجارەت باشلانغۇچە ئەسلىدىكى شىنجاڭ سودا شەھەرچىسىدىكى كونا تىجارەتچىلەردىن 400 نەچچە ئادەم خەلقئارا سودا بىناسىدىن بەس - بەس بىلەن دۇكان سېتىۋېلىپ، گې يۈنپىڭنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدى.

گې يۈنپىڭ 17 يىل جېجياڭدا بولدى. شىنجاڭغا كەلگىنىگىمۇ 18 يىل بولۇپ قالدى. ئۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان دەۋرىنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مىليونېر بايلاردىن بولۇپ قالغان چاغلىرىدا بايلىق سالاپىتى بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتىشى مۇمكىن ئىدى. مىلياردلىق باي بولۇپ قالغان چاغدا مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى يېقىملىق يۇرتى جېجياڭغا شەرەپ بىلەن قايتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇ قايتمىدى، قايتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، شىنجاڭغا يەنە نۇرغۇن دەسمايە سالدى، ئوغلىنى شىنجاڭدا تۇرغۇزدى، ئۇنىڭ نوپۇسىنىمۇ شىنجاڭغا ئالدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭلىقلار قاتارىغا قوشتى. نېمىشقا؟ ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمان قىلغان ئىشلىرى شىنجاڭدا، كۆڭلىمۇ شىنجاڭدا. ئۇنىڭ نەزىرىدە: «چاكىنا» ئادەم ئاتاق كويىدا بولىدۇ، «يېگانە» ئادەم خىزمىتى بىلەن تەمەننا قىلىدۇ، «تەۋەررۈك» ئادەملەر پەزىلەتـنى ۋە تۆھپىنى قەدىرلەيدۇ.

گې يۈنپىڭ ئۆزىنىڭ كاتتا سودا سارىيى بىلەن تېخىمۇ كۆپ تىجارەتچىنى مىليونېر بايغا ئايلاندۇرۇش بىلەنلا توختاپ قالماستىن،



ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ، ئاۋامنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇشنى ئارزۇ قىلماقتا.

---

— بۇ ماقالە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 11- ئىيۇل سانىغا بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ھاۋاسى

( نەسرىي خەۋەر )

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆڭكۆۋرۈك ھازىر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا
باشقىچە ئۆزگىرىپ كەتتى. لېكىن، شامال دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئاسمىنى-
دا يەنە شۇ ئىلگىرىكىدەكلا سوقماقتا، قۇياشمۇ دۆڭكۆۋرۈكنىڭ رەس-
تىلىرىگە يەنە ئىلگىرىكىدەكلا نۇر چاچماقتا. چۈنكى، دۆڭكۆۋرۈك
ئەزەلدىن قۇياشنىڭمۇ، شامالنىڭمۇ پەرزەنتى.
دۆڭكۆۋرۈكنىڭ قۇياشى بىلەن ھاۋاسىدا ھەقىقەتەن باشقىچە بىر
ھۇزۇر بارلىقىنى زەن سالىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەرقاندىقى ھېس قىلا-
لىسا كېرەك. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسىدىن خۇددى بىرنەچچە بالىنى ئېغىز-
لاندۇرغان ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسىڭىز، بىر خىل مەززىلىك
تائامنىڭ ھىدى بۇرنىڭىزغا ئۇرۇلغاندەك، شۇنىڭ مەززىسىدىن ئاغزى-
ڭىزغا غۇرتلا قىلىپ يۇتۇۋالغۇڭىزنى كەلتۈرىدىغان شېرىن سۇ كەل-
گىنىدەك، بىر خىل مەززە چىقىپ تۇرىدۇ.
ئېھتىمال، دۆڭكۆۋرۈكنىڭ بۈنىڭدىن بىرەر يۈز يىل ئىلگىرى
ياكى ئۈنىڭدىنمۇ بۇرۇن شۇنداق پەيزى، بولسا كېرەك.
شۇنداق! دۆڭكۆۋرۈك بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە خېلىلا ئاجايىپ
بىر يەر. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى مەززىلىك، تۇپىسىمۇ بەرىكەتلىك؛ گويا
بۇ شەھەردىكى ياشانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە ئولتۇراقلاش-
قاندەك، بۇ شەھەرنىڭ ھەممە ھېكايە - رىۋايەتلىرى شۇ يەردىن
تېپىلغاندەك قىلىدۇ. بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن: ئەگەر بۇ



شەھەردە دۆڭكۆۋرۈكتەك مۇشۇنداق بىر يەر بولمىسا، ئۇ چاغدا بۇ
شەھەر خۇددى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالغان ئۆمۈچۈك تورىغا
ئوخشاپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئۆمۈچۈك تورى ئاپتاپتا ۋىلىلداپ تۇر-
سىمۇ، ئۇنى ئېنىق كۆرۈش ئاسان ئەمەس.
مۇشۇ شەھەرلىك ئادەملەرنىڭ تولىسىنىڭ كۆڭلىدە ئۇ يەرنىڭ
ئۆتمۈشى توغرىسىدا ئۆچمەيدىغان بىر خىل تەسىرات بار دەپ ئىشىنى-
مەن. سىلەرنىڭمۇ ئېسىڭلارغا كەلگەندۇ! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم
شۇكى، قايسىبىر چاغلاردىدۇر، ئۇ يەردە قاتار كەتكەن تىككۈچىلىك
دۇكانلىرى، دوپپا - تۇماق دۇكانلىرى، موزدۇزچىلىق دۇكانلىرى،
زەرگەرچىلىك دۇكانلىرى بار ئىكەندۇق، يەنە قەلەم ئۇچىنى ئوڭلاي-
دىغان دۇكانلار، دورا - دەرمەك دۇكانلىرى، چاي دۇكانلىرى ۋە
گىلەم بازىرىمۇ بار ئىكەندۇق. ئۇ دۇكانلار رەستىلەرنىڭ ئىككى
يېنىدىكى كېسەك تاملىق ئۆيلەر ئىكەن، ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى ھېيت-
بايرام كۈنلىرىدە دۇكانلىرىنى ھاك بىلەن ئاقلايدىكەن، ھاك ئەسلىدە
ئاق بولىدۇ، لېكىن تامغا چىققاندىن كېيىن كۆكۈچ رەڭگە ئۆزگىرى-
دىكەن. ياز كۈنلىرى كۆكۈچ تاملارغا كۈن چۈشۈپ تۇرسا، دۇكانلار
دۇكان ئەمەس، ئۆيگە ئوخشاش كۆرۈنىدىكەن. دۇكانلارنىڭ ئارقىسى-
دا كۆكۈچ قىلىپ ئاقارتىلغان ھويلىلار بولىدىكەن، ھويلىلاردا گۈل-
لىرى قىزىرىپ ئېچىلىپ تۇرىدىغان يوغان - يوغان سۆگەت گۈللەر
بولىدىكەن. قىزغۇچ گۈل، كۆكۈچ تام ھەقىقەتەن بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ
كونا رەڭگى ئىكەن. بۇ مەھەللىۋى تۈس بولسىمۇ، لېكىن ئۇلى
تولىمۇ چىڭ ئىكەن! شۇنىڭ ئۈچۈن، تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ
تۇرغان ھۆپىگەرلەر بەھۇزۇر ئىكەن. توغرا، شۇنداق. ھازىرقى سو-
دىگەرلەرگە سېلىشتۇرساق، ئۇ چاغدىكى سودىگەرلەر گويا بار ۋەس-
لىمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دەپ غەم يېمەيدىغاندەك، بىرەر نەرسىنى
قولغا كەلتۈرۈۋالسام بولاتتى دەپ ئالدىرىمايدىغاندەك، ھەقىقەتەن
خېلىلا بەھۇزۇر ياشايدىكەن.
ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سەنئەتخاڭىزا كوچىسىدىن دۆڭكۆۋرۈك
تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، ھازىرقى دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا يېقىن يەردە

بىرنەچچە دوپپا - تۇماق دۇككىنى بار ئىدى. ئىسمىدە قېلىشىچە،
ئۇلار خۇددى ئۆتەڭگە يېتىۋېلىشقا ئانچىمۇ ئالدىراپ كەتمەي، سەھرا-
نىڭ چىغىر يولىدا گۈگۈم چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئاسقىماي ماڭغان
هارۋىلارغا ئوخشايتتى. دۇكان ئىگىلىرى يېشىل، توق كۆل رەڭ،
قېنىق جىگەر رەڭ، سۇس يېشىل، سۇس كۆل رەڭ، سۇس جىگەر-
رەڭ دوپپىلارنى ئىشىك بېشىغا، دۇكاننىڭ ئالدى تاملىرىغا، ئىشىك
قانىتىغا، دۇكانىڭ ئىچ تاملىرىغا قاتار - قاتار ئىلىپ قويۇاتتى.
دۇكان خۇددى ئۇرۇقلىرى تىزىلغان قاتار تاختىسىغا ئوخشايتتى.
ياشتا خېلى چوڭ دۇكاندارلارنىڭ بەزىسى تولا چاغلاردا دۇكاننىڭ
ئالدىدىكى «قاتار ئويناش تاختىسى» يېنىدا ئولتۇراتتى، بىرەر خېرى-
دار كېلىپ سوراپ قالسا، هېلىقى «تاختا» دىكى «ئۇرۇق» نى قولىغا
ئالىدىكەن. خېرىدار بولمىسا، كوچىدا كېتىۋاتقان هارۋىلارغا ياكى
ئەتراپىدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئوقەتچىلەرگە قاراپ ئۆز جايىدا ئولتۇر-
غىنى ئولتۇرغانىكەن.

دۆڭكۆۋرۈك خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا ناهايىتى مودىكەش يەر
ئىكەن. قايسىبىر چاغلاردا دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىدا چىرايلىق كەش-
تە قىلىنغان داستىخان، يوتقان قېپى، ياستۇق قېپى بار ئىكەن،
قول بىلەن گۈل تىكىلگەن بۇيۇملارمۇ بار ئىكەن. ئۇ چاغلاردا مەنمۇ
باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش، بۇنى ئالاهىدە بىر ئەھۋال دەپ قارىمى-
غان. لېكىن، كېيىنكى چاغلاردا بېيجىڭغا ئوقۇشقا بېرىپ قالدىم،
بېيجىڭدىكى «دىرۇژبا (دوستلۇق) ماگىزىنى» دا شۇنداق مال، بۇيۇملا-
رنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ هەم مەدەنىيەت، هەم مودا ئىكەنلىكىنى، خەلق-
ئارا بازارلاردا قەدىرلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى بىلدىم. هالبۇكى،
شۇ چاغلاردا بېيجىڭدا «دىرۇژبا ماگىزىنى» غا كىرمەك تولىمۇ مۇشكۈل
ئىدى. ئۇرۇمچىدە بولسا دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرى هېلىقى موزدوزچى-
لىق دۇكانلىرىنىڭ، دوپپا - تۇماق دۇكانلىرىنىڭ يېنىدا بولۇپ، نە-
نەلەردىن كەلگەن ئادەملەر خالىغاندا كىرىپ كېتىۋېرەتتى.

دۆڭكۆۋرۈك ئەزەلدىن تارتىپ بۇ شەهەردە كىيىم مودىلىرىنى
نامايان قىلىپ كەلگەن يەر ئىكەن. ئەسلەپ قارىسام، ئۇ يەردىكى



كىچىك دۇكانلاردا، سودا سارايلىرىدا 10 يىللىق پاراكەندىچىلىك
يىللىرىدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چوڭ - كىچىك هەممە ئادەم كۆل
رەڭ كىيىم - كېيىدىغان چاغلاردىمۇ ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە ساتى-
دىغان دۇكانلار، ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە سېتىۋالىدىغان ئادەملەر
ئۈكسۈپ قالمىغان؛ شۇنداق بەتىنكىلەرنى تىكىدىغان ئۇستىلارمۇ
ئۈكسۈپ قالمىغان. ئەمدى قارىسام، شۇ ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكىلەر
ناهايىتى سىپتا دېگۈدەك تىكىلمىگەن بولسىمۇ، رەختى ئېسىل ئىدى.
رەڭگىنىڭ تۈرىمۇ هازىرقىدىن قېلىشمايتتى. ئەسلىشىمچە، تېخى
يېقىنقى يىللاردىمۇ يەنە بەزى ياشانغانلار دۆڭكۆۋرۈككە ئالايىتەن كە-
چىك دۇكاندار ئۇستىلارنى ئىزدەپ كېلىپ ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە
بۇيرۇتىدىكەن… بۇنداق ئەھۋاللار ئاڭلىماققا خۇددى ياشانغان ئادەم-
لەرنىڭ كونا يولدا مېڭىشنى، كونا هارۋىلاردا ئولتۇرۇشنى ياكى
ئىشلەتكۈچىلىكىمۇ قالمىغان بىرەر كونا سىياھ قەلەمنى ئىشلىتىشنى
خۇمارداپ قالغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما بۇنىڭدىن دۆڭكۆۋرۈككە
مېھرى بار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. هەر زاماننىڭ ئادەملىرىنىڭ
شۇ زامانغا لايىق مېھرى بولىدۇ، مېھىر ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسى-
ۋىتىنىلا بىر - بىرگە چېتىپ قالماستىن، ئۆتمۈش بىلەن هازىرنى
بىر - بىرگە چاتىدۇ.

پارىڭىمىز بۇ يەرگە يەتكەندە، كونا دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئاخىرقى
چاغلىرى ئۇستىدە توختالماي بولمىدى.

ئانىسى يەنئەنلۇ كوچىسىدا ئولتۇرىدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى.
ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مۇنداق بىر پاراڭ قىلىپ بەر-
گەن: بىر شەهەردە ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئانىسىنى يوقلاپ بېرىش
هەقىقەتەن تەس بولغانىكەن، چۈنكى ئۇ دوستۇم هەرقاچان ئانىسىنىڭ
ئۆيىگە يوقلاپ بارسا، ئانىسىمۇ «ئانىسىنىڭ ئۆيى» گە كېتىپ قالىدى-
كەن. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ «ئانىسىنىڭ ئۆيى» بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل
ئىلگىرى چېقىپ تاشلانغان كەشتە - ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى سېتى-
لىدىغان دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىدا ئىكەن. دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە،
ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ «ئانىسىنىڭ ئۆيى» گە بولغان مېھرى كىچىك بالا

ۋاقىتتىن تارتىپ پەيدا بولغانىكەن.

ئۆز ۋاقتىدا ئانىسى ياتلىق بولىدىغان چاغدا تويلۇقنى دۆڭكۆۋرۈكتىن سېتىۋالغانىكەن؛ كېيىن ئوغلىنى ئۆيلەيدىغان چاغدا كېلىنگە بېرىدىغان ئالتۇن جابدۇقلارنىمۇ دۆڭكۆۋرۈكتىكى زەرگەرلەرگە ياساتتۇرۇپتۇ. قىزىنى ياتلىق قىلىدىغان چاغدا ئۇنىڭ تويلۇق كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ دۆڭكۆۋرۈكتىكى ماشىنىچىلارغا تىكتۈرگەنىكەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى دۆڭكۆۋرۈك بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنىدى. ئەگەر ۋاقىت ئارقىسىغا يانىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بار-يوق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دۆڭكۆۋرۈككە قايتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، كونا دۆڭكۆۋرۈك ئاللىقاچان چېقىلىپ تۈگىدى. بۇ گەپلەردىن كونىغا بىرئاز تارتىشقاندەك مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ھېلىقى دوستۇمنىڭ پاراڭلىرىغا قارىغاندىمۇ، كونا سودا بازىرى چېقىلغان كۈنى ھەقىقەتەن بىرمۇنچە كونا چوپقەتلەر كۆزلىرىگە ياش ئالغانىكەن، ئەمما ئۇنىڭ مىجەزى ناھايىتى ئوچۇق بولغان ئانىسى «ئانىسىنىڭ ئۆيى» چېقىپ تاشلانغانلىقىدىن تولىمۇ ھەسرەتلىنىپ كەتمەپتىكەن. چۈنكى، ئانىسى كونا سودا بازىرى چېقىلىشتىن ئىلگىرى بازاردىكى تاۋار ماللار ئەرزان سېتىلىۋاتقان چاغدىلا، كېيىن لازىم بولۇپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا سېتىۋالىمەن دېسەڭ تېپىلمايدۇ، دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قويغانىكەن. گۈل چېكىلگەن داستىخاندىن بىراقلا 10 نەچچىنى سېتىۋالغانىكەن. كېيىن ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىنىڭ توي-تۆكۈن ئىشلىرى بولۇپ قالسا، ئانىسى ئەنە شۇ نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىدىكەن. داستىخاننى سوۋغات قىلغاندا: «بۇ كونا دۆڭكۆۋرۈكنىڭ تەۋەررۈكى، چىدامىلىق، نەپىس، قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق، ھازىر چوڭ سودا سارايلىرىدىكى نەرسىلەر كونا دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ماللىرىغا قارىغاندا ئەرزان، لېكىن ئالغىڭىز كەلسە بۇنداق جىڭ مالنى تاپالىشىڭىز ناتايىن» دېيىشنى ئۇنتۇمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن سوۋغاتنى ئالغان ئادەمنىڭمۇ خۇددى باللىرىغا بىرەر پارچە تارىخنى پۇل تۆلەپ ئېلىپ بەرگەندەك، كۆڭلى توق بولۇپ



قالىدىكەن...

مانا بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كونا دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى قالمىدى.

ئەمەلىيەتتە شۇنداق دېمەكمۇ تەس. ھازىرقى دۆڭكۆۋرۈك ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ھاۋاسى ۋاژ-ۋۇژ، سودا ئىشلىرى كەل-كەل، ئىمارەتلىرى ئىلگىرىكىدىن چىرايلىق، چىراغلىرى ئىلگىرىكىدىن يورۇق، ئەپت-تۇرقى مودا، رىتىمى ئىلگىرىكىدىن كۆپ، تېز بولسىمۇ، لېكىن مەن باشقا نۇرغۇن ئادەمگە ئوخشاشلا، يەنىلا بۇنىڭدا بىرخىل ئەنئەنىۋى ئۇدۇم يوق ئەمەس دەپ ئويلايمەن: ئالدى بىلەن ئۇ يەردە نەغمە-ناۋا بار، تۇرلۇك قاق-جىگدە دېگەندەك يېمىشمۇ بار.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەنئەنلۇ كوچىسىدىن دۆڭكۆۋرۈك تەرىپىگە قاراپ ماڭسىڭىز، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كىچىك دۇكانلاردىن ياڭراۋاتقان نەغمە-ناۋالار كىشىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. خۇددى بۇ دۇنيادا مۇزىكا ساداسى ۋە غەزەلدىن باشقا نەرسە يوقتەكلا، زادى قانچىلىك ئىشقىۋاز ناخشىچىلارنىڭ تۇرمۇشنى، مۇھەببەتنى خۇمادىن چىققۇچە بېرىلىپ كۈيلەۋاتقانلىقىنى، قانچىلىك راۋاب ياكى دۇمبۇرنىڭ قانچە ئەسىردىن بۇيانقى تەۋەررۈك كۈيلەرنى ھېرىسمەنلىك بىلەن ياڭرىتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالىسىز. دۆڭكۆۋرۈك ئىلگىرى نىسپىي جىمجىت ئىدى. بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى شۇكى، ئۇ چاغدا مۇزىكا تەخسىسى يوق ئىدى. ھازىر نەغمە-ناۋانىڭ ھەممىسى يالتىراق تەخسىگە چۈشۈرۈپ ياڭرىتىلىدىغان بولدى. سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، شياڭگاڭ، تەيۋەن ناخشىچىلىرىنىڭ ناخشىلىرى، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ يېزا مۇزىكىلىرىنى دۆڭكۆۋرۈكتە ئاڭلىماق تەس، گويا ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا دەم ئېلىشقا كېتىپ قالغاندەك. مەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغىنىمدا دوستلىرىمنىڭ باللىرىغا سوۋغات قىلىپ بېرىش ئۈچۈن دۆڭكۆۋرۈككە ئاتايىن بېرىپ يالتىراق مۇزىكا تەخسىسى سېتىۋالدىم. چۈنكى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نەغمە-ناۋا تەخسىلىرى بازارلىرىدا ئۇنداق نەرسىلەرنى ئۇچراتماق تەس.

ئەمدى پاراڭنى دۆڭكۆۋرۈكتىكى يېمىشلەرگە يۆتكەيلى. ئۇ يەردىكى ئوقەتچىلەرنىڭ يايما دۇكانلىرىدا قاق - ياڭاق دېگەندەك قۇرۇق يېمىشلەر ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاشلا رەت - رېتى بىلەن دۆۋىلەپ قويۇلغان. رەڭگى ھەر خىل، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاشمايدىغان قۇرۇق يېمىشلەر ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا دۇكانلاردىن ئۆكسۈمەيدۇ. دۇكانلارنىڭ ئالدىغا يېقىن بېرىپ قارىسىڭىز، يېمىشلەرنىڭ تولىمۇ رەتلىك تىزىلغانلىقىنى كۆرىسىز، گويا ئوقەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدا گېئومېتىرىيىنى ياخشى ئوقۇغان بولسا كېرەك، كېيىنكى كۈنلىرىدە قۇرۇق يېمىش تىجارىتى بىلەن مەشغۇل بولغاندا، مەكتەپتە ئۆگەنگەن ماھارىتىنى قۇرۇق يېمىشلەرنى دۆۋىلەشكە، تىزىشقا ئىشلىتىۋېتىپتۇ دەپ قالىسىز. ئۇ ھەقىقەتەن كارامەت بىر ھۈنەر ئىكەن: يېمىش ساندۇقىدىن يېرىمى دېگۈدەك ئېشىپ - تېشىپ چىققان قۇرۇق ئۈزۈمنى خۇددى مىسىردىكى ئەلئەھرام مۇنارىغا ئوخشىتىپ دۆۋىلەيدىكەن. خېرىدار كېلىپ ئالماقچى بولسا، ئوقەتچى كىچىككىنە كۆرەك بىلەن كۆرەپ ئالىدىكەن - دە، مۇنار چېچىلىپ چۈشمەيدىكەن. ئېيتىڭە، شۇنداق ئوقەتچىلەرنىڭ ئوقىتى بەرىكەت تاپماي قالارمۇ؟

راست، دۆڭكۆۋرۈك مېنىڭ نەزىرىمدە يەنە شۇ ئىلگىرىكى دۆڭكۆۋرۈك. چۈنكى ئۇ، مەزمۇنى يوق پۇچەك، شاكال ئەمەس. كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان سودا دۇكان - سارايلىرىنىڭ ئۇ يەردە يىلتىز سۈرۈشى ئۈچۈن يەنە بىرئاز ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.

— بۇ نەسرىي خەۋەر خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 4- سېنتەبىر ساندىكى «ئەدەبىي خەۋەر» بېتىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# ئىپارخان

## — چيەنلۇڭ پادىشاھنىڭ ئۇيغۇر توقلى توغرىسىدا

(تەرجىماندىن ئىلاۋە: خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 27- نويابىر ساندىكى «تارىخنى كوچىلىغاندا» سەرلەۋھىلىك مەخسۇس بېتىدە «تارىخنىڭ سارغىيىپ كەتكەن ۋاراقلىرى» ناملىق ئىستون بىلەن جى داچۈن ئىمزالىق يۇقىرىقى تېمىدىكى ماقالە بېسىلىپ چىقتى. ئىپارخان ھەققىدىكى ھېكايە، چۆچەك، داستان خېلى كۆپ تارقالغان بولسىمۇ، بۇ ھەر ھالدا خەلقىمىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ھەرقاچان تارتىپ تۇرىدىغان تارىخ بولغاچقا، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئارمانلىرىغا ھەمدەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن نىيەتتە تەرجىمە قىلىپ سۇندۇم. مەن ئوقۇغان خەنزۇچە تارىخىي كىتابلار، تەزكىرىلەر، قىسسەلەر ۋە كۆرگەن پىڭجۈي دەپ ئاتىلىدىغان، مەخسۇسلا ئىپارخان تەسۋىرلىنىدىغان چاڭچىلە ئەسەرلىرى، ئىپارخانغا ئاتاپ ئىشلەنگەن كىنو كۆرۈنۈشلىرىنى تاللاپ رەسىملىك كىتابچە قىلىنغان «بالىلار كىتابچىلىرى» ۋە باشقىلارغا قارىغاندا، «تارىخنىڭ سارغىيىپ كەتكەن ۋاراقلىرى» دىكى ئىپارخان ھەققىدىكى بۇ مەزمۇنلاردا پەرق يوق ئەمەس. تارىخنىڭ ئۆزىنى بىر تۈپ دەرەخكە تەمسىل قىلساق، شۇ بىر تۈپ دەرەخ دۆڭدىن قارىغان ئادەمگە بىر خىل، ئويماندىن قارىغان ئادەمگە بىر خىل، ئالدى تەرىپىدىن ياكى ئارقا تەرىپىدىن قارىغان ئەدەمگە يەنە بىر خىل كۆرۈنۈشى تەبىئىي. شۇنداق بولسىمۇ دەرەخنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتە-

شى ناتايىن. لېكىن، «تارىخ» تىن ئىبارەت ئەينى ۋەقە خۇددى بىر تۇپ دەرەخكە ئوخشاش بولسىمۇ، شۇ بىر ۋەقەنى بايان قىلغۇچىلارنىڭ پۈككەن غەرەزلىرىگە قاراپ بىر - بىرىدىن پەرقلىق مەزمۇنلارغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. مەسىلە زادى قانداق؟ مەن ئۆزۈممۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن. قېنى، بۇنىمۇ كۆرۈپ باقايلى. «مۇزاكىرە، مۇنازىرە قانچىكى كۆپ، قانچىكى چوڭقۇر بولسا، چىن ھەقىقەت شۇنچە ئايدىڭلىشىدۇ» دەپتىكەن ئالىملىرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ماقالىنىمۇ ئوقۇپ كۆرۈش ئارتۇقچە بىر ئىش بولمىسا كېرەك. تەرجىمە قىلىپ سۇندۇق. مالال كۆرمەي ئوقۇپ باقارسىلەر.)

چيەنلۇڭ پادىشاھ ئۆز ئۆمرىدە مانجۇ، موڭغۇل، خەنزۇدىن بولۇپ 40 نەچچە كىچىك خوتۇن ئالغانىكەن. 1760- يىلى بىر ئۇيغۇرنى يەنى شىنجاڭدىن پايتەختكە بارغان ھۇسىيىن خوجىنىڭ جىيەن قىزى، تۇردىنىڭ سىڭلىسىنى خان ئاغىچا قىلىپ ئالغانىكەن.

باشپاناھلىق ئەللەر بېگى ( 辅国公 ) ھۇسىيىن خوجىنىڭ جىيەن قىزى ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن «خېنىم بولۇپ قاپتۇ. خوجا ئەۋلادى بولغاچقا «خوجا خېنىم» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ شۇ يىلى 26 ياش، چيەنلۇڭ 49 ياش ئىكەن. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، «خوجا خېنىم» ئۇنۋانىغا مۇشەررەپ بولۇپ كەڭ قورساق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كۇشاد كېنىزەك» ( 容嫔 ) دېگەن نامغا، ئالتە يىلدىن كېيىن «كۇشاد خېنىم» ( 容妃 ) دېگەن ئۇنۋانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

تاۋار - دۇردۇن، يوتقان - كۆرپە، ئالتۇن - كۆمۈش بېزەك جابدۇقلار ۋە تۇرلۇك ئۆي جابدۇقلىرى ئىپارخان ئوردىغا كىرىشتىن ئىلگىرىلا تەييارلاپ قويۇلغانىكەن. ئىپارخاننىڭ ئېگىن - ئاياغلىرىدا ھېچقانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغاندەك، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانچە «مېھمانلىق كىيىم» تىكتۈرۈشۈپ بېرىپتۇ. مەنچىڭ دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇڭگانلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىمۇ «مۇسۇلمان» دەپ ئاتايدىكەن.

خوجا خېنىم «كۇشاد كېنىزەك» دەرىجىسىگە نائىل بولغاندىن



كېيىن، ئۇچتۇرپاندىن پايتەختكە جىگدە كۆچىتى يۆتكەپ كېلىشتەك بىر ئىش بولغانىكەن. پادىشاھتىن رەسمىي پەرمان بولمىسىمۇ، شۇ ئىشنى قىلىش توغرىسىدا «ھايت» دەپ قويغانلار بار ئىكەن. جىگدىنىڭ «چېچىكى چىرايلىق، يوپۇرمىقى كۈمۈش، غولى قاتتىق، شېخى يۇمران» دەيدىغان تەرىپى بار، جىگدە چېچەكلىگەن مەزگىلدە يىراق - يېقىننى شېرىن ھىد قاپلاپ كېتىدۇ. 1765- يىلى باش ئەتىيازدا ئۇچتۇرپاننىڭ ئەمەلدارلىرى، بەگلىرى جىگدە كۆچەتلىرىنى سوغىلارغا كۆچۈرتكۈزۈپ، 240 ئادەمنى كۆتۈرۈپ توشۇش ھاشىرىغا سالغانىكەن؛ مەنسەپدارلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ماللىرىنىمۇ، خۇسۇسىي ئىشلىرىنىمۇ شۇ ھاشارچىلارغا ئارتىدىكەن. شۇنداق قىلىش ئۆز ۋاقتىدا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاشارچىلار ھەقسىز ھاشارغا قارشى كۈرەش قوزغىغانىكەن.

ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى مەلۇمات چيەنلۇڭ پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشكەندە، چيەنلۇڭنىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلەردە 4- قېتىم سەيلە - ساياھەتتە بولۇپ تۇرغان چېغى ئىكەن. دەل - دەرەخلىرى ياشىرىپ، گۈل - چېچەكلىرى ئېچىلىپ تۇرغان چىمەنزار يۇرتلارنىڭ باھار ھاۋاسىدا كۆڭلى يايراپ تۇرغان چيەنلۇڭ شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇشتۇمتۇت ئاڭلاپ تولىمۇ بىئارام بولۇپ: جىگدە كۆچىتى ئەۋەتىش ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەسقۇ، ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ئادەمنى ئىشلىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ دەپ كايىپتۇ. دېمەك، شۇ ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە بوداق بار ئىكەندۇق. شۇڭا، ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇچتۇرپان شەھىرى ۋەيران قىلىۋېتىلسۇن، شەھەر ئىچىدىكى ئەركەك زاتى قويماي قىرىپ تاشلانسۇن. ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇل قىلىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىۋەتسۇن، دەپ پەرمان قىپتۇ. كېيىن ئاچچىقى بىرئاز بېسىلغاندا، قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئەركەكلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن، ئۇلارنىڭ بالىۋاقىلىرى قۇل قىلىپ سۈرگۈن قىلىنسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان گەپنى قايتا ئېغىزغا ئالماپتۇ.

شۇنداق چوڭ بالا - قازانى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن،

جىگدە كۆچىتى توشۇيدىغان ئىشلار قايتا تىلغا ئېلىنمايدىغان بوپتۇ، چارباغلاردىمۇ كىشىنى مەست قىلىدىغان جىگدە پۇراقلىرى يوقىلىپ كېتىپتۇ. پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق بولسا كېرەك، كۇشاد خېنىمغا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئىپارخان» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان ئوخشايدۇ. ھەرەمباغدىكى ھۆرلەرنىڭ قايسىبىرى ئىپاردەك پۇرىمىسۇن؟ «ئىپار» دېگەن سۆز نېمە ئۈچۈن كۇشاد خېنىمغىلا چاپلىشىپ قالىدۇ؟

جەنۇبىي ئۆلكىلەرگە سەيلە - ساياھەتكە بېرىش كۇشاد خېنىم ئۈچۈن بىرىنچى قېتىملىق ساياھەت ئەمەس. خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ «كۇشاد كېنىزەك»لىككە ئېرىشكەندىن كېيىنكى 1762- يىلى كۈزدە، مەلىكە بىلەن پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋىچاڭ ناھىيىسىگە ئوۋ تاماشاسى قىلىشقا بارغانىكەن. ئۇ يەرنىڭ تاغلىرىمۇ، باغلىرىمۇ بار ئىكەن، ھاۋاسى سالقىن، دائىرىسى كەڭ، مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەن. كاڭشى 1681- يىلى ئۇ يەرنى پادىشاھلىق ئوۋ مەيدانى قىلىۋالغانىكەن، كېيىن ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىگە «رېخېدىكى يازلىق ئوردا» قۇردۇرۇپ، ئۇنىڭغا «يازلىق چارباغ» دەپ لەۋھە يېزىپ بەرگەنىكەن. رېخېمۇ، يازلىق چارباغمۇ ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې شەھىرىدە ئىكەن. چيەنلۇڭ يازلىق چارباغقا ناھايىتى زوقلىنىدىكەن، تولا چاغلاردا ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى شۇ يەرگە باشلاپ بېرىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىكەن. شۇ يەردە يازلايدىكەن، خانزادىلىرى بىلەن شۇ يەردە ئوۋ - شىكار قىلىشنى مەشىق قىلىدىكەن. موڭغۇل ۋاڭلىرى، ئۇيغۇر بەگلىرى، تىبەت راھىبلىرى ۋاھاكازالار بىلەنمۇ شۇ يەردە كۆرۈشىدىكەن، زىياپەتتە بىللە بولىدىكەن، بىللە ئوۋ قىلىدىكەن، ئاكابىر- ئەشرەپلەرگە شۇ يەردە ئىنئام بېرىدىكەن.

كېيىن يەنە 1771- يىلى چيەنلۇڭ شەرق تەرەپتىكى تەيشەن تېغىغا سەيلە قىلىپ بارغىنىدا چۈيفۇدىكى كۇڭزى مازىرىنىمۇ تاۋاپ قىلغان. شۇ چاغدا كۇشاد خېنىم ۋە باشقىلارمۇ ھەمراھ بولغانىكەن. 1778- يىلى كۈزدە چيەنلۇڭ سەددىچىنىنىڭ شەنخەيگۇەن دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، مانجۇ خەلقىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان شەرقىي شىمالنى



ئايلانغان. شۇ چاغدا چيەنلۇڭغا ھەمراھ بولۇپ بارغان ئالتە نەپەر خان ئاغىچا، كېنىزەك ئىچىدە كۇشاد خېنىم (ئىپارخان) ھەم زىبا، ھەم ئەقىللىق «دانا خېنىم»نىڭ ئارقىسىدىنلا ئورۇن تۇتىدىكەن، يەنى خان ئاغىچىلار قاتارىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن، ئۇلار مەنچىڭ خاندانى سەددىچىن دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى «شېنجىڭ» دەپ ئاتىلىپ ئامانەت ساقلاپ قېلىنغان كونا پايتەخت (شېنياڭ) دىكى ئۈچ قەبرىنى تاۋاپ قىپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە «شېنياڭدىكى مۇقەددەم ئوردا» دەپ ئاتىلىۋاتقان كونا ئوردا — خان سارايلىرىنى زىيارەت قىپتۇ. 1779- يىلى دانا خېنىم، كۇشاد خېنىملار چيەنلۇڭغا ھەمراھ بولۇپ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يىشيەن ناھىيىسىدىكى «پايتەختنىڭ غەربىدىكى قەبرىگاھ»قا بېرىپ، چيەنلۇڭنىڭ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئاتا - ئانىسى يۇڭجېڭ پادىشاھ بىلەن شياۋشېڭ مەلىكىنى زىيارەت قىپتۇ.

1780- يىلى چيەنلۇڭ 70 ياشقا توشقان يىل ئىكەن. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا كۇشاد خېنىم يوق ئىكەن. 1781- يىلىدىكى يۈەنشياۋ بايرىمى يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىدا، تاۋۇز چاغىنى ھارپا كېچىسى (يىلىنىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى) چيەنچىڭ سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. شۇ بايراملاردىكى زىياپەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە كۇشاد خېنىم داخىل بولۇپ، چيەنلۇڭغا يانداش شىرەدە ئولتۇرۇپتۇ. 1785- يىلىدىن باشلاپ يەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈكى ئادەتتىكىدەك بېرىلىپ تۇرۇپتۇ، زىياپەت سورۇنلىرىدا ئاز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، كۇشاد خېنىمنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمىگەن بولسا كېرەك، 1787- يىلىدىكى كۆتەك دەپتەرلەردە كۇشاد خېنىمنىڭ دورا يېگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە بار ئىكەن. بۇ ئاغىچا خېنىم 1788- يىل 5- ئاينىڭ 24- كۈنى 55- يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. كۇشاد خېنىم ئوردىغا كىرگەندىن تارتىپ ۋاپات بولغۇچە خان ئوردىسىدا 28 يىل تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ پەرزەنت كۆرگەنلىكى توغرىسىدا قەيت قىلىنغان خاتىرە يوق ئىكەن. ئۇنىڭ مۇسىبىتىگە ھازا تۇتۇلۇپ، ئۇزىتىش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كې-

يىن، شۇ يىلى كۈزدە چىيەنلۇڭ پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن 8- شاھزادە يۇڭشۇەن ئۇنىڭ مۇردىسىنى ئالتۇن ساندۇق بىلەن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ زۇنخۇا دېگەن يېرىدىكى «پايتەختنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقى»غا يۆتكەپ بېرىپ دەپنە قىپتۇ.

«پايتەختنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقى» دىكى چىيەنلۇڭنىڭ خېنىملىرى دەپنە قىلىنغان «خېنىملار زاراتگاھلىقى» ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى بوران - چاپقۇنلارنىڭ تەسىرى ۋە كېيىن ئوغرىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان. 1979- يىلى «مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقى» مەدەنىيىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاسراپ ياساشقا كىرىشكەندە بىر يەر ئاستى قەسرىدە مېيىت ساندۇقىنىڭ سىرتىغا يېزىلغان «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم···» دېگەن ئەرەبچە خەتلەرنى ئۇچراتقان. قۇرئاننىڭ بۇ ئايەتلىرى باشقا مېيىت ساندۇقلىرىغا تىبەتچە يېزىلغان بۇددا ئىبارىلىرىگە ئوخشىمايدىكەن. بۇ مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدا ئىسلام دىنىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مېيىت ساندۇقىدىكى مۇردا ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇستىخانلىرى بار ئىكەن. پۈتۈن ھالىتىدە تۇرغان باش سۆڭىكىنىڭ ئاغزىدا بەش تال چىشى قاپتۇ، يەنە 85 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاق سانجىغان بىر ئۆرۈم چېچىمۇ تۇرۇپتۇ. ئەنە شۇ نەرسىلەرگە قاراپ، مەرھۇمنىڭ 50 — 60 ياشلاردىكى ئايال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىكەن.

دېمەك، كۇشاد خېنىم ئىپارخاننىڭ خەلقئالەم ئالدىدا تۇرغان قەبرىسى تارىخلاردىكى ۋە كۆتەك دەپتەرلەردىكى خاتىرىلەرگە تامامەن ئوخشايدىكەن.

---

— جى داخۇن ئىمزالىق بۇ ماتېرىيال خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 27- نويابىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# «تۇتۇرۇقسىز گەپ» توغرىسىدا

بىر ئۇيغۇر دوستۇمنىڭ تېلېفوندا ماڭا ئېيتىشىچە، ئۇ يېقىندا يار - بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان بەزى ماقالىلىرى ئۈستىدە گەپ بولۇپ قاپتۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ماقالىلىرىدە «تۇتۇرۇقسىز گەپ» تولا ئىكەن، دەپتۇ. شۇڭا ئۇ، ماقالىنى شۇنداق ئۇسلۇب بىلەن يېزىشنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداق ئۇسلۇبىنى قەتئىي ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

ئۇنىڭ يار - بۇرادەرلىرى ئېيتقان «تۇتۇرۇقسىز گەپ» دېگەن نېمە؟ ئۇ يازغان ماقالىدە توغرا بىلەن ناتوغرىنى ئايرىماسلىق، «ھە، شۇنداق» دەيدىغان گەپلەرنى تولا قىلىش، «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەيدىغان گەپلەردىن يىراق قېچىش دېگەن گەپ. بۇنداق گەپلەر تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ھەممىنى ياخشى دەپ ماختاپ مەدھىيە ئوقۇشتىن باشقا گەپ ئەمەس.

بىز ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ بەزى ماقالىلىرىدە ئۆز مىللىتىمىزگە خۇشامەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر چىشىغا، زىتىغا تېگىپ قويسام مىللىتىمىز جامائەتچىلىكى ئىچىدە گەپ - سۆزگە، تاپا - تەنىگە قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيدىغان ھادىسىلەر پات - پاتلا ئۇچراپ قالىدۇ. شۇنداق ئەندىشىلەر بولغاچقا، قەلەمنى قولغا ئالغاندا دۇدۇقلاپ قالىمىز، گەپنى ياساپ - يوپۇتۇپ ئاۋارە بولىمىز. يازغان ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ھەممە ئايان، لېكىن يېزىلىپ چىققىنى مۇجمەل. بۇنداق ماقالىلەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن،

ئۇنىڭدا زادى نېمە دېيىلگەنلىكىنى بىلمەي قالىسىز.

ئۇلار زادى نېمىگە تېگىپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدۇ؟ سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلساق، ئۇلار ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارغا ۋە ئەنئەنىۋى كۆزقاراشتىكى ئادەملەرگە تېگىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ.

ئەنئەنىگە كەلسەك، بەزىلەر مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى شۇ مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىدىكى پارلاق ئىجادىيەتتۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئون ئىككى مۇقام»، «ناۋائى داستانلىرى»، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، «جاڭغىر» داستانى ۋە باشقىلار يالغۇز بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭلا بولۇپ قالماستىن ھەم جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى جاۋاھىراتتۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتساق، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەئەللۇقتۇر. بۇ تەۋەررۇكلەر مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ. خەنزۇ مىللىتىنىڭ نۇرغۇن مەدەنىي مىراسلىرىغا ئوخشاش، ھەرقايسى دەۋردە تەتقىق قىلىشتا نەزەردە تۇتۇلىدىغان تەرەپلىرىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئەسلىي قىممىتىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئىنكار قىلىش تارىخقا تۈزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى كۆزقاراش بولسا بۆلەك گەپ. كۆزقاراش مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كېلىدۇ، مۇئەييەن ماددىي ھاياتلىق مۇھىتىغا يارىشا پەيدا بولىدۇ. ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، زامانغا بېقىپ مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلىنىپ، توغرىلىنىپ بارىدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار مىڭلارچە يىللاردىن بۇيانقى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق جەمئىيەتلىرىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ بولغان. دېمەك، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ يول خېتى. لېكىن، بىزنىڭ دۆلىتىمىز ھازىر زامانىۋى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتتى، ماددىي ھاياتلىق مۇھىتىمىز تۈپ نېگىزىدىن ئۆزگەر-



دى، ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلىرىمىز ياراشمايدىغان، ماسلاشمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال تارىخىي تەرەققىياتتىكى مۇقەررەرلىك، ھەقلىق، بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە - مۇھاكىمە قىلىش يوللۇق. ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ئۆز مىللىتىدىكى ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلار ئۈستىدە دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا ئويلىنىپ بېقىشى، تاسقاپ كۆرۈشى، ئىلغىشى لازىم. شۇنداق قىلىش ھەر مىللەتنىڭ ئالغا يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش زامان ئالدىدا جاۋابكارسىزلىق قىلىشنىڭ ئىپادىسىدۇر. خەنزۇ زىيالىيلىرى بۇ جەھەتتە بىزنىڭ ئالدىمىزدا كېتىۋاتىدۇ. يىراقنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ «ئىجتىمائىي روھىي ھالەتكە نەزەر»، «ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تەھلىلى» دېگەن سەھىپىلىرىدىكى ماقالىلەرگىلا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس ئىدىيە ۋە ئادەتلەر ئۈستىدىن قىلىنىۋاتقان تەنقىد - تەنبىھلەر ئاز ئەمەس. بەزى تەنقىد - تەنبىھلەر ھەتتا ناھايىتى ئاچچىق. ئەنە شۇنداق تەنقىد - تەنبىھلەر ئادەمنىڭ كۆزقاراش ۋە پىكرىنى كېڭەيتىدۇ، ئالغا بېسىشقا ئىدىيىدە، كۆزقاراشتا يېڭى زامانغا لايىقلىشىشقا تۈرتكە بولىدۇ. خەنزۇ خەلقىدە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس ناچار ئىدىيە، يامان قىلىقلار بولغان يەردە بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئازمۇ؟ ئاز بولۇشى ناتايىن، بىز تېخى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن.

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى سۇ جىچاڭ يېقىندا ئېقىم مەسىلىلىرى ھەققىدىكى بىر مەخسۇس ماقالىسىدە: ئىجتىمائىي ئوي - پىكىرلەرنىمۇ زامانغا بېقىپ كۆزىتىش كېرەك، دېگەن بىر مۇھىم نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل زىيالىيلىرى يېقىندا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلىرىنىڭ زامانغا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىرىغا چېقىلىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇنى ماقۇللايدىغانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى
ئەھمەدجان ئەھەدنىڭ ۋە شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ
باشلىقى يۇنۇس ئابلىزنىڭ «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» دە ئېلان
قىلغان سۆھبەت خاتىرىلىرى بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۈلگىسىدۇر.
ئۇلار ھازىرقى ۋاقىتتا مىللەتلەرنىڭ بىللە ئالغا بېسىشىغا، بىللە
تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ئارزۇ-
سىغا ئۇيغۇن كەلمەيۋاتقان ئىدىيە ـ كۆزقاراشلارنى يوپۇتۇپ يۇرمەس-
تىن، تىلغا ئېلىپ، ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىپ، ئەقلىي يول
بىلەن مۇھاكىمە قىلماقتا. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدە خۇشامەتچى-
لىكنىڭ ئەسىرى يوق. ئۇلار ئىشنى ناھايىتى ئوبدان باشلاپ بەردى.
بۇ تولىمۇ ياخشى مەرىپەتتۇر. سۆھبەت خاتىرىلىرى ئېلان قىلىنغان-
دىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ئىنكاسلىرىمۇ ناھايىتى
ئىجابىي بولدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، زاماننىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەل-
مەيدىغان ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارنى ئېرىغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەممە
ئادەم جىددىي ھېس قىلماقتا.

---

— بۇ مۇھاكىمە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل
30 ـ ئۆكتەبىر سانىدا «جامبۇلخان» ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى-
دىن تەرجىمە قىلىندى.



# «ئەخمەق بوۋاي» نېمە ئۈچۈن تاغ يۆتكەيدۇ

ئەخمەق بوۋايغا ئوخشاش تاغ يۆتكەش (بۇ ئىبارىدىكى «ئەخمەق
بوۋاي» دېگەن سۆز ئىلگىرى تەرجىمە قىلىنماي ئاھاڭى بويىچە «يۇ-
گۇڭ» دەپ قوللىنىلغان، ھازىر ئۆز تىلىمىزدا تەرجىمە قىلىنىپ،
«ئەخمەق بوۋاي» دەپ ئېلىندى— تەرجىمان ئىزاھاتى) ياخشى چارە
ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدان چارىلەر، مەسىلەن تاغنى
باشقا يەرگە كۆچۈرۈش، تاغنى تېشىش، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول
ياساش ۋە باشقىلارنىڭ بارلىقىنى ھازىر ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئوبدان
بىلىدۇ. لېكىن، ئەخمەق بوۋاي نېمە ئۈچۈن تاغنى يۆتكىمەكچى
بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنداق سوئالنى قويغانلار ناھايىتى ئاز.

ئەخمەق بوۋاي تاغنى نېمە ئۈچۈن يۆتكەيدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ
ناھايىتى ئاددىي مەسىلە. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ بوۋاينىڭ ئەخمەقلىقى-
دۇر. تاغنى يۆتكىمەك ئەخمەق بوۋاينىڭ مۇقەررەر تاللىۋالغان،
بىردىنبىر ماڭىدىغان يولى بولۇپ قالغان، شۇڭا ئەخمەق بوۋاي تاغنى
يۆتكىۋەتمەكچى بولغان. بوۋاي تاغنى يۆتكىۋەتمىسە، ئەخمەق بوۋاي
بولالمايتتى.

ئەخمەق بوۋاي ئۆزىگە تەمەننا قويىدىكەن. ئەخمەق بوۋاينىڭ
ئىشىكى ئالدىدا ماڭار يولىنى توسۇپ تۇرغان يوغان ئىككى تاغ ئۇنى
ئەلمىساقتىن تارتىپ خەلقئالەمدىن ئايرىپ، بېكىنمە مۇھىتتا قال-
دۇرغانىكەن، ئەنە شۇنداق تۇرمۇش شارائىتى ئەسلىدىنلا نادان ئادەم-

نى تېخىمۇ نادان - ئەخمەق قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ تاشقى دۇنيانى
كۆرمىگەچكە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە،
ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ ياشىغانىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بەندە سەۋەب
قىلىسىلا ئالەمنى مالەم قىلالايدۇ، دەپ ئىشىنىدىكەن.
بوۋاي كاج ئىكەن. باشقىلار «ۋاي، بۇ ئىشنى قىلغىلى بولماي-
دۇ» دېسە، ئۇ شۇنچە كاجلىق قىلىدىكەن، قانچىلىك زىيان بولسا
مەيلى دەيدىكەن، تاغنى يۆتكىۋەتكىلى بولمايدۇ دېسەڭلار دەۋېرىڭلار،
مېنىڭ يۆتكىگىنىم يۆتكىگەن، مەن بۇ ئۆمرۈمدە يۆتكەپ بولالمىسام،
چالىسىنى باللىرىم، نەۋرىلىرىم، ئەۋرە - چەۋرىلىرىم پۈتكۈزىدۇ،
تاغنى يۆتكىۋەتمەي ئارمان يەپ يۈرمەيمەن، دەيدىكەن. ئۇنىڭ نەزىرى-
دە مەيلى ھەرقانداق ئىشنى قىلغانىكەنسە، بەل قويۇۋەتمىسەڭلا، خاتا-
سىمۇ توغرا بولۇپ چىقارمىش.
ئەخمەق بوۋاي خام خىيالچى ئىكەن. پەرەز قىلىپ كۆرەيلى،
بىر ئەۋلاد ئادەم يەر - پەر تېرىمىسا، رەخت - پەخت توقۇمىسا، ئۆي-
ماكان تۇتمىسا نېمە يەيدۇ؟ نېمە كىيىدۇ؟ نەدە يېتىپ - قوپىدۇ؟
ئەخمەق بوۋاي بۇلارنى نەزەردە تۇتمىغان. ئۇ، ئارزۇ - ئارمانغا
يېتىدىغان بولسىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد ئادەم جەبىر - جاپا
چەكسىمۇ، ھەتتا قۇربان بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، دەيدىكەن.
ئەخمەق بوۋاي ئىلىم - بىلىمنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. جىسۇ
دەيدىغان بىلىملىك بوۋاي پەندىن خەۋىرى بار زىيالىي ئىكەن، پەندىن
خەۋىرى بار ئادەملەر ئەمەلىيەتكە قاراپ گەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەت نېمە
بولسا، قانداق بولسا شۇنداق سۆزلەيدۇ، گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئاساسى
بولىدۇ. شۇڭا، جىسۇ دېگەن بىلىملىك بوۋاي، تاغنى يۆتكەش قاملاش-
مايدىغان ئىش دېسە، ئەخمەق بوۋاي چىچاڭلاپ، بىلىملىك بوۋاينى
سۆز قىلدۇرماي ۋالاقلاپ كېتىپتۇ.
ئەخمەق بوۋاي ئۆزۈمچىل ئىكەن. تاغنى يۆتكەيدىغان، بىرنەچچە
ئەۋلاد ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان شۇنداق چوڭ ئىشنى ئەسلىدە
ئائىلە جەمەتى جەم بولۇپ، كوللېكتىپ مۇزاكىرىلىشىپ قارارلاشتۇ-
رۇش كېرەك ئىدى. شۇ ئىشنى قىلىش مۇمكىنلىكىنى، تەننەرخ



ھېساباتىنى تولۇق دەلىللەش، ھەتتا مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەرنى تې-
پىپ مەسلىھەت سوراش لازىم ئىدى، ۋەھاكازا. لېكىن، ئەخمەق
بوۋاي بۇنداق ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلماي، ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە بىر
ئۇرۇپ، بولدى يۆتكىدۇق، دەپلا تۇتۇش قىلغان. خوتۇنى باشقىلار-
نىڭ جىم ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىتاقەت بولۇپ: «سېنىڭ
كۈچۈڭ بىلەن تەيخاڭشەن، ۋاڭۋۇشەن تېغىدەك يوغان تاغلار تۇرماق،
كىچىككىنە بىر دۆڭنىمۇ يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس، يۆتكەشكە تۇتۇش
قىلغاندا چىققان تاش، توپىلارنى نەگە جىمىقتۇرىسەن؟» دەپتۇ. لې-
كىن، ئۇ گەپلەر ئەخمەق بوۋاينىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ
بىلگىنىچە ئىش قىپتۇ.
ئەلھال، ۋاقىت ئۆتۈۋېرىپتۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىرەر نەتىجە
چىقىشىغا كۆزى يەتمەپتۇ، ئۈمىدى قالماپتۇ. نەۋرە - چەۋرىلەر بارا-
بارا چوڭ بولۇپ، گۇمان پەيدا قىلىپ، ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇپ-
تۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئەخمەق بوۋاي: «بەلنى بوشاشتۇرماي چىڭ
باغلاپ ئىشلەۋەرسەڭ، چوقۇم خۇدايىمنىڭ رەھمى كېلىدۇ، خۇدايىم
ئاخىر بىر كۈنى تاغنى يۆتكەپ بېرىدۇ» دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن تاغ قېزىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆزى خۇدانىڭ ئىلتى-
پاتىغا تەلمۈرۈپ قاپتۇ...

---

— ئاپتور ۋاڭ جۈڭشۈينىڭ «گەپ بولسا قىلىشىۋالايلى» سەرلەۋھىلىك
ئەسىرىدىن تاللىۋېلىنغان بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ
2004- يىل 10- سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# «ئەخمەق بوۋاي» لار ھازىرمۇ «تاغ يۆتكىمەكتە»

ۋاڭ جۇڭشۈي ئەپەندىنىڭ «ئەخمەق بوۋاي نېمە ئۈچۈن تاغ يۆتكەيدۇ؟» («فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004- يىل 10- ئايلىق A سانىغا بېسىلغان) سەرلەۋھىلىك فېلىيەتونى بىزگە «يۇگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» نى يەنە بىر خىل چۈشىنىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئەخمەق بوۋاي «يۇگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» نى جاپادىنمۇ، خەۋپتىنمۇ قورقماي، بەلنى چىڭ باغلاپ قىيىنچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىش دەپ چۈشەنگەندۇق، ھەتتا ئەخمەق بوۋاي يۇگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكەش روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى شەرەپلىك ئىش دەپ كەپتىكەنمىز.

لېكىن، ۋاڭ جۇڭشۈي ئەپەندى ئۆز ماقالىسىدە «ئەخمەق بوۋاي نېمە ئۈچۈن تاغ يۆتكەيدۇ؟» دېگەن نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ، بىزگە ئەخمەق بوۋاينىڭ ئۆزگە تەمەننا قويىدىغان، كاجلىق قىلىدىغان، خام خىيال قىلىدىغان، ئىلىم - بىلىمگە پەرۋا قىلمايدىغان، ئۆزۈمچىلىك قىلىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ قويىدى، «ئەخمەق» بوۋاينىڭ «ئەخمەق» لىق قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەخمەق بوۋاينىڭ تاغنى يۆتكىگىنىگە ئوخشاش ئەھۋاللار — پەنگە ئېتىبار قىلمايدىغان، ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە مۇشۇنداق قىلسام بولىدۇ، دەپلا «تاغ يۆتكەش» كە كىرىشىدىغان ئەھۋاللار



تېخىچە داۋاملىق يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە پىلانلىق ئىگىلىكچە تەپەككۇر بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرىكى «ئادەم قانچىكى دادىل بولسا يەر شۇنچە كۆپ ھوسۇل بېرىدۇ»، «قولىمىزدىن كەلمەيدۇ دەپ قورقۇش كېرەك ئەمەس، خىيالىمىزغا كەچمەي قېلىشىدىن قورقۇش كېرەك» دېگەنگە ئوخشايدۇ؛ چوڭ خىيانەتچى ۋاڭ خۇەيجۇڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتماي، سىياسىي دەسمايە تېپىش ئۈچۈن فۇياڭ ناھىيىسىدە نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلىپ ئايرودروم ياسىتىپ باج تۆلىگۈچىلەرنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشايدۇ؛ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنى ھەدەپ خەۋەر قىلىش بىلەن ئاۋارە قىلدۇرغان مەلۇم ئەمەلدارلارنىڭ پۇقراغا ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدىغان، ھەتتا خەلقنىڭ ھاياتىنىڭ ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان «يۈز ئابرۇي قۇرۇلۇشى»، «سالپا - ساياق قۇرۇلۇش» ۋە «چەللە پاخپاق قۇرۇلۇش» لارنى سالدۇرغىنىغا ئوخشايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ «ئەخمەق بوۋاي» لار «تاغنى يۆتكەش» بىلەن قالدۇرۇپ قويغان «زەللە» دۇر. شۇنداق ئەھۋالنى قۇلىقىمىز ئاڭلىسا، كۆزىمىز كۆرسە، «ئەخمەق بوۋاي» ھازىرمۇ «تاغ يۆتكىمەكتە» ئىكەن! دەپ ھەيران بولۇشىمىز مۇمكىن.

---

— جى فېن ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004- يىل 10- ئايلىق A سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە

نەنجىڭدە چىقىدىغان «جىنلىن كەچلىك گېزىتى» نىڭ 31. ئۆك-
تەبىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، نەنجىڭدىكى قايسىبىر ئىدارە ئىشچى-
خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈن ھەم ۋاقىتلىرى تولۇق
يېزىلغان بىر دەستە (كادىرلارنىڭ نامۇئەمەلىگە دائىر) ماتېرىيالنى
پالچى يۇچيۇگە: ھەربىر ئادەمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىغا قاراپ، شۇ
ئادەمنىڭ خىزمەت ئورنىدا قالدۇرۇپ ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدى-
غان - كەلمەيدىغانلىقىغا، كىملەرنى خىزمەت ئورنىدىن يۆتكىۋېتىشكە
توغرا كېلىدىغانلىقىغا پال ئېچىپ باقسىڭىز ئىكەن، دەپ ئەۋەتىپ
بېرىپتۇ. بۇنداق ئەھۋال بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بولغانىكەن. باشقا
بىرقانچە ئىدارىنىڭ، كارخانىنىڭ باشلىقلىرىمۇ، خوجايىنلىرىمۇ ئۇ-
نىڭ ئالدىغا بارغانىكەن. ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ خۇي - پەيلى
قانداق؟ ياخشىمۇ ياكى ئوسالمۇ؟ قابىلىيىتى، ئارتۇقچىلىقلىرى قان-
داق؟ قايسىسى قايسى ئورۇنغا تازا باب كېلىدۇ؟ مەسىلەن كىملەر
ئىشنى پۇختا ئىشلەيدۇ؟ كىملەر مالىيە ئىشلىرىغا باب كېلىدۇ؟
كىملەر ئىشتا بەسخور؟ كىملەر باشقۇرۇش خىزمىتىگە باب كەلمەي-
دۇ؟ كىملەرنىڭ بىللە ئىشلىگەندە ھەزەر ئەيلىمىسە بولمايدىغان چا-
كىنىلىق - نامەردلىك تەرەپلىرى بار؟ پال ئېچىپ باقسىڭىز ئىكەن
دەيدىكەن.

كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش جەھەتتە «كادىرلارنى تاللاپ
ئىشقا قويۇش نىزامى» دا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلار مۇنداق: كادىرلارنى
پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپى؛ قابىلىيەتلىكلەرنىلا ئىشقا قويۇش،



پەزىلەتتىمۇ، ماھارەتتىمۇ بارلىرىنى تاللاش پرىنسىپى؛ جامائەت ئېتى-
راپ قىلغانلارنى، ئەمەلىي نەتىجىسى بارلارنى تاللاش پرىنسىپى؛
ئاشكارا، تەڭ - باراۋەر، رىقابەتلەشتۈرۈش، ئەلالىرىنى تاللاش پرىن-
سىپى ۋە باشقىلار. لېكىن، نەنجىڭدىكى شۇ ئىدارىلەردە كادىرلارنىڭ
ئاممىۋى ئاساسى بىر چەتكە قايرىلىپ قالغان، خىزمەتتىكى ئەمەلىي
نەتىجىلىرىگىمۇ قارالمىغان؛ پەقەت ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرى-
سىدىكى پالغىلا قارالغان، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرىدۇ دېگەن پرىن-
سىپ تاشلىنىپ قالغان؛ ئاشكارا، تەڭ - باراۋەرلىكتە، رىقابەتلەشتۇ-
رۇپ ئەلالىرىنى تاللىۋېلىش پرىنسىپىمۇ قايرىپ قويۇلغان؛ كادىر
تاللاش ھوقۇقى تېجىمەل رەمماللارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلغان؛
كادىرلارنى تەقدىرلەشتە ياكى جازالاشتا قانۇنغا قارىماي، دېموكراتىيە-
مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈملىرىگىمۇ رىئايە قىلماي، تېجىمەل رەممالالار-
نىڭ گېپىگە قاراپلا قارار چىقىرىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېقىنقى
بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، كادىرلار ئىسرىق سېلىپ ئەرۋاھلارغا چوقۇ-
نىدىغان، ئەمەلدارلار پال سالدۇرىدىغان ئەھۋاللار، ئىدارىنى بىر
ئورۇندىن باشقا بىر ئورۇنغا كۆچۈرۈشتە خاسىيەتلىك كۈنلەرنى تاللاي-
دىغان ھادىسىلەر كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، نەنجىڭدىكى ھېلىقى
ئىدارىلەرنىڭ قىلىقلىرى يەنىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، رەم - پال سالدۇرۇشنىڭ ئەخمىقانە بىر ئىش
ئىكەنلىكى نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، ھەتتا رەم-
چىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاقلاپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ
«سۇپ - كۆچ» لىرى بويىچە ئېيتقاندا، تۇغۇلغان ۋاقىتلىرى تامامەن
ئوخشاش ئادەملەرنىڭ تۇغۇلغان يەرلىرىدە كىچىككىنە پەرق بولسىلا،
ئەقىل- پاراسەتتە ۋە دۆلەت - راھەت ئۆمۈر سۈرۈشتە ئاسمان - زېمىن
پەرق قىلارمىش؛ ھەتتا بىر ئۆيدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئوخشاش بىر
تۆشەكتە تۇغۇلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭمۇ تەقدىرى بىر - بىرىدىن
ناھايىتى كۆپ پەرق قىلارمىش. چيەنلۇڭنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى قۇر
ئەندازلارنىڭ سۆزى بويىچە «ناھايىتى قۇتلۇق»، خاسىيەتلىك سائەتكە
توغرا كەلگەنمىش. راست، ئۇ 60 يىل خاتىرجەم پادىشاھلىق تەختىدە

ئۆلتۈردى، 80 نەچچە يىل ئۆمۈر سۈردى، ئۆزىمۇ ئۆزىنى «كامالەتكە يەتكەن بوۋاي» دەيدىكەنمىش. دەرۋەقە، تارىختا ھەممىدىن بەختلىك پادىشاھ بولغانمىش. لېكىن، تۇغۇلغان ۋاقىت - سائىتى ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشايدىغان بۆلەك بىر ئادەم ئۆمۈر بويى قەلەندەر بولۇپ ئۆتۈپتىكەن. رەمماللار بۇنىڭغا چىيەنلۈك شىمال تەرەپتە تەۋەللۇت قىلغانىكەن، قەلەندەر بولسا جەنۇب تەرەپتە تۇغۇلۇپتىكەن دەپ كەززاپلىق قىلغانىكەن. دېمەك، تۇغۇلغان ۋاقىت - سائىتىنىڭ خاسىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقى توغرىسىدىكى پەتىۋالار تۇتۇرۇقسىز ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شۇنداق بولسىمۇ، رەم سالدۇرىدىغان، پال ئاچتۇرىدىغان، ئىسرىق سېلىپ بۇتقا چوقۇنىدىغان سەت قىلىقلارنىڭ بىرى بېسىقسا، يەنە بىرىنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بار ئىكەن: ئۆزى ئەمەلدار بولسىمۇ خىيانەت بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقلۇق تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن پارىغا چىرىلىپ كەتكەن؛ قانۇن تورىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قالسىمۇ ھالاكەتكە تەن بەرمىگەن، شۇڭا بەزىلىرى «رەممال»غا ئۈمىد باغلىغان؛ كارخانىنىڭ خوجايىنى ياكى ئىدارىنىڭ «باشلىقى» بولۇپ تۇرۇپ ئىشلارنى باشقۇرۇشمۇ، ئادەملەرنى چۈشىنىشمۇ قولىدىن كەلمەي، نائىلاج تۇغۇلغان ۋاقىت - سائىتىگە ياكى ئۆي - جاي مۇھىتىنىڭ ياراشقان - ياراشمىغانلىقىغا قاراپ ئىش قىلماقچى بولغان؛ ئادەتتىكى پۇقرا بولسا دەرد - ئەلەم ئىچىدە دەردىنى تۆكىدىغان يەر تاپالمىغان ياكى غېرىب - غۇرۋەتچىلىكتە ئۈمىدى ئۈزۈلگەن، ياكى ئۈمىدىنى روھ - ئەرۋاھلارغا باغلىغان. كونىلارنىڭ «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن سۆزى ئەنە شۇ.

---

— ۋۇجاۋمىن ئىمزالىق بۇ فېليەتون «فېليەتون گېزىتى»نىڭ 2004- يىل 26- نويابىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئاڭدا ۋە پەمدە يۈكسىلەيلى

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىمىز ئۇزاق، سودىگەرچىلىك بىلەن داڭقى چىققان ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر، ئىلىلىق سودىگەرلەر، قەشقەرلىك سودىگەرلەر بار. يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەچچە 10 مىليون، ھەتتا 100 مىليونلاپ سەرمايىلىك بولۇپ قالغان ئۇيغۇر بايلىرىمۇ پەيدا بولماقتا.

لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق شۇنى بايقايمىزكى، بىز بۇ مىللەتتە تاكى ھازىرغا قەدەر تۈزۈككىنە زامانىۋى كارخانا بارلىققا كەلگىنى يوق، ئالىي پەن - تېخنىكىلىق سانائەتكە ۋە نەپىس - يۈكسەك سانائەتكە قەدەم باسقانلار تېخىمۇ ئاز.

سودا - تىجارەتكە ماھىر مىللەت نېمە ئۈچۈن بۈگۈنگىچە بىر ئىزدا تۇرۇپ قالىدۇ؟

بۇ مەسىلە مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر پۈتۈنلەي زامانىۋى جەمئىيەتكە قاراپ يۈكسىلىش يولىدا يەڭگىلىرىنى شۇمايلاپ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كۆز ئالدىمىزدا! بارغانسېرى روشەن نامايان بولۇپ تۇرماقتا.

ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ياساش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللىي ئىقتىساد جەھەتتە بۇرۇلۇش ياساشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي ئەنئەنىۋى

ئىقتىسادنى زامانىۋى ئىقتىسادقا بۇراش ئۈچۈن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ۋە خەلقئارا ئىزغا چۈشكەن زامانىۋى كارخانا تۈركۈمى يول باشلاپ مېڭىشى ۋە يار - يۆلەك بولۇشى شەرت. ئۇنىڭدىن قالسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شۇ زامانىۋى كارخانىلار تۈركۈمى زامانغا يارىشا راۋاج تاپقاندىلا، پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي قەدىمىگە يېتىشىپ ماڭالايدۇ. دېمەك، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ئىقتىسادنى يۈكسەك قەدەم بىلەن سەكرىتىپ راۋاجلاندۇرغاندىلا ئاندىن مىللىي ئىقتىسادنى بۇرىيالايدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەت مۇشۇنداق تارىخىي پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويسا، خۇددى ئاخىرقى نۆۋەتلىك ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەي ھەسرەتتە قالغاندەك، ھەتتا تارىخ سەھىپىسىدىن رەھىمسىزلەرچە شاللاپ تاشلىنىدۇ.

پېقىر مۇخبىر يېقىندا رايونىمىزدىكى بەزى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىزنىڭ يېڭى قۇرغان زامانىۋى كارخانىلىرىغا زىيارەت قىلىپ باردىم، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بىلىپ باقتىم. مەسىلەن، شىنجاڭ ئارمان كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ نوقۇت مەھسۇلاتلىرى، شىنجاڭ ئامىنە كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ تەييار چۆپلىرى، ئۈرۈمچى ئۇيغۇر كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقىلار. بۇلار كۆرگەن - ئاڭلىغان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ھاياجانلاندۇرىدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ جۇشقۇن تەرەققىياتى شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى: پەم - پاراسەتنى ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلاپ، ئەنئەنىۋى سودا - تىجارەت دائىرىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، دەۋرنىڭ ئېقىمىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، ئالدىنقى مىللەتلەرنىڭ زامانىۋى تىجارەت ئەقىدىلىرىنى ۋە پەن - تېخنىكىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قوبۇل قىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلىسەكلا ئەنئەنىۋى كارخانىدىن زامانىۋى كارخانىغا ئۆتۈش مەقسىتىگە يېتىشىمىز تامامەن مۇمكىن.

ھالبۇكى، ھازىر خېلى كۆپ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىز مۇئەييەن



سەرمايە (كاپىتال) جۇغلىغان بولسىمۇ، بىر ئۇنداق - بىر بۇنداق ئەندىشىلەردە بولۇپ، كۆمسەم كۆيەرمىكىن، ياقسام پىشارمىكىن دېگەندەك غەملەر ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ، سەرمايىلىرىنى ئوقەتكە سالىدىغان غەنىيمەت پۇرسەتلەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇۋاتىدۇ.

بازار دېمەك جەڭگاھ دېمەكتۇر. ئۇنى سەن ئۆز پەيتىدە ئىلكىڭگە ئالالمىساڭ، باشقىلار ئىلتىپات قىلمايدۇ، ئىگىلىۋالىدۇ. سەن ئەمدى دەسمايە سالىدىغان مۇھىت ۋە شەرت - شارائىت ھازىرلاندى دېگەن چاغدا، بازاردىن ساڭا ئورۇن تەگمەي قالىدۇ، ئۇ چاغدا دوللارنى تاغارلاپ يۇدۇپ يۈرسەڭمۇ نېمىگە ئەسقاتار؟!

ئەلۋەتتە، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىزنىڭ بەزىسىنىڭ ساپاسى ئومۇمەن تۆۋەنرەك؛ بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تىل، پۇل مۇئامىلە جەھەتلەردىكى بىلىملىرى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي قائىدە قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملىرىنى ھەقىقەتەن يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك. لېكىن، بۇلار ئۇلارنىڭ بىر ئىزدا توختاپ تۇرۇشىغا باھانە - سەۋەب بولالمايدۇ. ھازىر ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئىچىدە مۇنداق ئەھۋال بار: بىر تەرەپتىن بىر تۈركۈم سودىگەرلەرنىڭ قولىدا 10 مىليون، ھەتتا 100 مىليون سەرمايە بار، بۇ پۇللارنىڭ تولىسى بىكار تۇرۇپتۇ؛ يەنە بىر تەرەپتە نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى تۇرۇپتۇ، ئۇلار ياش، قاۋۇل، زامانىۋى سودىگەرچىلىك بىلەن مەشغۇل بولالايدىغان، زامانىۋى كارخانىلارنىڭ ئىشىنى يۈرۈشتۈرەلەيدىغان بىلىملەرگە ئىگە، ئەمما پۇلى يوق. بۇ قىممەتلىك ئىككى خىل ئىمكانىيەت جانلىق، ئۈنۈملۈك كىرىشتۈرۈلگەن ئەمەس. بۇلارنى تۈپ - نېگىزىدىن ئۈنۈملۈك كىرىشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى پۇلى بار سودىگەرلەرنىڭ بىلىملىك بولۇش سەۋىيىسى ۋە مىللەتنىڭ غەم - قايغۇسىنى يېيىش ئېڭىدۇر. ئۇلار ئۆز ئېڭىنى زامانغا يارىشا بۇرىشى لازىم، ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ياش، قاۋۇل، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنى ئىشقا سالغاندىن باشقا، تار، مىللىي ئاداۋەتلەرنى تاشلىشى، مىللىي ئايرىمچىلىقلارنى تۈگىتىشى، قورسىقىنى دەريا - دېڭىزدەك كەڭ تۇتۇپ، پەم - پاراسەتلىك ھەم

پەزىلەتلىك ئادەملەرگە ئىش بېرىشى، كارخانىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىيا-
جىغا قاراپ، ئالدىنقى قاتاردىكى باشقا مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنى
كۆپلەپ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن
زامانىۋى كارخانا قاتارىغا ھەقىقىي يوسۇندا ئۆتكىلى بولىدۇ.

---

— مۇخبىر غەيرەت نىياز ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە خەنزۇچە «شىنجاڭ
ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 12- سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان نۇسخىسى-
دىن تەرجىمە قىلىندى.



# مەغرىب ۋە ئۇستاز

شىنجاڭ توغرىسىدا ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭلىقلار بىلەن
ئىچكى ئۆلكىلىكلەر ئىككى خىل روھىي ھالەتتە بولۇپ كەلمەكتە،
يەنى شىنجاڭلىقلار ئۆزىنى سەل چاغلىسا، ئىچكى ئۆلكىلىكلەر شىن-
جاڭنى ۋە باشقا ياقا ئۆلكىلەرنى كەم سۇندۇرىدۇ. ھەممىلا ئادەم
شۇنداق قىلمىسىمۇ، خېلى كۆپ ئەھۋال شۇنداق.

چۈنكى، ئادەتتە ئادەملەر مەشرىقتىن مەغرىبكە قاراپ ماڭساق،
ئالغا كەتكەن يەردىن ئارقىدا قالغان يەرگە قاراپ پەلەمپەيدىن پەسكە
چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولىدىكەنمىز دەپ قارايدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن
قارىغاندا، بۇ پاكىت. بۇنىڭدا خاتالىق يوق، بولۇپمۇ جۇڭگو يېزا
ئىگىلىك مەدەنىيىتىدىن زامانىۋى سانائەت مەدەنىيىتىگە تېزلىك بى-
لەن كۆچۈپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا مەغرىب ھەقىقەتەن مەشرىقتىن
ئۆگىنىپ، ھېلىقىدەك پەرقنى ئازايتىشى لازىم، مەغرىب بىلەن مەش-
رىق تەڭ - باراۋەر راۋاجلانسۇن، بۇنىڭغا زادىلا سەل قارىغىلى بولماي-
دۇ. كىم ئالغا كەتكەن بولسا شۇنىڭدىن ئۆگىنىش كېرەك، بۇنىڭغا
شەرت قويۇش كېرەك ئەمەس، كۆمسەم پىشارمىكىن، ياقسام پىشار-
مىكىن دەپ دېلىغۇل بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

لېكىن، ھەممىنى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈش يارىمايدۇ. ئومۇمەن
ئالغاندا، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «قېلىپ» مەشرىقنىڭ «قېلىپى».
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «قېلىپ» سىياسىي جەھەت-
تە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى لازىم، ۋەتەننىڭ بىرلىكى جەھەتتە ئىككى
خىل گەپ بولماسلىقى كېرەك، مۇتلەق شۇنداق، نىسپىيلىك بولماس-

لىقى لازىم.
مەن نېمىشقا مۇشۇنداق ئويلايمەن؟ باللار باغچىلىرىدا تۇرلۇك
مىللەت باللىرى بىللە ياشايدۇ، ئۆگىنىدۇ، بۇ هالەت ئەمەلىيەتتە
ھەممىسىگە پايدىلىق. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
قالدىم، شۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئىچىدە ۋاڭ لوبىنىنىڭ «چۇمبىلىگىنى
قايرىۋەت» دېگەن ناخشىسىمۇ بار ئىكەن. خەنزۇ تەربىيىچى باللارغا
ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتىۋېتىپتۇ، باللار شۇ تەربىيىچىنى
دوراپ ئويناۋېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى ئويناشتا ئۇس-
تاز كىم؟ ئەلۋەتتە ئاشۇ ئۇيغۇر باللار. ئۇلار باللار باغچىسىنىڭ
تەربىيىچىلىرىگە قارىغاندا ئۇسسۇلنى ناهايىتى ئوبدان ئوينايدۇ.
شۇڭا ئويلايمەنكى، بىز مائارىپتا، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى
جەھەتتە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن پەرقلىق بولۇشىمىز كېرەك ئەمەسمى-
كەن؟ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قېلىپ بىلەن چەكلەپ، باللارنىڭ
شوخ تەبىئىتىنى سىقىپ - قورۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر
تەربىيىچى ئۇستاز ھەر دائىم ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەربىيىلەش -
ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى دەستەك قىلىۋالىدىغان بولسا، مەن ئويلايمەن،
شىنجاڭ باللىرىنىڭ ئۇستۇنلۇكى ئاسان جارى بولالمايدۇ. چۈنكى،
ئۇلارغا ئورتاق بولغان پەزىلەت ئىچكى ئۆلكىلىك باللاردا يوق.
بۇنداق «2〈1+1〉» خۇسۇسىيەت شىنجاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك، بى-
رىكتۈرۈلگەن، جەملەنگەن، بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈلگەن، ئارىلاشتۇ-
رۇلغان، قوشۇلغان، ئۇيۇشتۇرۇلغان… ئەۋزەللىكىدۇر، بۇنى ئىچ-
كى ئۆلكىلەرنىڭ سالتاڭ مەدەنىيىتىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان نىس-
پىي ئەۋزەللىككە قارىغاندا ھەرگىزمۇ قالاق، ئارقىدا قالغان دېگىلى
بولمايدۇ.
پىلانلىق ئىگىلىك تولىمۇ ئۇزاق ۋاقىت دەۋر سۈردى، شۇ قاپلى-
نىپ - سولىنىپ قالغان ئىگىلىك بىزنىڭ نەزەر - دائىرىمىزنى مەلۇم
دەرىجىدە چەكلەپ قويغان، شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىگە بولغان قاراشلى-
رىمىزمۇ سالتاڭ مەدەنىيەت ئىچىدىكى تۇغقانچىلىق دائىرىسىدىلا را-
ۋاجلانغان؛ ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئېچىپ -



چېرىپ كەتكەن ناخشا - مۇزىكىلىرىمىزمۇ بار - يوقى بىرنەچچە
پەدىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان، مەغرىب (بۇ ماقالىدە يېزىلغان
«مەغرىب» دېگەن سۆز بىزگە ئادەت بولۇپ قالغان «غەربىي قىسىم»
يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ «غەربىي قىسمى دېگەن چۈشەنچىنىڭ ئۆزى—
تەرجىمان ئىزاھى) نىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىغا قاراڭ، ۋاڭ لوبىنىنىڭ
ناخشىلىرىغا قاراڭ، بۇلاردا «پالانىنى - پۇستانىنى مەركەز قىلىش»
دەيدىغان ھۆكۈملەر بىتچىت قىلىنغانغۇ! نەزەر دائىرىمىزنى سەدد-
چىنىنىڭ ئىچىگىلا باغلاپ قويمايلى، هازىر مەركەز دىققەت - ئېتىبارى-
نى مەغرىبكە، شىنجاڭغا قاراتقان، بۇ ئەھۋال خەن، تاڭ سۇلالىلىرى-
دىكى هالەتكە ئوخشىدۇ. تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ناخشا -
مۇزىكا، ئۇسسۇللىرى جۇڭگو بويىچە ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى،
تۆردىن ئورۇن ئالاتتى، ئوردا - سارايلارنى چاڭ كەلتۈرەتتى، ئەل
ئىچىدىمۇ ئۆرنەك ئىدى. مەغرىبنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئەللامىلى-
رى پايتەختكە ئۇستازلىقتا ئىززەت - ئېھتىرام بىلەن تەكلىپ قىلىناتت-
تى. مانا شۇ چاغلار نۇرغۇن جەھەتتىن مەغرىبنى ئۇستاز تۇتقان
زامانلار ئىدى.
جۇڭگونىڭ شەرقىي ۋە ئىچكى ئۆلكىلىرى دېھقانچىلىق مەدەنىيى-
تى شارائىتىدا تۇرغان بولسا، مەغرىب، بولۇپمۇ شىنجاڭ يايلاق
مەدەنىيىتى شارائىتىدا تۇردى. ئەھۋالنىڭ مانا مۇشۇنداق تېگى -
تەكتىنى نەزەردە تۇتۇش مۇھىم؛ بۇنىڭغا سەل قاراش يارىمايدۇ،
ئەكسىچە بۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن، ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز، زۆرۈر
بولغاندا بۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ مۇشۇ زېمىنىنىڭ
مۇھىم مەھەللىۋى بايلىقى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەدەنىيەت ئوتتۇرا
ئاسىيادىن باشلاپ ياۋروپاغا ئۇلىنىدۇ، جۇغراپىيە جەھەتتىكى چوڭ
دائىرىلىك بايقاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكا، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيە
قىتئەلىرىگە كېڭىيىپ بارماقتا، بۇ يايلاق مەدەنىيىتى ئەنە شۇنداق
ئۇلىنىپ بارماقتا. شىنجاڭ مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنى دۇنيا
مەدەنىيىتى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئېغىزدۇر. جۇڭگونىڭ شەرقىي
قىسمىنىڭ مەدەنىيىتى شىنجاڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئوبدان چېتىلسا،

ئوبدان ئارىلاشسا، دۇنيا بىلەن چېتىلىدىغان ئېغىز پەيدا بولىدۇ.
شۇڭا، تۆت خىل دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ بىردىنبىر جەملەشكەن يېرى
شىنجاڭدا بولغانلىقى ئەجەبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن
ئالغاندا، شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە «تاۋاپ» قىلغىنىمىز توزۇك. ئالىم
يۇچيۇيۇ: «مەن شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ تاۋاپ قىلدـ
مەن. غەربىي شىمال ئەزەلدىن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى سۇغىرىپ كەلـ
گەن ئېقىن سۇنىڭ مەنبەسىدۇر» دېگەن. بۇ سۆز ئاشۇرۇۋېتىلگەن
مۇبالىغە ئەمەس.

يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ تۇۋرۇكى تېتىكلىك، دېھقانچىلىق مەدەنـ
يىتىنىڭ تۇۋرۇكى بولسا قاشاڭلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو مەدەنـ
يىتىدە بىرەر يېڭىلىق بولۇپ قالسا، شۇ يېڭىلىقنى يارىتىدىغان
قۇۋۋەت هامان غەربىي شىمالدىن كېلىدۇ. مەغرىب يايلاق مەدەنىيىتى
شارائىتىدا تۇرغاچقا، «ئىشنىڭ يولى» غا دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ
يولى بويىچە ماڭمايدۇ. دېمەك، كىمكى يېگانە، سالتاڭ مەدەنىيەت
چەمبىرىكى ئىچىدە موللاق ئېتىۋەرسە، هېچقانداق يېڭى پەدىنى ئوتـ
تۇرىغا چىقىرالمايدۇ، باشقا مەدەنىيەتتىن قۇۋۋەت تاپمىسا بولمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى مەدەنىيەت هەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى بولغان
لۇشۈن «ئەكېلىشپەرۋەرلىك» نى ئالاهىدە تەشەببۇس قىلغان. باشقىدـ
لارنىڭ نەرسىسىنى «ئېلىپ كەل» سەڭ ئۆزۈڭنىڭ بولۇپ قالىدۇ،
مانا بۇ يايلاق مىللىتىنىڭ ئادىتى. بۇنى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى
شارائىتىدا ياشايدىغانلار ئار - نومۇس دەپ بىلسە، يايلاق مەدەنىيىتى
شارائىتىدا ياشايدىغانلار قەهرىمانلىق، باتۇرلۇق دەپ بىلىدۇ. ئېلىپ
كەلمىگۈچە يېڭى مەدەنىيەت بەرپا بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ 100 يىلدىن
كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى «زامانىۋى مەدەنىيىتى» نىڭ تارىخى ئېلىپ
كېلىش تارىخىدۇر، مەدەنىيەتتە قوشۇلۇش تارىخىدۇر دەپ ئېيتىش
مۇمكىن.

قاراڭ، شىنجاڭ ئەركەكلىرىنىڭ ئەركەكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ،
ئاياللىرىنىڭ ئاياللىق نازاكىتى چىقىپ تۇرىدۇ، مانا بۇ بىر خىل
ئارتۇقلۇق. ئادەم مەدەنىيەتنىڭ دەستىكى، تەرەققىيات نىشانىغا ئا-



دەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىق - نىمجانلىق چېتىلىپ قالسا،
ئۇ ساغلام مەدەنىيەت بولالمايدۇ. شىنجاڭدا تېخىمۇ ساغلام ئەقىل -
پاراسەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مۇبادا شۇ ئادەملەر ئۆز لايىقىدىكى
شەرت - شارائىتقا ئېرىشسە، كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان كارامەتـ
لەرنى بەرپا قىلىشى مۇمكىن.

مانا مۇشۇنداق قۇرۇپ قالمايدىغان ئېقىن كەبى روھ بىلەن
مەدەنىيەتتىن پەيدا بولغان ئۈستۈنلۈك جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ئۇستاز
بولالايدۇ.

---

— بۇ مۇلاهىزە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2004- يىل
24- ئىيۇل سانىدا جۇيۈكې ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن
تەرجىمە قىلىندى.

# ھىيلىگەر ئەركەكلەر

ئەگەر سىزگە بىرەر ئەركەك ئۇچراپ، خەيرخاھلىق، مېھرشەپقەت ياغدۇرۇپ، سىزنى ياخشى كۆرىمەن دەپ، مۇلايىملىق بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا، بۇنىڭدا بىر سۇيىقەست يوق ئەمەس.

ئەر كىشىنىڭ چىن مۇھەببىتى يۈرىكىنىڭ تېگىدە بولىدۇ، ئاسانلىقچە ئاغزىدىن چىقارمايدۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى ئاغزىدىن چىقارماسلىقتەك «جىمغۇرلۇقى ئالتۇنغا بەرگۇسىز» دۇر. «سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنىڭ مەشۇقىڭىزمەن» دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئەركەكلەرنىڭ قورسىقىدا «ئويۇن» كۆپ بولىدۇ.

ئەر كىشىلەر ئۆزىنى ئەر چاغلايدۇ، ئۇلار سىزگە پىشكەش بىلەن ناھايىتى خۇشامەت قىلسا، ھەتتا سىز قاتتىق تەگكەن ھالەتتە يېلىنسا، بۇنداق قىلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە خىلاپ ئىش قىلغانلىقى بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئادەتتىن تاشقىرى قىلىق قىلسا، ئۇنىڭدا چوقۇم بىرەر غەرەز يوق ئەمەس.

ئەگەر بىرەر ئەركەك ھەركۈنى سىزگە بىر تال ئەتىرگۈل تۇتسا، كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتىن قايتىدىغان چاغدا سىزنى ئۆيىڭىزگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، پەلەمپەينىڭ ئالدىدا ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن سىزنى كېلىشتۈرۈپ سۆيۈپ قويۇپ خوشلاشسا، بۇ يامان نىيىتى يوق ياخشى ئەركەك مېنى ئەجەبمۇ ياخشى كۆرىدىكەن دەپ تەسىرلىنىپ قالىسىز. لېكىن، ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا شۇ ئەركەكنىڭ ئۆز كۆڭلىدە: قانداق قىلسام بۇ قىز (بۇ چوكان، بۇ ئايال) مېنى مۇشۇ پەلەمپەيدىن



يۇقىرىغا چىقىپ ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلار، بۈگۈن كېچە قونۇپ قېلىشىنىڭ نېمە ئامالى بار؟ دەپ ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىسىڭىز كاشكى.

ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاش ئەمەس. ئاياللار ھېسسىيات بىلەن جىنسىيەتنىڭ بىرلىكى، ئاياللارنىڭ جىنسىيىتىدىن ھېسسىياتى كۈچلۈك بولىدۇ، روھىيىتىدە (ھېسسىياتىدا) ئەر كىشىگە مۇھەببىتى بولمىسا، ئۇنداق ئەر كىشى بىلەن ھەرگىز بىر ياستۇقتا باش قويمايدۇ (جىنسىي مۇناسىۋەت قىلمايدۇ)، بۇ ئاياللارنىڭ ئەر كىشىگە جىنسىيەت بىلەن ئەمەس، ھېسسىيات بىلەن كۆڭۈل بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەرلەر بولسا ھېسسىيات بىلەن جىنسىيەتنى ئايرىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە جىنسىيەت ھېسسىياتتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەتتا ھېسسىياتنىڭ جىنسىيەتچىلىكمۇ ئېتىبارى يوق، ئايالغا كۆڭلى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ پەرجى (جىنسىي ئەزاسى) گە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. پاھىشىۋازلىق ۋە جالاپلىق قىلىدىغان پىسىق - پاساتلارنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇ.

رەسمىي نىكاھلىق مۇناسىۋەتتە، ھالال ئاشىق - مەشۇقلۇق مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئەرلەر تولا چاغلاردا ئاياللاردىن ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى جىنسىيەت بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نۇرغۇن ئاياللار شۇنداق بىر مۇشكۇلاتقا قالىدىكى، ئىشق - مۇھەببەت ئوتىدا بىر مەزگىل كۆيۈپ يۈرگەندىن كېيىن، ئەرلەر جىنسىي ئارزۇسىنى ئېيتىدۇ، ئاياللار چىرايلىق ئۆررە بىلەن رەت قىلسا، ئەرلەر: سەن مېنى سۆيىمەن، ياخشى كۆرىمەن، ساڭا كۆڭلۈم بار دەيسەن، ئېيتقىنا، بۇنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايسەن؟ دەپ رەنجىيدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا شەھۋانىيلىق بىلەن قانات سۆرەشتىكى مەقسىتى جىنسىي نەپسىنى قاندۇرۇش؛ ئاياللارنىڭ «جىگدە پۇرىشى» ھېسسىياتىدىكى قىسىلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش.

بەزى ئاياللار ئېرى تاسادىپىي تالاغا قاراپ قالغان، لېكىن ئاشنا تۇتۇۋالمىغان بولسىلا، ئېرىنى كەچۈرەلەيدۇ، يەنە تېخى «ھېسسىيات كونتىراباندىچىسى» (ھېسسىيات قاراڭغۇ بازارچىسى) دەپ قويۇشى-

دۇ، نەپرەت ۋە لەنەتگەردىلەر قاتارىغا قويمايدۇ. دېمەك، ئاياللار جىنسىيەتنى ئەمەس ھېسسىياتنى قەدىرلەيدۇ.

ئەگەر ئەرلەر ئايالالارنىڭ پەرجىگە نەپسىنى يۈگۈرتىدىغان بولسا، گەپنى ئوچۇق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىدۇ. مۇبادا ھىيلىسى ئىشقا ئېشىپ قالسا ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى پەقەت ئايالنىڭ تېنىدە. ئايالنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن شۇ ئايالدىن بېزىشى مۇمكىن. ئەجەب ئەمەسكى، بىرمۇنچە ئايالالار مۇھەببەتلىشىش جەريانلىرىنى ئەسلىگەن چاغلىرىدا كۆز ئالدىغا شۇنداق بىر ئاگاھ پەيدا بولىدۇ: ئەركەكلەر بىلەن ئىشق-مۇھەببەت باغلاپ، نامەھرەم ئالەمنى ئوغرىلىقچە ئۆزدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ياكى نىكاھلىنىپ ئەر - خوتۇنلۇق يولىنى تۇتقاندىن كېيىن، ئەر كىشىنىڭ مىجەزى ئىلگىرىكىدەك بولماسلىقى مۇمكىن.

بەزى ئەرلەر زامانىۋى «شەخسىي ئەركىنلىك»، «ئەر - ئايالالار باراۋەرلىكى» نى دەستەك قىلىپ، ئايالالارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆز تېنىگە كەڭ يول ئېچىپ بېرىشى كېرەك دەپ چاقىرىق قىلىشۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسىتى ئايالالارغا ئەرلەرنىڭ غەرەزلىرىنىڭ ئاسانراق ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويدۇرماقچى.

ئەرلەرنىڭمۇ، ئايالالارنىڭمۇ روھىي دۇنياسى بىلەن ماددىي دۇنياسى تولىمۇ سىرلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق بولىدۇ، ئالدىرىماي، ئاستىلاپ چايناپ، تولۇق لەززەتلىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

---

— بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2004 - يىل 26 - مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# بەللى، ئادەممۇ «تۇخۇم» تۇغىدىغان بوپتۇ

يەيدىغان نەرسىلەر ئىچىدە سۈنئىي ياساپ چىقىرىلغان ساختا نەرسىلەردىن يەنە نېمىلەر باردۇر؟ ئالدىنقى يىللاردا بارمىقىمىز بىلەن شۇنداق ساناپ باقساق، ۋايتوۋا، پەقەت تۇخۇملار بار ئىكەن. شۇ چاغدا ئادەمنىڭ تۇخۇم تۇغۇشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ياساپ چىقىرىشى مۇمكىن، يەنە بىرنەچچە يىلغا قالمايلا سۈنئىي تۇخۇمغا ئېغىز تېگىپ قالارمىز دەپ ئويلاپ قالغانىدىم.

بەللى، مانا، دەرۋەقە پەرەز قىلغىنىمىزدەك، ئادەممۇ «تۇخۇم» ياساپ چىقىرىپتۇ.

خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خەندەن شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر ئادەم يېقىندا بىر غالتەكچىدىن تۇخۇم سېتىۋېلىپ، ئۆيگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن قارىسا، تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقى پۈتۈنلەي ئارىلاش ئىكەن، قازاندا قورۇغاندىن كېيىن تۇخۇم پۇرىقى چىقماپتۇ، قايناتىپ پىشۇرۇپ كۆرسە ناھايىتى قاتتىق قېتىپ كېتىپتۇ.

ئالاقىدار تارماقلار تەكشۈرۈپ - تەجرىبە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن مەلۇم بوپتۇكى، ئۇ تۇخۇمنىڭ شاكىلى كالتسىي كاربوناتتىن ياسالغانىكەن، ئېقى بىلەن سېرىقى بولسا كراخمال، دېۋىرقاي دېگەندەك خىمىيىۋى نەرسىلەردىن ياسالغانىكەن (بېيجىڭدا چىقىدىغان «يەنجاۋ» شەھەر گېزىتىنىڭ 2004 - يىل 28 - دېكابىر سانىغا قاراڭ). ھە، قانداق؟ ساختىپەزلەرنىڭ «ئەقىل - پاراسىتى» گە

«باركاللا» دېمەي تۇرالامسىز؟ ساختىپەز ئادەملا بولىدىكەن، ھەرقانداق ساختا، ناچار نەرسىلەرنى ياساپ چىقىرىۋېرىدىكەن!

«باركاللا» دىن بۆلەك مۇنداق بىرنەچچە مەسىلە خىيالىمغا كەچتى: ساختا تۇخۇم ياسىغان ئادەم ھەرقاچان بىرنەچچىنى ياساش بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ، ساختا تۇخۇم ساتىدىغان غالتەكچىمۇ پەقەت بىر بولماسلىقى مۇمكىن. شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق ئادەملەر غالتەكلەردىن ساختا تۇخۇم سېتىۋالىدىكەنۇ، مۇناسىۋەتلىك چارلىغۇچى خادىملارنىڭ كۆزىگە چېلىقمىغانلىقى قانداق گەپ؟ ساختا تۇخۇم ياساشقا كالتسىي كاربونات كېتىدىكەن، خىمىيىۋى بىرىكمىلەر كېتىدىكەن، دېمەك ساختىلاشتۇرىدىغان تېخنىكا ۋە ھۈنەر - جابدۇقلار لازىم بولىدىكەن، بۇنداق ئىش ئۇششاق تەنزىكەش - غالتەكچىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، شۇنداق ئىكەن، شۇنداق ساختا تۇخۇم ياسايدىغان غايىب ئۇۋا قەيەردە؟ مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەر شۇنداق ساختا تۇخۇملارنى بىلگەندىن كېيىن، ئىز - دېرىكىنى قىلىپ ئەستايىدىل تەكشۈردىمۇ؟ پاش قىلىشتا بىراقلا تورغا چۈشۈرمەكچىمۇ؟ سۈنئىي، ساختا تۇخۇم قانداقسىگە پەيدا بولۇپ قالدى ۋە قانداقسىگە بازاردا سېتىلىدۇ؟ ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سالىدىغان مۇشۇنداق «ساختا تۇخۇم ھادىسىسى» گە كىم جاۋابكار بولۇشى كېرەك؟

لېكىن، شۇنى ئاساسەن بىلىمىزكى، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان تارماقلىرى ساختا، ناچار تاۋارلارنى پەيدا قىلىشقا زەربە بېرىشنى كۈچەيتىدىغان بولسا، ساختىپەزلەر ساختىلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ؛ ساختىپەزلىك قىلىدىغان خۇنىسىلارنى ئۇچراتقاندا ئۇجۇر- بۇجۇرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تەكشۈرىدىغان بولسا، ساختىپەزلەر نەگىمۇ قاچالىسۇن؟! ساختىپەزلەر قانچىلىك مەلۇم بولسا شۇنچىلىكى قانۇن بويىچە جازالىنىدىغان بولسا، قارانىيەت خۇنىسىلارنىڭ بازىرىمۇ تۇگەيدۇ؛ مۇبادا ساختا تۇخۇمنى پەرق ئېتىش مەسئۇلىيىتى ئىستېمالچىلارغا ئارتىپ قويۇلسا، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغانلار ئۆزلۈكىدىن يەڭ تۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقمىسا، ساختا تۇخۇم ئايىغى ئۈزۈلمەي ياساپ چىقىرىلىۋېرىلىشى مۇمكىن؛ ساختا تۇخۇم مەسىلىسىدە



بوشاڭلىق قىلىنىۋەرسە، كىم بىلسۇن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساختا تۇخۇمدىنمۇ ئۆتە خەۋپلىك بىرنەرسىلەرمۇ پەيدا بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ھارامخور تاش سانىغۇچە، ھالال ئادەم قۇم سانايدۇ. ساختا تۇخۇم، سېسىق تۇخۇم، ھارام تۇخۇم دېگەندەك ساختا، ناچار نەرسىلەر ئادەمدىن، ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن قورقماي قالمايدۇ، ناھايەتتە «قانۇن» دىن چۆچۈيدۇ. قانۇن - نىزام ساختىلىقنى ئەدەپلەيدىغان «پەلەق» تۇر، ساختىپەزلەر ھەرقانچە ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن ھارامزادىلىك قىلسىمۇ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار «پەلەق» نى ھەقىقىي يوسۇندا قولىغا ئالىدىغان، ئاممىنى كۆز - قۇلاق بولۇشقا ئۈندەيدىغان بولسىلا، ھەرقانداق ساختىپەزلەر، ساختا نەرسىلەر قاچىدىغان يەر تاپالماي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيدۇ.

ئەپسۇسكى، شۇنىڭغىچە يەنە تېخى خېلى ۋاقىت باردەك تۇرىدۇ.

---

— چى جيەنمىن ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2005-يىل 18 - يانۋار سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# قەشقەرلىكلەرنىڭ ئادىمەتچىلىكى

قەشقەر قەدىمكى شەھەر، «قەشقەرگە بارمىغان ئادەم شىنجاڭغا بارغان بولمايدۇ» دېگەن گەپمۇ قەشقەرنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ نەقەدەر زورلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ قېتىم پۇرسەت توغرا كېلىپ قەشقەرگە بارغىنىمدا، مەندە ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى قەشقەردىكى مىللىي پۇراق ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ قىزغىنلىقى بولدى.

قەشقەردە مەيلى تونۇش بولۇڭ ـ بولماڭ، ئۇيغۇر زاتىلا بولىدىكەن، تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملىشىدىكەن.

قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا، باشقا يەرنىڭ شېۋىسى بىلەن باشقا يەرچە سۆزلىگەن سۆزلىرىم مېنى خېلىلا قىيىنىدى. چۈنكى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تىلى يۇمشاق، سىلىق، ئۇنى پەسرەك بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭلىقلارنىڭكىدەك يىرىك، پوڭ ـ پوڭ ئەمەس ئىكەن. دەسلەپتە شۇنداق سىلىق ـ سىپايە سۆزلەر بىلەن سالاملىشىشنى قاملاشتۇرالماي بىر مەزگىل قىينالدىم. ئاخىر كەسپداشلىرىمنىڭ جان كۆيدۇرۇپ ئۆگىتىشى بىلەن ئۆگىنىپ قالدىم. ئەنە شۇ چاغدا بىلدىمكى، شۇنداق سىلىق ـ سىپايە سالاملاشقاندا كىشىنىڭ كۆڭلى ئېرىپ كېتىدىكەن.

بارغان ۋاقتىم ئۇيغۇرلارنىڭ روزا ئېيى بولسىمۇ، مېھماندوست قەشقەرلىكلەر يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى يەنە ئوخشاشلا قىزغىن كۈتۈۋالدى، ساھىبخانا ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، ئۆز قولى بىلەن قولىغا سۇ قۇيۇپ ھۆرمەت



بىلدۈردى. داستىخانغا تىزىلىپ كەتكەن تاتلىق ـ تۈرۈم گېزەكلەر، شېرىن پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان «زەرەپشان» چېيى كىشىنى مەست قىلىدىغان قىزغىنلىق ئىلكىگە ئېلىۋالىدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇلار تېخى مېھمان كۈتۈشنىڭ بىسمىللاسى ئىكەن. تاتلىق ـ تۈرۈم گېزەكلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ بولغۇچە، ساھىبخانا ئۆزىنىڭ بېغىدىن چىققان مېۋە ـ چېۋىلەرنى، ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان مەھەللىۋى ئوزۇق ـ ئوقەتلەرنى داستىخانغا كەلتۈرىدىكەن، قىپقىزىل ئانار، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان نەشپۈت ـ ئامۇت، قىزىرىپ پىشقان ئالما، ھېقىقەتەن ئوخشايدىغان ئۈزۈم... بۇنى ئالسىڭىز ئۇنى، ئۇنى ئالسىڭىز بۇنى يېگۈڭىز كېلىدۇ؛ يەنە تېخى ساھىبخانا مېۋىنى مېھماننىڭ قولىغا ئېلىپمۇ بېرىدىكەن، ئەگەر يەپ كېتەلمىسىڭىز ئۇلار مېۋىلىرىم تېتىمىغان ئوخشايدۇ دەپ، ئۆزىنى ئەيىبلەيدىكەن. بىزمۇ ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ نېمە بەرسە شۇنى يېدۇق. ھەقىقىي غىزا تارتىلغۇچە يەپ كېكىرىشكە باشلىدۇق، شۇنداق بولسىمۇ ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى يەردە قالمىسۇن دەپ، قورسىقىمىزنىمۇ. شۇ شېرىن ـ مەززىلىك تائاملاردىن ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە «يېيىش جېڭى» نى باشلىۋەتتۇق.

ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىنلىقى ھەممىگە مەلۇم، ئۇلار باردى ـ كەلدى قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، كىشىلەر مەيلى مېھمان بولغىلى بارسۇن ياكى ئويۇنغىلى بارسۇن، قۇرۇق قول بارمايدىكەن. ھېچبولمىغاندا، بىرەر بولاق چاي، ئىككى بولاق قەنت كۆتۈرۈپ بارىدىكەن. بۇنداق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت قەشقەردە ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. قەشقەردە قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە بىرەر قەدىرلىك مېھمان كېلىپ قالسا، قوشنىلىرى شۇ مېھماننى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆز مېھمىنىدەكلا كۈتۈۋالىدىكەن. بۇ نۆۋەت خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىللە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باردۇق، شۇ يەردە تۇرغان بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا شۇ چوڭ ئانىمىز بىلەن تونۇشىدىغان قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىگە پاتىھە قىلدۇردى، تولىمۇ بىسەرەمجان بولدى.

بەزىدە بىر كۈن ئىچىدە بۇ ئۆيگە پاتنەھە قىلىپ بېرىپ ىلا قايتىپ كېلىپ، يەنە بىر ئۆيگە بېرىشقا توغرا كەلدى. تولا چاغلاردا بۇ ئۆيدە قورساقنى تويدۇرۇپ بولۇپ، يەنە بىر ئۆيگە بېرىشقا توغرا كەلگەندە، يېنىمىزدا ئېلىپ يۈرگەن «ھەزىم دورىسى» دىن يېۋېلىپ ئاندىن بارىدىغان بولدۇق، چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇنداق قىزغىنلىقلىرىنى رەت قىلغۇمىز كەلمىدى. مەيلى قاتتىق - قۇرۇق، سۇيۇق - سەلەڭ تاماق بولسۇن ياكى ئېسىل تاماق بولسۇن، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى مېنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى، شۇنداق، مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي روھى؛ ئۆم - ئىتتىپاقلىق، مېھرىبانلىق روھى.

شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى خىزمەتدىشىمنىڭ قېيناغىسىنىڭ ئۆيىگە باردۇق، ئىشىكتىن كىرىشىمىز بىلەنلا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، مەڭزىمىزنى يېقىشىپ بولغاندىن كېيىن كاڭغا تەكلىپ قىلىشتى. قەشقەردە كاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇن ئومۇمەن چوڭ ياشتىكىلەر ياكى ھۆرمەتلىك مېھمانلار ئولتۇرغۇزۇلىدىغان تۆر ئىكەن. بىز ئەنە شۇنداق يۇقىرى ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولدۇق. تېگىشلىك رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆيدىكى ئاياللار بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىپ، تاماققا تۇتۇش قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۆيدە قالغان مويسىپىتلەر كاڭدا ئولتۇرۇپ بىز بىلەن پاراڭلاشتى. تونۇشمىسىمۇ مېھمانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، سالامەتلىكىدىن تارتىپ تاكى قىلىۋاتقان ئىشلىرىغىچە، ئائىلىلىرىگىچە بىر - بىرلەپ سورىدى.

پاراڭلىشا - پاراڭلىشا، غىزا ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، داستىخاندىكى ئىلگىرى تىزىلغان، ئىشتىھانى ئاچىدىغان گېزەكلەرنى پاراڭ ئارىلىقىدا پاك - پاكىز يەپ بوپتۇق. قاراپ تۇرساق، ئاياللار تەخسە - لېگەنلەرنى كۆتۈرگەن ھالدا ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئالدىمىزغا غىزا قويدى. شۇ چاغدا قورساقلار يەنە بىرنەرسە پاتمىغۇدەك دەرىجىدە تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ، «ئېغىز تەگكۈزۈپ» قويماي بولمىدى. چۈنكى، ئۇلارنى نائۈمىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئوخشىغان پولۇ، لەززەتلىك يۇراق چىقىپ تۇرغان پاقلان گۆشى، باچكا كاۋىپى، رەڭگارەڭ قەشقەر لەڭپۇڭى، ئىسسىق كاۋاپ، ئادەمنىڭ شۆلگەيلىرىنى ئاقتۇرىدىغان كاۋا مانتىسى — ساھىبخانا ئاياللارنىڭ ھەرىكەتلىرى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن؛ ئەگەر تاماقنى يۇتالماي قالسىڭىز، دەرھال چاي قۇيۇپ ئالدىڭىزغا قويىدىكەن؛ تەرلەپ كەتكەن بولسىڭىز، لۆڭگىنى ناھايىتى ئاۋايلاپ ئالدىڭىزغا سۇنىدىكەن. مېھماننى شۇنداق تۈزۈت بىلەن كۈتىدىغان قائىدە - يوسۇننى باشقا يەرلەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس.

قەشقەردە ئادەمگە ھەممىدىن بەك ياقىدىغىنى قەدىمكى يوسۇندا سېلىنغان كونا - قەدىمىي ئۆي - ئىمارەت ۋە قەشقەرنىڭ قەدىمىي كوچىلىرى ئىكەن. قەشقەرنىڭ يېڭى بازارلىرىدىكى سودىگەرلەرمۇ بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئۇلاردا ھۆپىگەرلەرگە ئوخشاش ھارامزادىلىك يوق ئىكەن. پۇل دېسە جان بېرىدىغانلارمۇ يوق ئىكەن. ئۇلار تولىمۇ راستگۆي، ئاق كۆڭۈل ئىكەن؛ يىراقتىن كەلگەن مېھمانلار ئالسۇن - ئالمىسۇن، ئۇلار ماللىرىنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇرىدىكەن، ئالماقچى بولغان نەرسىلىرىنى ئوبدان سوراپ بەلىپ، قەيەرگە بېرىپ ئېلىشىڭىزنى دەپ بېرىدىكەن؛ ئەگەر بىللە بېرىشىپ بەرسىڭىز ئىكەن دېسىڭىز، ئۇدۇق - بۇدۇق قىلماي، دۇكىنىنى ھەقەمسايىلىرىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، سىز بىلەن بىللە ماڭىدىكەن؛ يولدا كېتىۋېتىپ سىزدىن دۇنيانىڭ ئەھۋاللىرىنى سورايدىكەن. «قەشقەرگە بارمىساڭ شىنجاڭغا بارغان بولمايسەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ھەقىقىي چۈشەندىم. قەشقەرلىكلەر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي روھىنى شۇنداق تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىكەنكى، قەشقەرگە بارغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ مېھرى چۈشمەي قالمايدىكەن!

قەشقەر ھەقىقەتەن شىنجاڭلىقلارنىڭ ئانا ماكانى دەپ تەرىپلەشكە مۇناسىپ ئىكەن!

# ئېكساق ۋە پۇتبول

## شىنجاڭ پۇتبولىنىڭ جاپالىق سەپىرى

### مۇقەددىمە

شىنجاڭنىڭ پۇتبولچىلىرى 2005 - يىلى يېتىم بولۇڭدىن ئۆز سالاسىنى ياڭراتتى: شىنجاڭ ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى 4 - ئايدا 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تەييارلىق مۇسابىقىسىگە قوشۇمچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى نۆۋىتىدە 0 گە قارشى 1 نەتىجە بىلەن خەينەن كوماندىسىنى يەڭدى، شۇنىڭ بىلەن 46 يىلدىن بۇيان 1 - قېتىم مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا پۇتبول بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىچىلەر قاتارىغا ئۆتتى.

شۇنىڭدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، شىنجاڭ U — 13 ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە ياخشى نەتىجە قازاندى، يەنى 3 - لىكنى ئالدى.

شىنجاڭ U — 15 پۇتبولچىلىرى كوماندىسى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چىڭخۇاڭداۋ ئارىلىغا بېرىپ، مەملىكەت بويىچەU — 15 ياش-ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىرلىرىنىڭ بىرلەشمە مۇسابىقىسىدە C گۇرۇپپا مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. شىنجاڭ پۇتبولچىلار جەمئىيىتىدىن چىققان خەۋەرگە قارىغاندا، شۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشقان كوماندىلار شىنجاڭ كوماندىسىنى چېمپىيونلۇق تالىشىدىغان كوماندا



دەپ تونۇپ مۇسابىقىلەشكەن ئىكەن...

تاكى ھازىرغىچە كەسپداشلار كۆلۈبى بولمىغان شىنجاڭ پۇت توپچىلىرى 2005 - يىل ئەتىيازدا «بىز بار، بىز تېخى مەۋجۇت! » دەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا نەزەر تاشلىساق، كەسپىي پۇتبولچىلار يوق بولسىمۇ، لېكىن ھەۋەسكار پۇتبولچىلار ئوتتەك يېنىپ تۇرماقتا. بىزنىڭ ئوتتەك قىزىق ھەم داغ چۇشمىگەن پۇتبول ئويۇنى بازىرىمىز بار، كەسپىي پۇتبولچىلاردىن بولۇش ئارمىنىمىز بار، يەنە كېلىپ، بىزنىڭ — شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ ئىز بېسىپ كەلگەن 100 يىللىق تارىخى بار، يەنى ئاتۇش شەھىرىدە زامانىۋى پۇتبول ئويۇنىنى ئېلىمىز جۇڭگوغا باشلاپ كەلگىنىگە 100 يىل بولغان پۇتبوپچىلار كەنتى بار، پۇتبول ئويۇنى 100 يىل مابەينىدە مەھەللە ئاھالىسىنىڭ ھەم پەخرى، ھەم جېنى بولۇپ كەلمەكتە.

تۆۋەندە ئۇرۇمچى «سەھەر گېزىتى» ××- يىل 25 -، 26-، 27 - مايدىكى سانلىرىغا بېسىلغان «شىنجاڭدىكى پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ جاپالىق مۇساپىسى» گە دائىر رىۋايەتلەر ۋە ئەمەلىي ئەھۋاللارنى نەزىرىڭلارغا سۇنماقچىمىز.

زامانىۋى پۇتبول ئويۇنىنىڭ غەربتىن شەرققە كېلىشىنى بىر قېتىملىق سەپەر دەپ تەمسىل قىلساق، شىنجاڭنىڭ پۇتبول ئويۇنى خۇددى 100 يىل ئىلگىرىكى پايناپ كەنتىدىن يولغا چىقىپ، جاپا-مۇشەققەتكە پىسەنت قىلماي داغدام يولغا قاراپ كېتىۋاتقان تەنھا سەييياھ (يولۇچى) غا ئوخشايدۇ.

## 1 - قىسسە رىۋايەت

پامىر ئېگىزلىكىدىكى مۇزتاغ چوققىسىنىڭ ئېتىكىدە قوي، كالىلار خۇددى چېچىلىپ كەتكەن ئۇنچە - مەرۋايىتقا ئوخشاش يېيىلىپ يايرىماقتا، ئېكساق كەنتى سۇبھى دەم ئىچىدە ئويغانماقتا..

مانا مۇشۇنداق بىر كەنتتە پۇتبول ئويۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ روي بېرىدىغانلىقىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلسۇن؟! پۇتبول ئويۇنى كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ قېنىغا، جېنىغا سىڭىپ كەتكەن. پۇتبول ئويۇنى ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىلاردىن تارتىپ تاكى چاچلىرى ئاقارغان قېرىلارغىچە ھەممە ئادەمنىڭ پەخرىگە، جېنىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بۇ ئەھۋال 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزگەرگىنى يوق.

شىنجاڭنىڭ ئاتۇش شەھرىگە قاراشلىق ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىدىكى ئىكساق كەنتى جۇڭگو بويىچە كەم ئۇچرايدىغان 100 يىللىق پۇت توپ كەنتى. بۇ كەنتنىڭ ئاھالىلىرى تۇماقنىڭ ئىچىگە پاختا تىقىپ «پۇت توپى» ياسىغان ۋە توپچىلار كوماندىسى قۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ دىياردا تۇنجى پۇتبول كوماندىسى بارلىققا كەلگەنىكەن.

شۇ توپچىلار كوماندىسى ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ پۇتبول كوماندىلىرىنى 0 گە قارشى 2، 0 گە قارشى 7 نەتىجە بىلەن مەغلۇپ قىلغان. 1956 - يىلى شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغان. شۇ كەنتنىڭ توپچىلىرى 1988-يىلدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچىدە ياخشى نەتىجە قازىنىپ كەلمەكتە. شۇ كەنتنىڭ پۇتبول تېپىش قىسمىتى بار توپچى بالىلار سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، تيەنجىن قاتارلىق توپ تېپىشكە باتۇر بولغان ئۆلكە، شەھەرلەرنى بۇ يەرگە كۆچەت تاللاشقا كېلىشكە جەلپ قىلماقتا.

# 100 يىللىق پۇتبولچىلار كەنتى

## تەڭرىتاغلىرى ئېتىكىدىكى ئىكساق كەنتى

ئاتۇش شەھرى — خەن سۇلالىسى زامانىسىدا غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان سۇلىق دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ،



بىرەر مىڭ يىلدىن بۇيان ھېچقانچە ئۆزگەرمىگەندەك، ۋاقىت ئۆتسىمۇ ئۆزىنىڭ باشتىكى ئىمتاسلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. لېكىن، كەنت ئىچىدە ئويۇنى پۇتبول ئوينىلىپ تۇرغانلىقتىن، شوخلۇق 100 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇش ئۇرۇپ كەلمەكتە…

ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىدىكى ئىكساق كەنتى ئاتۇش شەھرىگە 20 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان، قەشقەر شەھرى بىلەن ئاتۇش شەھرى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇر.

كەمىنە مۇخبىر ئاتۇش شەھرىگە بارغاندىن كېيىن، ئاۋۋال شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنى تاپتىم. ھېلىقى 100 يىللىق پۇتبولچىلار كەنتىدە خەنزۇ تىلى بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان ئادەم ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ دەپ ئاڭلىغاچقا، ئۇيغۇر تىلىنىمۇ، خەنزۇ تىلىنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان بىر ئادەم تېپىشقا موھتاج بولۇپ قالغانىدىم. مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى تەنتەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى نەسرۇللا مانا مەن تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىمەن دەپ مەيدىسىگە ئۇردى.

نەسرۇللانىڭ كەمىنە مۇخبىرغا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىكساقلىقلارنىڭ پۇتبول ئويناشقا بولغان ھەۋىسى پۇتبول تېپىدىغانلار مەملىكىتى ھېسابلىنىدىغان برازىلىيىدىن قېلىشمايدىكەن. ئىكساقتا كىچىك بالىلار ئايىغى چىققاندىن تارتىپلا مەيدانلاردا توپ تېپىپ ئوينايدىكەن، ئۆمۈر بويى توپ تېپىشتىن زېرىكمەيدىكەن.

1885 - يىلى كەنت ئاھالىلىرى «پۇت توپى» دېگەن نەرسىنىڭ قانداقلىقىنى تېخى بىلمەيدىغان بىر چاغ ئىكەن، ئۇلار شۇ چاغدا ئىككى تۇماقنى بىر - بىرىگە چېتىپ ياماپ، ئىچىگە پاختىنى كەپلەپ تىقىپ، تۇنجى توپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىكەن.

نەسرۇللانىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشىچە، ئىكساقتىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە پۇتبول ئوينايدىغان مەيدان بار ئىكەن. كەنت دەرىجىلىك مەكتەپلەردە پۇتبول ئوينايدىغان مەيدانلارنىڭ بولغانلىقى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ كۆزى يەتمەيدىغان بىر ئەھۋال. 100 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىكساق كەنتىنىڭ

تەسىرى ئۆتكەنلىكتىن، پۈتۈن ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا «پۇتبول»
تېپىپ ئويناش خەلق ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان تەنھەرىكەتكە ئايلى-
نىپ قالغان. يېزا بويىچە 23 باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ، 17
كەنتنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ كوماندىسى، دېھقانلار كوماندىسى بار
ئىكەن، ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدىغان توپ تېپىش مۇسابىقىلىرى شۇ
يەردىكى خەلقنىڭ تولىمۇ كۆڭۈللۈك بايرىمى ئىكەن.

ئۈستۈن ئاتۇشلۇق بالىلاردىن تەركىب تاپقان ئاتۇش بالىلار پۇت
توپ كوماندىسى 1988 - يىلى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك
مۇسابىقىدە 5- لىكنى ئالغان؛ 1998 - يىلى 2- لىكنى ئالغان؛
2001- يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو جيەنلىباۋ ئۇسسۇلۇقى»
نامىدىكى A گۇرۇپپىلىق بالىلار پۇتبول مۇسابىقىسىدە 32 ئۆلكە،
ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر بويىچە 2- لىكنى ئالغان.
شىنجاڭدىكى 10- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا پۇتبول مۇسابىقىسى
بويىچە چېمپىيون بولغان كوماندىمۇ ئاتۇش كوماندىسى ئىكەن.

— پۇتبول ئويناش، — دەيدۇ نەسرۇللا، — ئەجدادىمىزدىن
تەۋەررۇك بولۇپ قالغان مىراس. ئۇنى قەدىرلەيمىز.

## «پۇتبول» ئويۇننى كەلتۈرگەن ئىككى باي

### شىنجاڭدىكى «پۇت توپى» ئويناش مەشغۇلاتىنىڭ ئا-
### ساسچىسى

ئېكساققا بارغان ۋاقتىم دەل مەھەللىدە ئوچاقلارغا ئەتىگەنلىك
ئوت يېقىلغان چاغ ئىكەن، كەنت ئاق تېرەكلەر بىلەن ئورىنىپ
تۇرۇپتۇ. ئىشىكلىرىگە يۆلەنگەن ھالدا بىزنىڭ ماشىنىمىزغا قاراپ
تۇرغان ئادەملەرنى كۆردۈم. بۇ يەرنىڭ سەھەر ۋاقتىدىكى
تىمتاس ھاۋاسى بىزنىڭ يېتىپ كېلىشىمىز بىلەن قوچىلىپ كەتكەن-
دەك بولدى…

نەسرۇللا ئېيتىدۇ: «توپ تېپىش ئېكساق خەلقىنىڭ غۇرۇرى،



شىنجاڭدا توپ تېپىش ئويۇنى ئېكساق كەنتىدىن باشلىنىپ، كېيىنكى
چاغلاردا ئېلى ۋە باشقا جايلاردىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان» بولسىمۇ،
تارىخنى سۈرۈشتۈرگەندە ئېكساقتىكىدەك تارىخى ئۇزاق ئەمەس.

كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ھەممىدىن
ئاۋۋال چوڭ بىر جۈپ ھەيكەلگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ، ئىككى ئۇيغۇر
سودىگەرنىڭ قىياپىتى چۈشۈرۈلگەن ھەيكەل بولۇپ، ئۇلار مەشئەلنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ھەيكەلنىڭ سۇپىسىدا «ئۇيغۇر يېڭى مائا-
رىپىنىڭ ئاساسچىسى» دېگەن خەتلەر بار ئىكەن. نەسرۇللانىڭ سۆز-
لەپ بېرىشىچە، ھەيكەلدىكى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئېكساقتىكى،
ھەتتا شىنجاڭ بويىچە «پۇت توپى» مەشغۇلاتىنىڭ ئاساسچىسى ئى-
كەن.

كەنتتىكى 70 ياشلىق يۈسۈپ ئاكىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە،
ھەيكەلدىكى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ بىرى باۋۇدۇنباي، يەنە بىرى
ھۈسەنباي ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتىسى مۇسا ھاجىم گېرمانىيىدە تىجا-
رەت قىلىۋاتقاندا ياۋروپانىڭ ئەينى زاماندىكى تەرەققىي تاپقان مائارىپ
سىستېمىسىدىن ۋە «پۇت توپى» ئويۇنىدىن ئىلھاملىنىپ يېڭىچە مائا-
رىپ ئىدىيىسىنى، توپ تېپىش تەنھەرىكىتىنى كەنتكە ئالغاچ كېلىپ،
باشقا ئەنئەنىۋى مەدرىسەلەرگە ئوخشىمايدىغان، ئېھتىمال شىنجاڭ
بويىچە تۇنجى مەكتەپ بولۇپ قالغان ئۇيغۇر يېڭى باشلانغۇچ مەكتىپى-
نى ئاچقان. شۇ مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان دەرسلەر ھازىرقى باشلان-
غۇچ مەكتەپلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، پۇتبول
ئويناش بولسا تەنتەربىيە دەرسلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىكەن. پۇت-
بول ئويۇنى ئېكساق كەنتىدە ئەنە شۇنداق يىلتىز تارتقانىكەن.

مۇسا ھاجىم 1895- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاكا- ئۇكا
ئىككىيلەن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئاتىسى بەرپا قىلغان
مائارىپ مەشغۇلاتىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇلار ئېكساق كەنتىدە كەڭ
بىر پارچە يەرنى سېتىۋېلىپ، توپ مەيدانىغا ئۆزگەرتىپ، «توپخانا»
دەپ ئاتىغان. ئېكساق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى تەق-
لىدىي نەمۇنىسى ھازىرمۇ مەكتەپنىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا ساقلاقلىق

تۇرۇپتۇ، توپ مەيدانىنىڭ ئۆلچەملىك ئۆلگىسى كۆرگەزمىدە كۆزگە
ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن. شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىككى
باينىڭ كەنت ئاھالىسىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ياخشىلاشنى بۇنىڭدىن
ئازغىنە كەم 100 يىل ئىلگىرى چوڭ بىر مەشغۇلات تەرىقىسىدە
ئىلكىگە ئالغانلىقى، ھازىرقى كۈندىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بول-
غان خاسىيەتلىك ۋە ساۋابلىق ئىش.

«توپخانا» ھازىر ئورمانزارلىقتا ئايلاندۇرۇلۇپتۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى
ئىكساق ئوتتۇرا مەكتىپى ھازىر ئىككىگە — ئىكساق باشلانغۇچ مەك-
تىپى بىلەن ئىكساق ئوتتۇرا مەكتىپىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر ئىككى
مەكتەپنىڭ ئۆز ئالدىغا توپ مەيدانى بار ئىكەن.

ھەيكەلنىڭ ئارقا تەرىپىدە پۇتبولچىلارنىڭ توپ ئويناۋاتقان نە-
پىس قاپارتما رەسىملىرى بار ئىكەن، رەسىمدە ئۇيغۇر ئىكەنلىكى
ئېنىق بىلىنىپ تۇرغان، تەمبەل توپچى، تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا بىر
توپنى تېپىپ تۇرۇپتۇ. ئىكساق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى
كامىل كەمىنە مۇخبىرغا كەنتتە ھەممە ئادەم بىلىدىغان مۇنداق بىر
ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى: ئىككى باي ھەقىقىي پۇتبولنىڭ قانداقلى-
قىنى ئىكساكلىقلارغا بىرىنچى قېتىم كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە
ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مال ئېلىپ قايتىدىغان چاغدا 10 دانە
پۇتبولنى ئالغاچ كەلگەن ئىكەن، بىراق تاموژنىدىن ئۆتىدىغان چاغدا
نېمە سەۋەبتىندۇر تاموژنىدىكىلەر شۇ 10 دانە توپنى ئۆتكۈزمەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئىككى باي رەنجىپ، چېگرا ئېغىزىغا يەنە بىر قېتىم
ئادەم ئەۋەتىپ بىرمۇنچە يېلىنىپ، توپلارنى قايتۇرۇپ كەپتۇ. تۇماق-
نى توپ قىلىپ تېپىپ يۈرگەن ئىكساقلىقلار ئەنە شۇ چاغدىلا ھەقىقىي
پۇتبولنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

# 70 — 80 ياشلىق ئاقساقال توپچىلار

## شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ پېشىۋالىرى

كەنتتىكى ئادەملەر ھەقىقىي پۇتبولنىڭ ئەينىنى كۆرۈشنى كۆ-



رۈپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ يېڭى بىر چاتاققا يولۇقۇپتۇ — ئۆز ۋاقتىدا
توپ تەپكەندە توپقا يەل بېرىدىغان سايمان بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىكەن-
تۇق. مانا ئەمدى ئون دانە توپنى بىر مەزگىل تەپكەندىن كېيىن،
بىر - بىرلەپ يېلى چىقىپ كېتىپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟

يېشى 90 لارغا يېقىنلاپ قالغان ئىدرىس ھاجى كەنتتىكى پۇتبول
كوماندىسىنىڭ تۇنجى ئەزاسى ئىكەن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھۋالنى
ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«كەنتتىكى ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم يېلى
چىقىپ كەتكەن توپقا قاراپ ئولتۇرۇپ مەجلىس ئاچتۇق. ئارىدا بىرەي-
لەن ئەقىل كۆرسىتىپ: ‹ئاغزىمىز بىلەن پۈدەپ كۆرەيلى!› دېدى.
بۇ گەپ بىلەن ھەممىمىز خۇشال بولدۇق. شۇ چاغدا بۇ چارە ھەقىقە-
تەن ئەسقاتتى…»

ئىدرىس ھاجى كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى «ئۇ ھەقىقەتەن جاپا
ئىش ئىكەن، ھەر قېتىم پۈۋلەپ بولغاندىن كېيىن قوۋۇزلىرىمىز
تېلىپ كەتكەچكە، بىرنەرسە يېيىشكىمۇ مۇشكۇل بولدى.

ئىدرىس ھاجى تەنھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغان چاغلى-
رىدىكى ھەممىدىن پارلاق ۋاقىتلىرىنى بايان قىلىپ بەردى: 1958-
يىلى ئۈرۈمچىگە شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان پۇتبول مۇسابىقى-
سىگە قاتناشقىلى بېرىپتۇ. «ئاتۇش بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى
1400 كىلومېتىردىن ئارتۇقكەن، — دېدى ئۇ، — بىز شۇ چاغدا
بىرمۇنچە نان ئالغاچ ماڭغانىدۇق، ئۈستى ئوچۇق قارا ماشىنىدا
ئولتۇرۇپ يەتتە كېچە - كۈندۈز دېگەندە ئۈرۈمچىگە باردۇق. ھەربى-
رىمىز كىرا ئۈچۈن 38 كويچەن تۆلىدۇق، 38 كويچەن ئۆز ۋاقتىدا
بىز ئۈچۈن جىقلا پۇل دەڭا!…»

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، كوماندا ئەزالىرىنىڭ كۈندىلىك
تاماق راسخوتىغا 5 موچەندىن پۇل كېتىپتۇ. كەنتتىكىلەرنىڭ كوماندا
ئەزالىرىمىز مۇسابىقىگە قاتناشسۇن دەپ شۇ پۇلنى چىقىرىپ بېرەلى-
گەنلىكىمۇ قالتىس چوڭ گەپ ئىكەن. كوماندا ئەزالىرىنىڭ ئۈرۈم-
چىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ. شۇنداق

بولسىمۇ مەيدانغا چۈشكەندە دەرد ـ پەرت دېگەن نەرسىنى ئارقىسىغا
چۆرۈپ تاشلاپتۇ. ئۇلار ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلى-
شىغا نائىل بوپتۇ، مۇسابىقىلىرى هامان قىزغىن قوللاشقا مۇيەسسەر
بولۇپ تۇرۇپتۇ. «بىزنىڭ ئېكساق كوماندىمىز شۇ چاغدا بىردىنبىر
دېھقان پۇتبولچىلار كوماندىسى ئىكەن، — دېدى ئىدرىس هاجى پە-
خىرلىنىپ تۇرۇپ، — تۇتام ـ تۇتام ساقىلىمىز بولسىمۇ، ياشتا
چوڭراق بولساقمۇ، لېكىن تېخنىكىمىزغا، پۇتبولغا بولغان قىزغىن-
لىقىمىزغا ھەممە ئادەم ئاپىرىن ئوقۇدى.»

پۇتبولچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئېكساققا بارغاندا، 86
ياشلىق مەھەممەت زۇنۇن ئاكىنى زىيارەت قىلماي بولمايدىكەن. ئۇ-
نىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئېكساقنىڭ پۇتبول تارىخى ئىكەن
دەپ ئېيتساق مۇبالىغە بولماس.

گەپ 1927- يىلى ئەنگلىيە ۋە شۋېتسىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ
پۇتبول كوماندىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقە ئۈستىگە كېلىپ
قالغاندا، مۇھەممەت زۇنۇن ئاكا هاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئۇنىڭ
سۆزلەپ بېرىشىچە، 1927 ـ يىلىدىكى مۇسابىقە ۋاقتىدا ئۇ سەككىز
ياشتا ئىكەن، ئېشەك هارۋىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، يول
بويى ھەممىگە ھەيران بولغان هالدا قەشقەرگە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى
توپچىلار كوماندىسىنىڭ دوختۇرى ئىكەن، تاغىسى مۇسابىقىگە قاتنى-
شىدىغان كوماندا ئەزاسى ئىكەن. سەككىز ياشلىق مۇھەممەت زۇنۇن
خەلقنىڭ مۇسابىقىدە غەلىبە قىلغان تاغىسى بىلەن كوماندا ئەزالىرىنى
بېشىدا كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇشال بولغانىكەن. دې-
مەك، پۇتبول كىشىلەرنى شۇنداق سۆيۈندۈرىدۇ.

1954 ـ يىلى 35 ياشقا كىرگەن مۇھەممەت زۇنۇن ئازادلىق
ئارمىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىقلار تۇەنلىكىنىڭ جەڭچىلىرى
بىلەن قەشقەردە بىر مەيدان مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. ئوغلى نىجاتمۇ
سەككىز ياشتا ئىكەن، ئۇمۇ دادىسىنىڭ جەڭچىلەر بىلەن قىلغان
مۇسابىقىسىنى كۆرۈپتۇ. دېمەك، پۇتبول ئۇنىڭ ئەۋلادىدىمۇ چوڭقۇر
خاتىرە قالدۇرۇپتۇ. پۇتبول ئەنئەنىسى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئەنە



شۇنداق ئۆتىدىكەن. هازىر مۇھەممەت زۇنۇننىڭ 30 نەۋرىسى بار
ئىكەن، ئۇلارنىڭ 15ى يېزىدىكى پۇتبول كوماندىلىرىدا توپ تېپىدى-
كەن. ئەگەر دۇنيادا ئائىلىۋى پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان
ئىش بولسا، مۇھەممەت زۇنۇن ئائىلىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدى-
غانلىقىغا ئىشىنىمەن.

هازىرقى كۈندە ئېكساق كەنتىدىكى ياشانغانلارنىڭ ھەرقانداقى
پۇتبول بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەردىن ھېكايە قىلىپ بېرەلەيدى-
كەن، ياشلىق چاغلىرىدا پۇتبول مەيدانلىرىدا سۇرگەن پەيزلىرىگە
هازىرمۇ تارتىشىدىكەن...

## ئىككى مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى

### ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭمۇ، شۋېتسىيە كوماندىسىنىڭ-مۇ مەغلۇپ قىلىنىشى

كەنتتىكى بوۋايلار بىلەن پاراڭلىشىپ يۈرۈپ، 1927- يىلىدىكى
ئىككى مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسىنى بىلىپ قالدىم. ئۇ مۇسابىقە
بارلىق ئېكساق خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك پەخرى ئىكەن. ئېكساق پۇتبول
كوماندىسىنىڭ ئەنگلىيە ۋە شۋېتسىيە كونسۇلخانا پۇتبول كوماندىلى-
رىنى يەڭگەنلىكىنىڭ ئۆتمۈشى بۈگۈنكى كۈندە كەنت كۆرگەزمىخانى-
سىدىمۇ خاتىرىلىنىپ تۇرۇپتۇ...

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېكساق كەنتىدە ئەۋجىگە چىققان
پۇتبول ئويناش قىزغىنلىقى ئەنگلىيىنىڭ، شۋېتسىيىنىڭ شىنجاڭ
قەشقەردىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىدىكى مەشھۇر شەھەر. ئېك-
ساق كەنتى قارايدىغان ئاتۇش شەھىرى بولسا قەشقەر شەھىرىگە نەچچە
ئون كىلومېتىرلا ئارىلىقتا. ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى
ئېكساققا بىر مەيدان «دوستانە مۇسابىقە» ئۆتكۈزسەك، دەپ خەت
ئەۋەتىپتۇ ۋە: پۇتبول بولسا، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەنھەرىكىتى، قورسى-

قىنىمۇ باقالمايدىغان جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ توپ تېپىش ئويۇنىنى پۇتبول ئويۇن ھاقارەت؛ ئەگەر ئېكساقلىقلار ئەنگلىيە كونسۇلخانا كوماندىسىنى يېڭەلەيدىغان بولسا كەنتكە 10 تۇياق يارامىلىق ئات ۋە ئاشلىق، رەخت تارتۇق قىلىپ بېرىمىز... دەپتۇ.

ئېكساق خەلقى شۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئېلىشىشقا ماقۇل بوپتۇ ۋە ئەنگلىيە كونسۇلىغا گەپ ئەۋەتىپ: «ئەگەر بىز ئۇتتۇرۇپ قويساق، سىلەر ئاتىغان مۇكاپاتنىڭ ئىككى باراۋىرى بويىچە سىلەرگە تۆلەم بېرىمىز...» دەپتۇ.

مۇسابىقە 1927- يىل 5- ئاينىڭ بىر كۈنى قەشقەردە ئەنگلىيەلىكلەر ياسىغان بىر ئاددىي پۇتبول مەيدانىدا باشلىنىپتۇ. شۇ چاغدا قەشقەردە ئادەم قالماي مۇسابىقە كۆرگىلى بېرىپتۇ. مەيداندا يالاڭئاياغ ئېكساقلىقلار كۆن ئۆتۈك كىيگەن ئەنگلىيىلىك توپچىلار بىلەن ئېلىشىپتۇ: نەتىجە 0 گە قارشى 2 بولۇپ، ئېكساق كوماندىسى ئۇتتۇۋاپتۇ.

مۇھەممەت زۇنۇن ئاكا مۇنۇلارنى ئەسلەپ بەردى: شۇ چاغدا پۈتۈن قەشقەر قايناپ كەتتى، ئادەملەر بىر - بىرىگە غەلىبە خۇش خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈشتى، خەلق توپچىلارنى خۇددى قەھرىمانلارغا ئوخشاش بېشىدا كۆتۈردى، ھەممە ئادەمدىن دېگۈدەك ھاياجان كۆز يېشى تۆكۈلدى...

كېيىن، تەن بەرمىگەن شۋېتسىيە كونسۇلخانىسى پۇتبول كوماندىسىمۇ مۇسابىقىلىشىشنى تەلەپ قىپتۇ ۋە: «ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويۇشى ياۋروپا توپچىلىرىنىڭ توپنى چىملىق مەيداندا تېپىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بوپتۇ، ئاقتاما يەردە ھەقىقىي ماھارەتنى كۆرسىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» دەپتۇ.

يەرلىك بىر زېمىندار شۋېتسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ قىتىغۇرلۇقىغا قارشى گەپ قىلىپ: «ئۆزۈمنىڭ بىر پارچە بۇغدايلىقىمنى مۇسابىقىگە ئاتىدىم. ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويساڭلار، ئۇچاغدا بۇغدايلىقىمدىن كەلگەن زىياننىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىشىڭلار شەرت!» دەپتۇ.



5 - ئايدا بۇغداي ئېتىزلىرىدا مايسا ئەمدىلا باش چىقارغان ئىكەن. شۇ بۇغدايلىق جۇڭگو بويىچە، ھەتتا دۇنيا بويىچە پۇتبول تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان «مايسىزار پۇتبول مەيدانى» قىلىپ تۈزلىنىپتۇ. شۋېتسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ پۇتبول كوماندىسى بىلەن بولغان مۇسابىقىسى باشلانغاندىن كېيىن، تاماشاچىلار بىلەن توپچىلار شۇنى بايقاپتۇكى، كۆن ئۆتۈك كىيىۋالغان شۋېتسىيە توپچىلىرىمۇ بىر توپنى كەتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، چىدىماسلىق قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇلار ئېكساقلىق توپچىلارنىڭ پۇتىغا ئۆتۈكى بىلەن تېپىدىغان بوپتۇ. لېكىن، ئېكساقلىق توپچىلار «قەستلىك تېپىك» تىن ئۆزلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن قاچۇرۇپ، توپنى رەقىبىنىڭ دەرۋازىسىغا قارىتىپ ماھىرلىق بىلەن تېپىپتۇ...

مۇسابىقىنىڭ ئاخىرىدا ئېكساق كوماندىسى بىلەن شۋېتسىيە كونسۇلخانا كوماندىسىنىڭ نەتىجىسى 0 گە قارشى 7 بولۇپ چىقىپتۇ. دېمەك، ئېكساق كوماندىسى ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى پۇتبول بىلەن ئاقلاپ، رەقىبىنىڭ چىدىماسلىقلىرىغا ئۆز غەلىبىسى بىلەن نەپرەت قىپتۇ.

## ئېكساق جۇڭگو پۇتبولىنىڭ كۆكلىشىنى ئارزۇ قىلماقتا

مەدەنىيەت - تەنھەرىكەت ئىدارىسىنىڭ تەنتەربىيە بۆلۈم باشلىقى نەسرۇللا مۇنداق دەيدۇ: «100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە پۇتبول ئېكساق كەنتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم پائالىيىتى بولۇپ كەلدى. ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى پۇتبول بىلەن ئىسپاتلايدۇ.»

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئېكساق كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پۇتبول مەيدانىدا بالىلار، ياشلارنىڭ ۋە 70 ياشلىق بوۋايلارنىڭ بىللە توپ تېپىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم.

مەيداندا بالىلارغا توپ تېپىشنى ئۆگىتىۋاتقان شۇ بوۋايلار ئۆزلىرى ئازادلىقتىن كېيىن قاتناشقان مۇسابىقىلەرنى خۇددى بەش قولنى ساناپ بەرگەندەك ئېيتىلىق بايان قىلىپ بەردى: 1954 - يىلى

ئېكساقلىقلار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قەشقەردىكى ئاتلىق پولكى بىلەن بىر مەيدان مۇسابىقىگە چۈشۈپ ئۇتتۇۋالغان؛ 1956 - يىلى ئېكساقلىقلار قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىر مەيدان مۇسابىقىلىشىپ ئۇلارنىمۇ ئۇتتۇۋالغان؛ 1958 - يىلى ئېكساق كوماندىسى قەشقەر ئاتلىق تۈەنى بىلەن 2 - قېتىم ئېلىشىپ يەنە ئۇتتۇۋالغان؛ 1958 - يىلى ئېكساق كوماندىسى ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگىمۇ قاتناشقان.

— بىلەمسىلەر؟ — دەپ سۆزلىدى 70 ياشلىق بوۋاي غوپۇر ئاكا پەخىرلىنىپ تۇرۇپ، — شىنجاڭنىڭ خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق يەرلىرىدە ۋىلايەت تەۋەلىك پۇتبول كوماندىلىرى 1960- يىلىغا كەلگەندە ئاران قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بىزدىن كۆپ كېيىن قۇرۇلدى!

— ھازىرمۇ توپ تېپەلەمسىز؟ —دەپ سورىدىم بوۋايدىن.

—نەۋرەم ھە - ھۇ قىلىشىپ بەرسە تېپىپ ئويناپ بېرەي، — دېدى بوۋاي مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

بوۋاي 14 ياشلىق نەۋرىسى بىلەن شۇنداق ئويىندىكى، توپنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئېلىپ مېڭىش ھەرىكەتلىرىنى قىلغاندا گويا ئۆزىنىڭ 70 ياشقا كىرىپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قېرىلىققا تەن بەرمەي مۇمكىن ئەمەس، بوۋاي ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى توپ ئويناش ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتەلمىدى، تازا ئېگىز سەكرەپ تېپىشكە پۇتىنىڭ ماغدۇرى يەتمىدى.

توپ ئوينىلىۋاتقاندا، 4 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان بالىلار بىر چەتتە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. پۇتبول دەيدىغان بۇ غەلىتە نەرسە بۇ يەردىكىلەرنىڭ مەڭگۈ ئاغزىدىن چۈشمەيدىكەن. «ئېكساق بالىلىرى ئەقىل كىرگەندىن تارتىپلا پۇتبولغا ئېجىل بولۇپ قالىدۇ.» بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بالىلارنىڭ كۆزلىرىلا ئوبدان يېشىپ بېرىدۇ. پۇتبولنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ھېچبولمىغاندا ەانا ھازىرقىدەك مۇشۇنداق بىر پەيتتە ھاجەت ئەمەس.

ئېكساق كەنتى چەتتە — يىراقتا بولسىمۇ، ئېكساقلىقلار نۇرغۇن توپ مۇسابىقىلىرىنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ تۇرالايدىكەن. تېلېۋىزوردا توپ مۇسابىقىسى بېرىلسىلا كەنتتىكى ئادەملەر ھەرقاچان بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەي كۆرۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلار شاڭخەينىڭ «شىڭخۇا» — «شاڭخەي گۈلى» كوماندىسىنى، دالىيەننىڭ «شىدې» — «دىيانەت» كوماندىسىنى بىلىدىكەن، ئۇلار كەمىنە مۇخبىردىن:

— بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ توپ كوماندىلىرىمىز نېمە ئۈچۈن يارامسىز بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

كەنت خەلقىنىڭ تولىسى خەلقئارا پۇتبول ئويۇنىغا، جۇڭگونىڭ پۇتبول ئويۇنىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئۇلار چېدانىنى، لىئوناردونى بىلىدىكەن؛ شاھى مادرىدنى، برىتانىيە ئالىي چاتما مۇسابىقىلىرىنى بىلىدىكەن.

— جۇڭگودا ئادەم شۇنچە كۆپ، — دەيدۇ ئۇلار، — نېمىشقا پۇتبولنى تۈزۈكرەك تېپەلەيدىغان ئوتتۇرا قولدەك ئادەملەر چىقمايدىغاندۇ؟...

بىرنىمىدەپ بولمايدۇ، بىزنىڭ كەنتىمىزنىڭ پۇتبول كوماندىسى جۇڭگوغا ۋاكالىتەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ قالسا، ھازىرقىدىنمۇ ئوبدان نەتىجە قازىنىپ قېلىشىمۇ ئەجەب ئەمەس. بىز كۆرۈۋاتقان توپچىلارنىڭ نەزىرىدە ھازىر پۇلدىن باشقا نەرسە يوقتەك قىلىدۇ...

كەنتتىكى توپچىلار پۇل بولمىسىمۇ ئوبدان تەپكىلى بولىدۇ، پۇتبولنى پۇل تەپمەيدۇ، پۇت تېپىدۇ دېيىشىدۇ.

ھازىر كەنتتە جۇڭگودىكى ئالىي مۇسابىقىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئازىيىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىنى پۈتۈنلەي ياۋروپادىكى چاتما مۇسابىقىلەر ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپتۇ. مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ تەنتەربىيە بۆلۈم باشلىقى نەسرۇللانىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرنىڭ پۇتبول قىسمەتلىك بالا توپچىلىرى سىچۈەن، تيەنجىن، گۇاڭدۇڭ دېگەندەك پۇتبولغا ماھىر ئۆلكىلەرنىڭ كۆچەت تاللاش نىشانىسى بولۇپ قاپتۇ.

— ئېھتىمال، شىنجاڭنىڭ، ھەتتا پۈتۈن جۇڭگونىڭ پۇتبول جەھەتتىكى شېرىن چۈشلىرى مۇشۇ كىچىك يۇرتتىن باشلىنىشى مۇمكىن...

# 2-قىسىم ئەمەلىيەت

## بىزمۇ، شىنجاڭ پۇتبولىمۇ مەۋجۇت

شىنجاڭ تەمىنات - سودا مەكتىپىنىڭ ئانچە تەكشى بولمىغان قۇملاق پۇتبول مەيدانى. شىنجاڭ پۇتبولچىلار كوماندىسى مانا مۇشۇ يەردىن بۇ يىل 4 - ئايدا مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە دائىرىسىگە ئۆتتى. 46 يىلدىن بۇيان 10 نۆۋەت مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بولۇپ ئۆتتى. شۇ مۇسابىقىلەرنىڭ توققۇزىدا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە دائىرىسىگە يەڭ تۇرۇپ چۈشكەندە يۈز بەرگەن مەغلۇبىيەت شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ يۈرىكىدىن چىقمايدىغان دەرد بولۇپ قالغانىدى. باشقىلار شىنجاڭ پۇتبولىنى ھېچقانچە چۈشەنمەي، شىنجاڭنىڭ پۇتبولىنى ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق دېسە دەۋەرسۇن، شىنجاڭ پۇتبولى 2005- يىلى باھاردا، بۇ زېمىن ئەسلا قاغجىراپ قالغان پۇتبول چۆلى ئەمەس! دېگەن سادانى ياڭراتتى.

## مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، شىنجاڭ پۇتبولىنىڭ «دۇنيا لوڭقىسى»

2005 - يىل 5- ئاينىڭ 10- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيەنجىن كوچىسىدىكى شىنجاڭ تەمىنات - سودا مەكتىپىدىكى ئېگىز - پەس، قۇملاق پۇتبول مەيدانىدا چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. يۈز - كۆزىنى چاڭ باسقان باللار توپ تېپىشمەكتە. مانا بۇ يەر شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ «مەشىق بازىسى».

بۇ يەردە مەشىق قىلىۋاتقانلار ئۆسمۈر باللارنىڭ مەملىكەتلىك پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن شىنجاڭ



ئوغۇللار U — 13 پۇتبول كوماندىسىدىكى توپچىلار ئىدى.

بالىلار مەيداندا بىردەم توپنى ئېلىپ يۈرۈپ، بىردەم باشقىلارنى يانداپ ئۆتۈپ، يەنە بىردەم ئىككى دەرۋازىغا قارىتىپ تېپىپ··· دېگەندەك شوخ ئوينىماقتا. قارامايدىن كەلگەن بىر توپچى بالا كەمىنە مۇخبىرغا:

— شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسى مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە دائىرىسىگە مانا مۇشۇ مەيداندىن چىقىپ ئۆتكەن··· — دېدى.

شىنجاڭ بالىلار پۇتبول كوماندىسى ئارمان بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغاندەك، بالىلارمۇ چىمسىز مەيداندا توپ تېپىپ ئويناشقا ئادەتلىنىپ قاپتۇ.

شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسى تا ھازىرغىچە تەمىنات - سودا مەكتىپىنىڭ ئوي - دوڭغۇل توپ مەيدانىنى ئارىيەتكە ئېلىپ مەشىق قىلىپ كەلمەكتە. پۇتبولچىلار جەمئىيىتىمۇ مەكتەپ قورۇسىدىكى ئاھالىلەر بىناسىدىن بىرنەچچە ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشخانا قىلماقتا. شىنجاڭ پۇتبولچىلار جەمئىيىتىنى ئىزدەۋېتىپ مۇنداق بىر ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ قالدىم: ئۈرۈمچىدە «پۇتبولچىلار جەمئىيىتى» بارلىقىنى بىلىدىغان ئادەم كەم ئۇچرايدىكەن، ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم تېخىمۇ ئاز ئىكەن. بىر تاكسى شوپۇرى ھەتتا:

— شىنجاڭدىمۇ پۇتبولچىلار كوماندىسى بارمۇ؟ — دەپ سوراۋاتىدۇ.

ھەجمى 10 كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان ئىشخانىغا جايلاشقان شىنجاڭ پۇتبول ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئىلھام نەسرىدىن مۇنداق دەيدۇ: شىنجاڭدا كەسپىي پۇتبولچىلار كۇلۇبى يوق، لېكىن ھازىرچە ھەۋەسكار پۇتبولچىلارنىڭ چاتما مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، يىلدا بىر قېتىم پۇتبولچىلار جەمئىيىتى لوڭقا-

سىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. پۇتبول ھەرىكىتىنى ئۆ-
زىمىزگە خاس ئۇسۇل بىلەن ئويناپ كېلىۋاتىمىز ۋە ئۆزىمىز ئارزۇ
قىلغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىمىز... قانداقلا بولسۇن، پۇت-
بول ھەرىكىتى كىشىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدىكەن، ھەممىمىز
خۇشال بولساقلا بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ، شىنجاڭ پۇتبولى يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى
سەپەرىدە زادى قانچىلىك خۇرسەنلىك بېغىشلىدى؟

مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى پۇتبول مۇسابىقىسى
شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ يۈرىكىدىكى «دۇنيا لوڭقىسى» ، بۇنىڭدا
شەك يوق. پۇتبول راۋاج تاپقان يەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەملى-
كەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى پۇتبول مۇسابىقىسى ھېچقانچە
قەدىرلىك بىر ھەرىكەت ئەمەس. لېكىن، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان
كەسپىي كۇلۇپقا ئېرىشەلمىگەن شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۆت
يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت
مۇسابىقىسىدىكى پۇتبول مۇسابىقىسى شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ پۇ-
تۈن ئارزۇ - ئارمىنىدۇر.

شىنجاڭ پۇتبول ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرى مىڭ يەنيى شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك
تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى ھەل قىلغۇچ دائىرىگە ئۆتۈشكە ھەر
قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەنلىكىنىڭ جەريانلىرىنى ئەسلەپ ھەسرەت بى-
لەن مۇنداق دەيدۇ:

— 46 يىل بولدى، شىنجاڭ پۇتبولچىلىرى ھەر قېتىمدا مۇسا-
بىقىگە چۈشتى، لېكىن ھەر قېتىمدا پىداكارلىق كۆرسەتتىيۇ، ھەر
قېتىم لېۋىنى چىشلەپ قالدى...

10 قېتىملىق مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ توققۇز
قېتىمىدا ھەل قىلغۇچ دائىرىگە ئۆتەلمىدۇق. بۇ شىنجاڭ پۇتبولچى-
لىرىنىڭ يۈرىكىدىن چىقمايدىغان دەرد - ئەلەم. باشقىلار شىنجاڭ
پۇتبولىنى ھېچقانچە چۈشەنمەي، شىنجاڭنىڭ پۇتبولىنى ئېغىزغا ئال-
غۇچىلىكى يوق دەپ قارىسا قاراۋەرسۇن، شىنجاڭ پۇتبولى 2005-



يىلى باھاردا، بۇ زېمىن ئەسلا قاغجىراپ قالغان پۇتبول چۆلى ئە-
مەس! دېگەن سادانى ياڭراتتى.

## كەسپىي پۇتبولنىڭ تۇنجى قەدەم تاشلىشى

### ھەۋەسكار پۇتبولچىلارنىڭ بازار تېپىشى

شىنجاڭ پۇتبولچىلىرى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە پەقەت مەملى-
كەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن B دەرىجىلىك چاتما پۇتبول مۇسابىقىلىرى-
غىلا قاتنىشىپ، ئوتتۇرا، ئاياغ تەرەپتىنلا ئورۇن ئېلىپ كەلگەن.
1994 - يىلى كەسپىي پۇتبول مەملىكەت بويىچە قانات يېيىشقا باشلى-
غاندا، شىنجاڭ كوماندىسى ئىككى يىل ئۆتمەيلا تۈرلۈك سەۋەبلەر
بىلەن تارقىلىپ كەتتى.

شىنجاڭ پۇتبول ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدى-
رى ئىلھام نەسرىدىننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شىنجاڭ پۇتبولچىلار جەم-
ئىيىتى نامدا بار، ئەمەلدە يوق بىر ھالغا كېلىپ قالغان چاغدا
جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىغانىكەن.

— شۇ چاغدا، — دەيدۇ ئىلھام نەسرىدىن، — ئۈرۈمچى نەنمى-
دىكى تەنتەربىيە سارىيىنىڭ بىر ئېغىزلىق ۋەيرانە ئىشخانىسىدا يال-
غۇز مەنلا بىر ئادەم قالغان. پۈتۈن شىنجاڭ پۇتبولچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ بار- يوقى ئەنە شۇ ئىدى، — ئۇ كەمىنە مۇخبىرغا كۈلۈپ
تۇرۇپ دەردىنى تۆكتى، — شۇ چاغلاردا گويا سۈرگۈن بولغاندەك
ھېسسىيات پەيدا بولغانىدى...

1994-، 1995 - يىللىرى ئۈرۈمچىدە بىر كارخانا يىلىغا 150
مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، شىنجاڭ كوماندىسىنىڭ B دەرىجىلىك
چاتما مۇسابىقىگە قاتنىشىشىغا ياردەم بەردى. 1994 - يىلىنىڭ
باشلىرىدا تۇسۇن تايغا ئوخشاش مەيدانغا چىققان شىنجاڭ كوماندىسى
تەييارلىق مۇسابىقىسىدە بىر كۆرۈنۈش قىلىپ قويۇپلا قايتىپ كەپتۇ.
1995 - يىلى ئېغىر يۈك - تاقلىرىنى يۈدۈپ يولغا چىققان شىنجاڭ
كوماندىسى ماغدۇرىدىن كەتكەن، دەردىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا قاي-

تىپ كەپتۇ، شۇ جەرياندا رېپىرلارنىڭ ناھەق ئىشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپتۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، شىنجاڭ پۇتبولچىلىرى ئۆز ئىچىدە: شۇ چاغلاردىكى توپ تېپىش سەۋىيىمىزدىن ئالغاندا، رېپىر چاتاق قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇتۇپ چىقىشىمىز ناتايىن ئىكەن، دەپ ئېتىراپ قىلىشىپتۇ.

شۇ يىلى مەيدانغا چۈشكەن تۆت كوماندىنىڭ ئىككىسى شىنجاڭلىقلارنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كېتىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا تېخى B دەرىجىلىك كوماندا ھالىتىدە تۇرغان شاڭخەي پۇدۇڭ كوماندىسى بىلەن ياردەمچى خۇەنداۋ كوماندىسى شىنجاڭلىقلارنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ، شىنجاڭلىقلارنى رەنجىتكىنى ئۇلارنىڭ سەۋىيىدە يۇقىرى بولغانلىقى ئەمەس، يانچۇقى توم، خورىكى يوغان بولغانلىقى ئىكەن.

ئىلھام نەسرىدىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ياردەمچى خۇەنداۋ كوماندىسى مۇسابىقىگە چۈشىدىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ قارا سومكىغا لىق خەلق پۇلى قاچىلاپ بىر چەتتە كۈتۈپ ئولتۇرغان ئادەملىرى بار ئىكەن. مۇسابىقە باشلانغۇچە توپچىلارنىڭ ئۇستازى سومكىنى شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ قويىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، توپچىلىرى مەيدانغا خۇددى ساراڭ ئادەملەردەكلا چۈشىدىكەن، قارىسىڭىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىپقىزىل بولۇپ كېتىدىكەن!

شىنجاڭ كوماندىسى ئىككى قېتىم ئېلىشىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە ئۇلارنىڭ B دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقىگە قاتنىشىشىغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان بىرەرمۇ كارخانا چىقماپتۇ. شىنجاڭ كوماندىسى نائىلاج ئىككىگە بۆلۈنۈپ، غۇلجا بىلەن قارامايغا ۋاكالىتەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپتۇ. بۇ ئىككى يەر شىنجاڭ پۇتبولىنىڭ ئىزىنى بېسىپتۇ، چۈنكى ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان كارخانا بار ئىكەن.

نامى ئالمىشىپتۇ، لېكىن بۇنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ياردىمى بولماپتۇ. شىنجاڭ كوماندىسى 1996 - يىلى B دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقىدە قاناتلىرى يەنە بىر قېتىم قايرىلىپ قايتىپ كەلگەندىن



كېيىن چېچىلىپ كېتىپتۇ.

1996 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە شىنجاڭدا كەسپىي پۇتبول يوق ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ.

شىنجاڭ پۇتبولچىلىرى 2005 - يىل 5 - ئايدا ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر خەۋەرنى كۈتۈۋالدى — شىنجاڭنىڭ تۇنجى كەسپىي كوماندىسى يەنى شىنجاڭ نېفىتچىلار كوماندىسى بارلىققا كەلدى. ھازىر ئەنە شۇلار مەملىكەت بويىچە B دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقىلەرگە قاتناشماقتا.

كەسپىي پۇتبول ئۆز سەپىرىنى ئەمدىلا باشلىغان بولسىمۇ، ھەۋەسكارلار پۇتبولى قالتىس بازار تېپىۋېتىپتۇ؛ بۇ يىل ھەۋەسكار A دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقە ئۈچۈن 10 تارماق كوماندا، B دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقە ئۈچۈن 10 تارماق كوماندا، C دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقە ئۈچۈن 12 تارماق كوماندا تەييار. شىنجاڭدىكى ھەۋەسكار پۇتبولچىلارنىڭ چاتما مۇسابىقىلىرىگە شىنجاڭ پۇتبولچىلار جەمئىيىتى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، مۇسابىقىنى شىنجاڭ پۇتبول مەستانىلىرى جەمئىيىتى زىممىسىگە ئېلىپ ئۆتكۈزىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي پۇتبول مەستانىلىرىنىڭ چاتما مۇسابىقىسى.

شىنجاڭ پۇتبولچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى تەمىنلىگەن خەلق ئىشلىرى نازارىتى باشقۇرىدىغان ئاممىۋى تەشكىلات ئىكەن.

ئىلھام نەسرىدىن مۇنداق دەيدۇ:

— چاتما مۇسابىقىگە چۈشىدىغان ھەۋەسكارلارنىڭ ھەممىسى زاۋۇت - كارخانىلاردىكى ھەۋەسكار توپچىلار بولسىمۇ، لېكىن توپنى ئەستايىدىل - قېتىرقىنىپ ئوينايدۇ. چاتما مۇسابىقە دائىرىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇسابىقىلەر ھەر شەنبە - يەكشەنبە كۈنى بىر قېتىمدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى سوغۇقراق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق چاتما مۇسابىقىلەر ھەر يىلى قىش ۋاقتىدا توختىتىپ قويۇلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ناھايىتى سوغۇق بولغان كۈنلەردىمۇ بەزى كوماندىلارنىڭ تالادا مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز…

—...ئۇلار تامامەن پۇتبولغا ئىشقى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، — دېدى ئىلهام نەسرىدىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ مۇسابىقىلىرى ھەۋەسكارلارنىڭ چاتما مۇسابىقىسى بولغاچقا، توپ تېپىشتىن بىرەر تىيىن پۇل تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يەنە تېخى ئۆز يېنىدىن سېلىپ بېرىدۇ.

## شىنجاڭنىڭ قايناق ھەم ساپ پۇتبول بازىرى

شىنجاڭغا كېلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ تولىسىدا شۇنداق بىر تەسىرات قالىدىكەن: شىنجاڭدىكى مەكتەپلەردە، كارخانىلاردا ھەتتا يېزا - كەنتلەردىمۇ بوش يەرلا بولىدىكەن، توپ تېپىپ ئويناۋاتقانلارنى كۆرىسىز.

— شىنجاڭ ئۇستا پۇتبولچىلار چىقىدىغان يەر بولسا كېرەك، — دەيدۇ شىنجاڭ پۇتبولچىلار كوماندىسىنىڭ باش ئۇستازى پەرھات، — بىزنىڭ كوماندىرىمىزنى ئېلىپ ئېيتسام، توپچىلىرىمىز ناھايىتى غەيرەتلىك. بىرنەچچە يىل مەشىق قىلىسىلا ئوتتۇر ھال، ئالىي نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىدە گەپ يوق.

ئىلهام نەسرىدىننىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىدا «توپ تېپىش بىلەن باي بولىمەن» دەيدىغان ئوقۇم يوق دېيەرلىك ھالەتتە ئىكەن. ئۇلار توپنى پەقەت ھەۋەس بولغانلىقى ئۈچۈنلا تېپىپ ئوينايدىكەن. 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە دائىرىسىگە ئۆتكەن كوماندىنى ئالساق، توپچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى ۋە مۇسابىقە چىقىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق مائاشى ۋە پاراۋانلىقى يوق ئىكەن. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى توپچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرغىنى پۇتبولغا بولغان ھەۋەس ۋە ئەقىدە ئىكەن. شىنجاڭدا قىش ۋاقتى ئۇزاق، ھاۋا سوغۇقراق بولىدۇ، لېكىن سوغۇق ھاۋا توپچىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا دەخلى يەتكۈزەلمەيدىكەن، ھەتتا تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 20 — 30℃ بولۇپ تۇرغان قىش كۈنلىرىمۇ قاردا توپ تېپىۋاتقانلارنى كۆرىدىكەنسىز.



2004 - يىلى ئۈرۈمچىدە خەلقئارا پۇتبول تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ توپچىلار كوماندىسى مۇسابىقىگە چۈشۈپ، قازاقىستان ھەربىي تەنھەرىكەت مەركىزى كوماندىسىنى 1گە قارشى 2 نەتىجە بىلەن يەڭدى، لېكىن ئەنگلىيە A كوماندىسىغا قاراشلىق ئىستوك پورتى كوماندىسىغا 3 كە قارشى 2 نەتىجە بىلەن ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، شۇ قېتىمقى خەلقئارا تەكلىپ مۇسابىقىسىدە 2- لىكنى ئالدى.

قايسىبىر يىلى مەركەزدىن مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر رەھبەر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەنىكەن. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى بىرقۇر ئايلانغاندىن كېيىن، يېنىدا ھەمراھ بولۇپ يۈرگەن شىنجاڭلىق ئەمەلدارلاردىن ناھايىتى ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ:

— مەكتەپلىرىڭلاردا شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچى توپ تېپىپ ئوينايدىكەن، توپ تېپىش كەيپىياتى شۇنداق ياخشى ئىكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق شىنجاڭنىڭ پۇتبولى نېمىشقا روناق تاپالمىدى؟

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاتاقلىق پۇتبول ئوبزورچىسى ليۇجيەنخۇڭ شىنجاڭغا پۇتبولنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەندىن كېيىن تەسىراتىنى بايان قىلىپ:

— جۇڭگودا پۇتبول جەھەتتىكى ئۈمىدنى شىنجاڭغا باغلىساق بولىدىغاندەك قىلىدۇ! — دېگەن.

ليۇجيەنخۇڭنىڭ تەسىراتى بىزدە شۇنداق خىيالنى پەيدا قىلىدۇ: ئېلىمىزدە پۇتبول بازىرىنى چاڭ - توزان قاپلاپ تۇرۇپتۇ، جۇڭگونىڭ ياقا رايونى بولغان شىنجاڭ بولسا ساپ - پاك پۇتبول كەيپىياتىنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. شىنجاڭلىقلارنىڭ پۇتبول ھەۋىسى، شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ پۇتبول تەبىئىتى — مانا بۇلارمۇ بۇ ئاتاقلىق پۇتبول ئوبزورچىسىنى تەسىرلەندۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

1999- يىلى مەملىكەتلىك U — 2 ياشلار كوماندىلىرىنىڭ چاتما مۇسابىقىسىدا مۇسابىقە رايونلىرىنىڭ بىرى شىنجاڭدا بولدى. پۇتبول

ھەرىكىتى راۋاج تاپقان شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق رايونلاردا بۇنداق مۇسابىقىنى كۆرۈش خۇمارى بار ھەۋەسكارلار ئانچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ياشلار كوماندىلىرىنىڭ چاتما مۇسابىقىسى ھېسابىدا شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن گۇرۇپپا مۇسابىقىسىنىڭ ھەربىر مەيدانىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ھەۋەسكار سىغىدىغان ئورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ نىسبىتى 60 پىرسەنتكە يەتكەن. ئەگەر ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك مۇسابىقە مەيدانلىرىغا ئەنە شۇنداق كۆپ تاماشىبىن كەلگەن بولسا، ئىشىنىمەنكى، شۇ كۇلۇبنىڭ خوجايىنى ئۇخلاۋېتىپمۇ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ چۈشەكىشى مۇمكىن!

ئىلھام نەسرىدىن مۇنداق دەيدۇ: نامدا ھەۋەسكارلارنىڭ چاتما مۇسابىقىسى، لېكىن بېرىپ كۆرگەندىن كېيىن، مەيداندىكى چوڭ-كىچىك، قاتتىق-يۇمشاق ئەسلىھەلەرنى ۋە تولىمۇ ياخشى پۇتبول كەيپىياتىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كېتىسىز. ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ۋە ئەھۋالدىن شىنجاڭدا كەسپىي پۇتبول چاتما مۇسابىقىلىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان، گۈلدەك راۋاج تېپىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ!

## 3- قىسسە ئارمان

## شىنجاڭ پۇتبولىنىڭ كەسپىلىشىش ئارزۇسى

### شىنجاڭدا تۇنجى كەسپىي پۇتبول كوماندىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى

شىنجاڭدا تۇنجى ۋاسكېتبول كوماندىسى — گۇاڭخۇي كوماندىسى بارلىققا كەلدى. بۇ كوماندىدىكى ۋاسكېتبولچىلار جۇڭگونىڭ كەسپىي ۋاسكېتبولچىلىرى مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىپ بولدى. لېكىن، پۇتبولنىڭ كەسپىلىشىشى كۆپ يىللاردىن بۇيان قول يەتكۈزگىلى بولمايدىغان ئارزۇ - ئارمان بولۇپ قالماقتا. شىنجاڭدا پۇتبولچىلارنىڭ تۇنجى كەسپىي كۇلۇبى — نېفىتچىلار پۇتبول كۇلۇبىنىڭ



ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى خۇددى شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ جېنىغا يېڭى جان قوشۇلغاندەك، شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ كەسپىلىشىش سەپىرىدە تۇنجى قەدەمنى باشلاپ بەردى.

ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدا پۇتبولچىلار، گۇاڭخۇي ۋاسكېتبول كوماندىسى تىلغا ئېلىنسىلا كىشىلەر:

— قاراڭلار، گۇاڭخۇي كوماندىسىنىڭ ئاساسىي مۇسابىقە مەيدانىنى ھەرقاچان ئادەم بىلەن ئاساسەن لىق تولۇپ تۇرۇپتۇ، ئەگەر شىنجاڭدا پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ قالسا، كۆرىدىغان ئادەملەر چوقۇم تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. شىنجاڭدا پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرۈش خۇمارى ۋاسكېتبولنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق، — دېيىشىدىكەن.

شىنجاڭ پۇتبول ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مېڭ يەنيى دەيدۇ:

پۇتبولغا كېتىدىغان چىقىم ۋاسكېتبولنىڭكىدىن كەم دېگەندە 10 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر پۇتبول ھەرىكىتىنى يولغا سېلىشقا دەسمايە كۆپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ پايدىسى ئاز؛ دەردى كۆپ، شانۇشەۋكىتى ئاز. شۇڭا، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشنى خالايدىغان كارخانا يوق.

ئۇقۇشۇپ باقسام، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گۇرۇھى شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ كەسپىلىشىش ئارزۇسىغا يارىشا ھەرھالدا بىر ئۇمىدنى پەيدا قىپتۇ، يەنى ئۇلار نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا بار بىرمۇنچە مەخسۇس تەنھەرىكەتچىلەرنى يىغىپ، شىنجاڭنىڭ پۇتبول مۇنبىرىدە خېلى چوڭ ئابرۇي قازىنىپتۇ.

ئەھۋالدىن خەۋىرى بار ئادەملەر ئېيتىدۇ:

رادىئو - تېلېۋىزىيە گۇرۇھى ھەقىقەتەن شىنجاڭدا كەسپىي پۇتبولنى يولغا سېلىشقا نىيەت قىلغانىكەن. بۇ كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي قۇۋۋىتى كۈچلۈك، لېكىن جۇڭگودا پۇتبولنىڭ ھازىرقى ھالىتى بۇ گۇرۇھنىڭ پۇتبولنى جانلاندۇرۇش نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشغا يار بېرەلمىگەچكە، ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپتۇ.

شىنجاڭ پۇتبول ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئىلھام نەسىردىن ئېيتىدۇ:

— شىنجاڭ ئەرلەر پۇتبولچىلار كوماندىسىنىڭ بۇ قېتىم مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە دائىرىسىگە ئۆتكەنلىكى، ئېھتىمال، شىنجاڭدا پۇتبولنى كەسپلەشتۈرۈش يولىغا قارىتىپ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ غەنىيمەت پۇرسىتى بولۇپ قالار. ھېچبولمىغاندا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كارخانىلارنى شىنجاڭ پۇتبولىدىن ئۈمىدلەندۈرۈپ قويار.

شىنجاڭ پۇتبولى ساھەسى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ياش - ئۆسمۈر ماھىرلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بار كۈچىنى ئايىماپتۇ. 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جان پىدالىق كۆرسەتكەنلەر قاتارىدىكى ئۈچ توپچى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بالىلار ئىكەن. ئۇلار ئەسلىدە 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى كۆزلەپ پەرۋىش قىلىنىۋاتقان كۆچەت ئىكەن. لېكىن، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ماھىر تاللاش مۇسابىقىسىدە لوڭگىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قاپتۇ.

خېنەن كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ قاتتىق ئېلىشىۋاتقاندا، 16 ياشلىق توپچى بارىنىڭ 20 مېتىر يىراقتىن قاپقىغا قارىتىپ تەپكەن بىر توپى شىنجاڭ توپچى يىگىتلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ماشىنىسىغا ئۇلگۈرۈپ چىقىۋېلىشىغا ياردەم بوپتۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى سۇڭ چىڭلىڭ فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن «شىنجاڭ سۇڭ چىڭلىڭ پۇتبول مەكتىپى» ئېچىپ، ياش - ئۆسمۈرلەردىن پۇتبول ماھىرلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈۋېتىپتۇ. شىنجاڭدا زاپاس پۇتبولچى يېتىشتۈرىدىغان پەلەمپەي سىستېمىنىڭ قانات - قۇيرۇقى يېتىشىپ چىقىۋېتىپتۇ.

شىنجاڭ پۇتبول جەمئىيىتىدىن كەلگەن خەۋەرلەر مۇنداق:

سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى بىرمۇنچە پۇتبول كۇلۇبلىرى شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىغا ناھايىتى زوقلىنىدىكەن. شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىدىنمۇ بىرقانچە ئادەم بەزى كۈچلۈك كۇلۇبلار



بىلەن مۇناسىۋەتلىشىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەتلىك ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسىمۇ شىنجاڭلىق توپچىلاردىن بىرنەچچىسىنى تاللاپ بوپتۇ.

— جۇڭگونىڭ پۇتبول مۇنبىرىدىكىلەر، — دەيدۇ ئىلھام نەسىردىن، — دىققەت - نەزىرىنى شىنجاڭغا بارغانسېرى كۆپرەك تىكىدىغان بولۇپ قالدى…

## مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭ پۇتبولىنىڭ تومۇرىنى تۇتماقتا

دۆلەتلىك تەنتەربىيە باش ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ شىنجاڭدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەن ساغلاملىق جەھەتتىكى تەتقىقاتىدىن مەلۇمكى: شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەن ساغلاملىقى جەھەتتىكى بىرنەچچە مۇھىم كۆرسەتكۈچ ئىچكى ئۆلكىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭكىدىن ئېنىق ئۈستۈن تۇرىدىكەن، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز - خۇلقىمۇ مىقدارى كۆپ، بىۋاستە قارشىلىشىپ ئوينايدىغان ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا خېلى چوڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەن.

كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭدىكى بەزى توپچىلارنىڭ تەن سۈپىتى ۋە شەرت - شارائىتى شىمالىي ئامېرىكا توپچىلىرىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، ئوبدان مەشىق قىلىش شارائىتى بولسىلا، توپ چولپانلىرى بارلىققا كېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ پۇتبول سەۋىيىسى نېمە ئۈچۈن تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ؟

ئىلھام نەسىردىن مۇنداق دەيدۇ:

— گەپ ئالدى بىلەن «پۇل» دا، پۇل بولمىغان ئىكەن، شىنجاڭنىڭ پۇتبول توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرى خىيال ھالىتىدە تۇرۇۋېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ پۇتبول جەھەتتىكى نەتىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ. پۇتبولغا خېرىدارلىق قىلىدىغان كارخانىمۇ بولمايدۇ. شىنجاڭدا چەت ئەللىكلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك پۇتبول كەيپىياتى

بار، ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك ۋاستىچى يوق. ئىقتىسادىي ئاساسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ پۇتبول توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش قانداقمۇ ئاسان بولسۇن؟

ئاندىن قالسا، 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن توققۇز نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق پۇتبول مۇسابىقىلىرىدە شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسى شاللىنىپ كېتىش تەقدىرىگە ئۇچراپ تۇردى، بۇنىڭ بىرمۇنچە سەۋەبلىرى بار، ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇنىڭ شىنجاڭ پۇتبولچىلىقىدا ئىلگىرى ياش - ئۆسمۈر پۇتبولچى ماھىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى بىلەن، تەييارلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى پىچاقنى بىلىمىگەنلىك بىلەن ئاز - تولا مۇناسىۋىتى يوقمۇ ئەمەس.

— توپچىلىرىمىز ناھايىتى غەيرەتلىك، — دەيدۇ شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ باش ئۇستازى پەرھات، — ئەگەر ئۇلار B دەرىجىلىك ۋە ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقىلەرگە قاتناشتۇرۇلۇپ چېنىقتۇرۇلىدىغان بولسا، ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك مۇسابىقىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەملەر چوقۇم پەيدا بولالايتتى.

— لېكىن، — دېدى پەرھات يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بەزى نەرسىلەرنى مەشىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئېلىپ ئېيتسام، مۇسابىقە باشلانغۇچە توپچىلارنىڭ ھەممىسى مەيداندا ئۆرە تۇردى، مۇسابىقىگە چۈشمەي تۇرۇپلا بەزى توپچىلارنىڭ پۇتى تېلىپ قالدى. ئامال بولمىدى. ئۇلار ئادەتتە بۇنداق چوڭ مۇسابىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان. مەيدانغا كۆپرەك چۈشكەن بولسا ياخشى بولاتتى.

لېكىن، ئۇلارنىڭ شۇنداق پۇرسەتكە ئېرىششى زادىلا مۇمكىن بولماي كەلدى. ئۇلاردا دەرمان دېسىڭىز بار، لېكىن قوغداش تەجرىبىسى بولمىسا دەرمانىنى قانداق ئىشقا سالالىسۇن؟ شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ چوڭ - چوڭ مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتى تولىمۇ ئاز.



ئىلھام نەسرىدىن دەيدۇ:

— شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ۋەتىنىمىز يەر كۆلىمىنىڭ ئازغىنا كەم ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مۇسابىقە تەشكىللەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، چۈنكى «ئات ئاۋارە، كۆت ئاۋارە» دېگەندەك چىقىم كۆپىيىدۇ. قەشقەرنىڭ، ئاتۇشنىڭ پۇتبول كوماندىلىرى مۇسابىقە ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان بولسا، بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن 3000 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ، تېخىمۇ يىراقتىكى خوتەننىڭ يول چىقىمىنىلا كۆتۈرەلىشىمۇ قىيىن گەپ.

10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان شىنجاڭ كوماندىسى گۇاڭدۇڭغا بېرىش ئۈچۈن ئاۋۋال پويىز بىلەن لەنجۇغا بارىدۇ، ئاندىن لەنجۇدىن 2000 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۇاڭجۇغا بارىدۇ، بۇنىڭغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ كۈندۈز ئىككى كېچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇزۇن مۇساپىلىك سەپەر ۋە كۆپلىگەن مۇسابىقە خىراجىتى شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنى باشقىلار ئالدىدا تەڭقىسلىقتا قالدۇرماي قويمايدۇ. مۇسابىقىگە كۆپرەك چۈشمىگەن توپ كوماندىلىرىنىڭ يەنە قانچىلىك مۇسابىقە تەجرىبىسى بولاتتى.

ئىلاۋە: جۇڭگو پۇتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ 2005 - يىللىق B دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقىسى 2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كۇيتۇڭدا جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىپ باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ تۇنجى پۇتبول كۇلۇبىمۇ بارلىققا كەلدى. كۇلۇب ئەسلىي 2005 - يىل 3 - ئايدا قاراماي رەسمىي ئەنگە ئېلىنغان ۋە نامى «قاراماي نېفىتچىلار پۇتبول كۇلۇبى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. مانا بۇ كۇلۇب شىنجاڭ بويىچە تۇنجى كەسپىي پۇتبول كۇلۇبى بولۇپلا قالماي، غەربىي رايون بويىچىمۇ بىردىنبىر B دەرىجىلىك پۇتبول كۇلۇبى بولۇپ قالدى.

ئەگەر پۇتبولنى شەھەرمۇشەھەر يۈرىدىغان مۇساپىرەت دەپ تەمـ

سىل قىلىدىغان بولساق، شىنجاڭ پۇتبولى—يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى «يېگانە يولۇچى»—2005-يىل 5-ئايدا ئۆزىنىڭ سىرلىق چۈمبەردىسىنى ئاخىر ئاچتى، يېرىم ئەسىر كەسىپلىشىش ئارزۇسىنى چۈشەكەپ يۈرگەن بۇ يولۇچى تۇيدۇرماستىن ئۆزىنى نامايان قىلدى…

قوشۇمچە:

## كارامەتلىك ئۇستاز پەرھات

شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسىنىڭ باش ئۇستازى پەرھات كارامەت ئادەم. ئۇ 17 يېشىدىلا قازاقىستاندا كەسپىي توپچى بولغان. ئۇ ئىشلەپ تۇرغان قايرەت كوماندىسى ئۆز ۋاقتىدا قازاقىستان A دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقىنىڭ چېمپىيونى ئىكەن. 1994-يىلى جۇڭگونىڭ كەسپىي پۇتبولچىلىرى چاتما مۇسابىقىگە چۈشىدىغان چاغدا پەرھات ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ دالىيەندىكى ۋەندا كوماندىسىغا قاتنىشىپ، شۇ يىلى يەنە 1-نۆۋەتلىك A دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقىدىمۇ چېمپىيون بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دۆلەتلىك ياشلار كوماندىسىغا تاللىنىپ كىرگەن.

پەرھات تا ھازىرغىچە شىنجاڭ بويىچە كەسپىي توپچىلار چاتما مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ كەلگەن بىردىنبىر توپچى. شىنجاڭدا توپ تېپىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ناھايىتى جاپالىق ئىش. پەرھاتنىڭ ئايلىق مۇئاشى كۆپ ئەمەس، ئالىدىغان پۇلىنىڭ قولىغا تولۇق تېگىشىمۇ ناتايىن. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ خىزمەت كىرىمى جايىدا ئىكەن، پەرھاتنى ئوبدان قوللايدىكەن.

پەرھات جۇڭگو ئولىمپىك كوماندىسىغىمۇ قاتناشقان، «شېڭسى» كوماندىسىغىمۇ ئولىپەت بولغانىكەن.

— بۇ 1994-يىلىدىكى گەپ، — دەيدۇ پەرھات كەمىنە



مۇخبىرغا سۆزلەپ بېرىپ، — بۇ ئىشقا خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. دۆلەت دەرىجىلىك كوماندىلارغا مەندىن ئىلگىرىمۇ ئازسانلىق مىللەت توپچىلىرى تاللىنىپ كىرگەن. ئەمدى ئۇ گەپلەر تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ.

«شېڭسى» كوماندىسى ھازىرمۇ ئوتتۇرا-ئالىي دەرىجىلىك چاتما مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، پەرھات بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرىلا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: سىستېمىلىق مەشىق يوق، سىستېمىلىق مۇسابىقە يوق، شۇڭا ئۇنىڭ ھالى ناھايىتى پەسلەپ كەتكەن.

— چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن ئۆيدە ئىككى يىل بىكار يۈردۈم، — پەرھات بۇ گەپنى ناھايىتى بىچارە ھالەتتە سۆزلىدى، — كېيىن شىنجاڭ پۇتبولچىلار جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى 10-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان كوماندىغا يېتەكچىلىك قىلىپ بېرىشىڭىز دەپ ئىزدەپ كەلدى.

بۇ ئىش پەرھاتقا ناھايىتى غەنىيمەت پۇرسەت بوپتۇ. مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر 10-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە دائىرىسىگە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۆتەلىسە، ئۇ ھالدا شىنجاڭ پۇتبولىنىڭ تارىخى يارىتىلىدىكەن، پەرھاتنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن پەخىرلىك ئەرباب بولۇپ قالىدىكەن. مۇبادا يېڭىلىپ قالسا يەنە ئۆيگە قايتىپ «بىكار» يېتىشى ئېھتىمال ئىكەن…

— شىنجاڭلىق بالىلار پۇتبولغا ھەقىقەتەن ئامراق، — پەرھات ئىچىگە يەنە بىر تىنىۋېلىپ سۆزلىدى، — مەكتەپتە مەيلى پۇتبول مەيدانى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئىش قىلىپ، تۈزرەك بىرەر پارچە بوش يەر بولسىلا، ئۇ يەردە توپ تېپىپ ئوينايدىغانلار ئۆكسۈمەيدۇ. ھېلىغۇ ياز ۋاقتى ئىكەن، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 10℃ سوغۇق بولۇپ تۇرغان قىش كۈنلىرىمۇ قاردا ھۇزۇر بىلەن توپ تېپىۋاتقانلارنى كۆرىسىز. بەزىدە شۇ يەردە يالغۇز خىيال سۈرۈپ قالىمەن: ئەگەر مۇشۇ بالىلارغا ياكى قۇرامىغا يېتىپ قالغان ئادەملەرگە ئوبدانراق

مەشىق مەيدانى، ئوبدانراق مەشىق شارائىتى هازىرلاپ بېرىلىدىغان بولسا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە توپ چولپانلىرى چىقماي قالارمۇ؟

— شىنجاڭ پۇتبولچىلىرىنىڭ ھەقىقىي باش كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرسەم، — دەيدۇ پەرھات، — پۇخادىن چىقاتتىم!

---

— چى ياڭ ئىمزالىق بۇ مەخسۇس ماقالا ئۈرۈمچى «سەھەر گېزىتى» نىڭ 2004- يىل 25-، 26-، 27- ماي سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# يېڭى زامان چېقىمچىلىرى ئۈستىدىن ۋىجدان سوئال - سورىقى

## — لۇشۈسۈك ۋەقەسى توغرىسىدا قوشۇمچە پاراڭ

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى جۇرئەتلىك بىر ياش ئوقۇتقۇچى ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسخانىسىدا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى دەرس قىلىپ سۆزلەپ، قايناق ھېسسىياتقا تولغان سۆزلىرى بىلەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار بىلەن دەرس سۆزلىگۈچىنىڭ ھاياجىنى گىرەلىشىپ دەرسخانىدا پات - پاتلا دولقۇنلاپ تۇرىدۇ. لېكىن، شۇ ھاياجانلىق مۇھىتتا خەۋپنىڭ شەپىسىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن چىققان مەلۇم بىر ئاكتىپ يىگىت دەرستىكى ئايرىم سۆزلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىئالغۇنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، مەكتەپنى يېقىندىلا پۈتكۈزۈپ چىققان ھېلىقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى چېقىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇتقۇچى چەت - ياقىدىكى يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىگە سۈرگۈن بولۇپ، ئون نەچچە يىللىق جاپالىق تۇرمۇشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ.

شۇ ئادەم مېنىڭ مەكتەپدىشىم جۇلۇزى ئىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تور ھەۋەسكارلىرىنىڭ تولىسى بىلىدىكەن. ئۇ شۇنداق تارتقۇلۇقلارنى تارتقانلىقى ئۈچۈن، قارانىيەت چېقىمچىلارغا — مۇئەييەن ئىدىيئولوگىيە ساھەسىدە باشقىلارنى ئۇرىغا تىقىش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئادەملەرگە قاتتىق لەنەت - نەپرەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم… نۇرغۇن كىشى جۇڭگونى مەرىپەت يولى بىلەن تەرەققىي

تاپتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن
يەنىلا يېڭى زامان چېقىمچىلىرى پەيدا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. جىلىن
سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لۇشۆسۇڭ خانىم 2005 - يىلى
دەرس ئۆتۈشتىن توختىتىپ قويۇلدى. بۇنىڭغا قايسىبىر ئوقۇغۇچى-
نىڭ ئۇنى چېقىپ قويغانلىقى سەۋەب بوپتۇ؛ ماقالە يېزىپ ئۇنىڭغا
مەدەت بەرگەن پروفېسسور ئەي شاۋمىڭمۇ 20 نەچچە يىل ئوقۇتقۇچى-
لىق قىلغاندىن كېيىن چېقىمچىلارنىڭ چېقىپ قويۇشىدىن قۇتۇلال-
ماپتۇ.
پروفېسسور ئەي شاۋمىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىن
تۇغۇلغان يېڭى زامان چېقىمچىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مۇنداق
دەيدۇ:
«مەن سۆزلىگەن بىلىملەرنى، نۇقتىئىنەزەرلەرنى رەت قىلساڭ
قىل، لېكىن مۇشۇ دۇنيادا ئوي - پىكرى سېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان
نۇرغۇن ئادەم بارغۇ؟ شۇنداق ئادەملەر بىلەن كەلگۈسىدە قانداقمۇ
چىقىشىپ ئۆتەرسەن؟ باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ھوقۇقىنىڭ كۈچى
بىلەن تىزگىنلەيدىغان مەنسەپدارلارغا مەڭگۈ پايپېتەك بولۇپ ئۆتەر-
سەنمۇ؟»
راست شۇنداق، ئەي شاۋمىڭ پروفېسسور ئېيتقاندەك، ھوقۇق-
لۇقلار بىلەن بىر نىيەتتە بولۇش چېقىمچىلارنىڭ ئەڭ تۈپ بەلگىسى-
دۇر. مانا بۇ ئەھۋال ئۇلارنى ئادەتتە پىكىرلەرنى ئىنكاس قىلىدىغان-
لاردىن پەرقلەندۇرىدۇ. ھوقۇقلۇقلار بىلەن بىر نىيەتتە بولىدىغانلار
تەبىئىيكى، ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان ئادەملەرنىڭ ھوقۇق-
لۇقلار قولىدا زۇلۇم چېكىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
چېقىمچىلار چېقىمچىلىقنىڭ باشقا ئادەملەرگە نىسبەتەن نېمىدىن دې-
رەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمەي قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، چېقىمچىلار
چاققانغا لايىق نەتىجە چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئاقىۋەتنىڭ
نېمە بولۇپ چىقىشىنى چېقىمچىلىق قىلىشتىن بۇرۇنلا پىلانلاپ قويى-
غان بولىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن قارىغاندا، چېقىمچىلار سوغۇققانلىقتا
باغرى تاش بولۇپ كەتكەن ئادەملەركى، ئۇلارنىڭ چېقىمچىلىق قىلى-



شى تاسادىپىي قان قىزىقلىقىدىن بولماستىن، روھىي دۇنياسىنىڭ
چوڭقۇر يېرىدىكى مەلۇم كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولىدۇ.
چېقىمچىلارنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشى بىر بولسا ئېتىقادىنىڭ زو-
رى بىلەن بولىدۇ، بىر بولسا مەنپەئەتنىڭ زورى بىلەن بولىدۇ.
چېقىمچىنىڭ ھەرىكىتى ئېتىقادىنىڭ زورى بىلەن بولغان بولسا، ئېھ-
تىمال مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولمىغان مەيداندا تۇرۇپ قالغان
بولۇشۇم، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئاز - تولا چۈشىنىشىم مۇمكىن. مەسى-
لىنىڭ تۈگۈنى لۇشۆسۇڭ ۋەقەسىدە چېقىمچىنىڭ چېقىمچىلىق قى-
لىش يولىنى ھەقىقەتەن ئېتىقادىنىڭ زورى بىلەن تاللىۋالغانلىقىدا
ياكى ئۇنداق بولمىغانلىقىدا.
«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە مۇنداق گەپ بار:
سىنىپ بىلەن سىنىپ قارىمۇقارشىلىشىپ تۇرىدىغان كونا بۇر-
ژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغىنى شۇنداق بىر جامائەتكى،
ئۇنىڭدا ھەربىر شەخسنىڭ ھۆر - ئەركىنلىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئەر-
كىن راۋاج تېپىشىنىڭ شەرتى بولۇپ قالىدۇ.
شەخسنى ئەركىنلىكىدىن ۋاز كېچىشكە كوللېكتىپ نامىدىن
زورلاش ئەمەلىيەتتە كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى ئارزۇسىغا زىت. بىز-
نىڭ ئىلگىرى كوللېكتىپ شەخستىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ تەكىتلى-
گەنلىكىمىز مەيلى ھەرقانداق نۇقتىدىن قارايلى، بىر ئۇقۇشماسلىق
بولغان. كوللېكتىپ دېگەن سۆز ئەسلىي Community (جامائەت)
دېگەن سۆزدىن خاتا تەرجىمە قىلىنغانىكەن. 1995 - يىلىدىن كېيىن
نەشر قىلىنغان «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» دە ئىلگىرىد-
كى «كوللېكتىپ» دېگەن سۆز «جامائەت» كە ئۆزگەرتىلدى؛ كوممۇ-
نىزم (Communism) دىمۇ جامائەتىزم دەيدىغان دەسلەپكى مەنە رو-
شەن چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. جامائەت دېگەن نېمە؟ جامائەت شەخس-
لەرنىڭ بىرلەشمىسىدۇر. ئۇ شەخسلەرنىڭ جەم بولۇشىدىن ھاسىل
بولغانىكەن، شەخسىي ئەركىنلىك بىلەن زىتلەشمەسلىكى، شەخسنىڭ
مىجەز - خۇلقىنى ۋە ئەركىن راۋاج تېپىشىنى مەقسەت قىلىشى
شەرت. جۇڭگونى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ

دەيلى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەركىن ئادەملەرنىڭ بىرلەشمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمدى يەنە شەخسىي ئەركىنلىكنى كوللېكتىپنى پەش قىلىپ تۇرۇپ چەكلەش يارىمايدۇ، ئەلۋەتتە. دېمەك، قايسىبىر چېقىمچى ھەقىقەتەن كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىنىڭ زورى بىلەن چېقىمچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان بولسا، مەن شۇنداق دەيمەنكى، ئۇ ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن. مەلۇم بىر ئىدىيىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئۆزى نادانلىق بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى خەۋپلىكتۇر.

ئېتىقاد دېمەك كىچىك گەپ ئەمەس. كېيىنكى مودېرنىزم دەۋر سۈرۈپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، مەلۇم بىر ياشنىڭ ئېتىقاد سەۋەبىدىن چېقىمچىلىق قىلىش يولىنى تاللىۋېلىشى زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن نەزەردە تۇتقۇچىلىكى يوق دەرىجىدە ئاز بولۇشى، مەلۇم مەنپەئەتنى كۆزلەپ چېقىمچى بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى زور بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى بىر بولسا پۇل ئازدۇرغان، بىر بولسا ھوقۇق تەمەسى شۇنداق ھارامزادىلىك يولىغا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئالدىن ۋەدىلەشكەن مۇكاپات - ئىنئاملارنى ئالغان - ئالمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى پەس كۆرۈشكە ھەقلىقمەن دەپ قارايمەن: قۇياش نۇرى ئاستىدا ياشاپ تۇرغان بىر ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ مەلۇم خۇسۇسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، باشقىلارنىڭ تەقدىرىگە زامىن بولسا، بۇنداق ئىنساپسىزلىق ھەرقانداق ئادەمنى ۋەھىمىگە سالغانىنىڭ ئۈستىگە ئىپلاسلىق بولىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ دېموكراتىيە، تەڭ - باراۋەرلىك، ھۆر - ئەركىنلىك ئاللىقاچان دۇنياۋى يېتەكچى ئارزۇغا ئايلانغان 21- ئەسىردە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى، يېڭى زامان چېقىمچىلىرىمۇ تەلىم - تەربىيىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ مەيۈسلىنىش بىلەن بىللە، سوئال - سوراق نىشانىمىنى چېقىمچىلاردىن بارلىق جۇڭگو ئادەملىرىگىچە كېڭەيتمەي تۇرالمايمەن:



**تېخىچە مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزغا نادامەت قىلىۋاتامسەن - يوق؟ ئۆكۈنۈۋاتامسەن - يوق؟**

---

— ۋاڭ شياۋخۇا ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە خەنزۇچە «فېلىيەتونلار گېزىتى» نىڭ 2005 - يىل 28 - سېنتەبىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# «يوغان گەپ» مەدەنىيىتىنى بىلىپ قويۇڭ

ئۇچۇرلار پارتلاپ تۇرىدىغان دەۋردە تۈرلۈك ئۇچۇر يامراپ كېتىدۇ. ئۇچۇر بىرىنچى قېتىم يامراپ كەلگەندە يۈرەكلىرىڭىز پۇلاڭلاپ كېتىدۇ، نېمە قىلارىڭىزنى بىلەلمەي قالىسىز؛ ئىككىنچى قېتىم يامراپ كەلگەندە ئەس - ھوشىڭىزنى يىغىۋالىسىز؛ ئۈچىنچى قېتىم يامراپ كەلگەندە سىزگە تەسىر قىلالمايدۇ... شۇنداق قىلىپ، سىزدە بارا - بارا «پارتلاشقا، يامراشقا قارشى مىجەز» پەيدا بولۇپ قالىدۇ - دە، شۇ ئۇچۇرنى ئاغزىڭىزغا ئېلىڭ - ئالماڭ، ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ - ئىشەنمەڭ مەيلىڭىز ئۆزىڭىزدە بولىدۇ؛ باشقىلار ئۇنى قانچىكى كۆپتۈرۈپ - ئاشۇرۇپ سۆزلىسە، مېڭىڭىزدە شۇنچە كۆپ سوئال - گۇمان تۇغۇلىدۇ.

بەزىلەر ئۇچۇرنى باشقىلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ «پارتلاش» قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ «قۇربى» يېتىشمەي قالسا «پارتلاش دورىسى»نىڭ تۈتۈنى ۋە پارتلاش ئاۋازى ئۈستىدە گەپ يورغىلىتىپ، مۇبالىغە قىلىپ، باشقىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ، «يوغان گەپ مەدەنىيىتى»نى پەيدا قىلدى. يوغان گەپلەر بارغانسېرى يوغىناۋېرىدىغان، ئادەملەر تەپ تارتماستىن بىر - بىرىدىن يوغان گەپلەرنى قىلىۋېرىدىغان بولۇپ قالدى. كىمكى بىرەر ئۇچۇرنى تارقاتسا، ئۇنىڭدىن بومبا «پارتلاتقان»دەك ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئارمان قىلىد-



غان بولدى. گويا شۇنداق پارتلىتىپ، باشقىلارنى چۆچۈتۈۋەتمىسە كارامىتىنى كۆرسىتەلمەيدىغاندەك.

مەسىلەن، خەلقئارا مەشھۇر ئالىملار، ئىلىم ئەھلىلىرى تاللىۋالغان «2004 - يىلىدىكى ئون چوڭ ئىلمىي پەرەز»دە:

«پۈتكۈل يەر شارىدا ھاۋا ئىسسىپ، دېڭىز يۈزى يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقتىن 2020 - يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى توكيو، لوندون، نيۇيورك دېگەندەك مەشھۇر شەھەرلەر دېڭىز سۈيى ئاستىدا قالىدۇ، يەر شارىدىن يوقىلىدۇ...» دەپ ئېلان قىلىندى. قاراڭلار، بۇ گەپنىڭ ئاغزىغا پاتقانلىقىنى! بۇ، ئېغىزدىن چىقىرىپ قويۇش بىلەنلا تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس، ھەممە ئادەم كۆزى بىلەن قاراپ تۇرىدۇ، يەنە 15 يىل ۋاقىت بار، بۇ ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن، شۇ شەھەرلەردىكى ئادەملەر خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. نيۇيوركتا دۇنياۋى سودا سارىيى قايتا قۇرۇلۇۋاتىدۇ، لوندون 2012- يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. مانا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىدىغاندەك ئەمەس.

ھازىرقى تاۋار جەمئىيىتىدىكى ئەھۋالنى ئالساق، «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. بازارنى «دەرىجىدىن تاشقىرى بازار» دېيىشىدىغان بولدى. بازارنىڭ تۈزۈكرەكلىرىنى «بىرىنچى قاتاردىكى بازار» دېيىشىدىغان بولدى. قاۋۇلراق ئوغۇل بالىنى «قاۋان» دېيىشىدۇ. ئاقپىشماقراق بولسا «سەتەڭ» دېيىشىدۇ. دېمەك، ھەممىسى «دەرىجىدىن تاشقىرى» بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. توك بىلەن سۇ ئىسسىتىدىغان ئادەتتىكى سۇ ئىسسىتقۇچنى «ئىسسىق سۇ خوجىسى» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. ئادەتتىكى بىر مالخايچى — دوپپىچى «مالخاي پادىشاھى» دېيىلىۋاتىدۇ، گويا ھەركىم شاھ - پادىشاھ بولۇۋالىمەن دېسە بولۇۋېرىدىغاندەك، ساتىراشخانىغا لايىق ئىككى - ئۈچ ئورۇندۇقى بولسىلا «ھۆسن تۈزەش مەركىزى» دەپ ئاتايدىغان بولدى (تونۇرنى غالتەك ھارۋا ئۈستىگە ئورنىتىپ سامسا پىشۇرۇپ ساتىدىغانلارمۇ «سامسا پادىشاھى» بولۇۋالىدىغان بولدى —

تەرجىماندىن قىستۇرما) . ئانچىكى بىر شىركەتمۇ «گۇرۇھ» دەيدىغان ۋىۋىسكىنى ئېسىۋالىدىغان بولدى؛ ھەممىلا يەردە گۇرۇھ، ھەممىلا يەردە مەركەز پەيدا بوپقالدى. يەتتە كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى «ئالتۇن ھەپتە» دېيىلىۋاتىدۇ. گويا ھەممە يەردە ساپسېرىق ئالتۇن يالتىراپ تۇرارمىش، كۈنىگە چارەكلەپ - كۈرەلەپ ئالتۇن ئۈسقىلى بولارمىش، ھەتتا ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش - مەئىشىتىنىمۇ چوڭ، ئۇلۇغ، ئاجايىپ، كارامەت، غەلىتە ۋەھاكازا دېگەندەك سۆزلەر قاپلاپ كېتىۋاتىدۇ.

«يوغان گەپ مەدەنىيىتى» ئىستېمال دەۋرىدە كىرمەيدىغان يوچۇقى قالمايدىغان داۋراڭچى ئېلانبازلىقنىڭ مەنبەسى: ئۇنىڭغا ئاخبارات ۋاستىلىرىمۇ گۇپپاڭچىلىق قىلىپ، بارلىق نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بازارغا سالغىلى بولىدىغان تاۋارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئېلان ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە خېمىغا يانغاندەك، «يوغان گەپ»مۇ ئاشۇرۇۋېتىلسە بالايىئاپەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. «يوغان گەپ»لەر خۇددى بومبا پارتلىغاندەك ھەر كۈنى، ھەر سائەت پارتلاپ چىقىپ تۇرغان شارائىتتا ئادەملەر روھىي ھالەتتە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، چۆچۈيدۇ، ئاسقىدۇ. پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتسە ئاسانلا نېرۋىلىرى قوداڭشىيدۇ ياكى خاپىغان بوپقالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرەر خەۋپ - خەتەر سادىر قىلغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. ئىشەنمەي دېسە، شۇنداق «يوغان — لاپ گەپ»لەرنىڭ كاساپىتىگە كېتىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

ئادەمنى ھاڭ - تاڭ قىلىدىغان، چۆچۈتىدىغان شۇنداق گەپ - سۆزلەر كۆپىيىۋەرگەنلىكتىن، بەزى نېرۋىسى ئاجىز ئادەملەر مەنىۋى كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بوپقالدى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى يېقىندا ئېلان قىلغان خەۋەرگە قارىغاندا، پۈتكۈل يەر شارى بويىچە 120 مىليون ئادەم خاپىغانىكەن. جۇڭگودا بولسا خاپىغان كېسەللىكگە مۇپتىلا بولغان ئادەم 26 مىليوندىن ئاشىدىكەن؛ 1949- يىلىدىن 2003- يىلىغىچە ھەر يىلى 2 مىليون 400 مىڭ ئادەم ئۆز - ئۆزىنى «ئۆلتۈرۈپتۇ» ، بۇلاردىن ئۆلگەنلىرى 10 پىرسەنت ئىكەن. مۇتەخەسسىسلەر



بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى خۇلاسىلىگەندە، بىرىنچى ئورۇندا تۇرغىنى «مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي سەۋەب» ئىكەن («خەلق گېزىتى» نىڭ2005 - يىل 25- نويابىر سانىغا قاراڭ) . مانا بۇ «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» بىلەن ئاز - تولا مۇناسىۋەتلىك دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ !

نېرۋىسى چىڭ ئادەم بولسا، يوغان گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ، تولا چۆچۈپ، بارا - بارا بېتى قېلىنلىشىپ قالىدۇ. يوغان گەپ شۇنداق تولا، ئىشەنسەڭمۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئىشەنمىسەڭمۇ قۇتۇلالمايسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، بولغىنىنى كۆرمەك كېرەك. دائىم قورقۇنچ ئاستىدا تۇرۇۋەرسە، ۋەھىمە كۈندىلىك مەئىشەتكە ئايلىنىپ قالىدىكەن - دە، ئادەم قورقماس بولۇپقالىدىكەن. قورقماسلىقنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئىشەنمەسلىك يامان: بۇ قۇلاقتىن كىرىپ، ئۇ قۇلاقتىن چىقىپ كەتسە، سەنمۇ ئۆز كېپىڭنى قىلساڭ، مەنمۇ ئۆزۈم بىلگەننى قىلسام...

مانا بۇلار «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» دىن پەيدا بولىدىغان ئېغىر ئەھۋال — «ئىشەنچ بوھرانى» ، «نېرۋىي قاشاڭلىق» . يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ «ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى» كۈچەيمەكتە دەپ ئېيتىش ھەم مۇمكىن. ئەلنىڭ ساداسى «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» نىڭ ئەۋج ئېلىشىغا نىسبەتەن قاتتىق زىت كېلىپ، «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» گە تەنە بولماقتا.

دېمەك، «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» ئىش - ئەمەل بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئەزىمەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئەكسىچە يوغان گەپلەرنى قىلىشقا ئامراق ئادەملەر تولا چاغلاردا نامەرد بولۇپ چىقىدۇ.

«يوغان گەپ مەدەنىيىتى» جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيىتىنى، جامائەتنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى چىرىتىۋېتەلەيدىغانلىقى بىلەن يامرىيالايدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا «يوغان گەپ بىلەن لاپ ئۇرغانغا باج قويۇلمايدۇ» دەيدىغان ماقال بار ئىدى. ھازىر ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ھازىرقى دۇنيانىڭ «يوغان گەپ مەدەنىيىتى» ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. ئىقتىسادىي جەھەت-

تىن بەدەل تۆلەنمەكتە ھەتتا جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇللۇقى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى ۋە جامائەتنىڭ ئىشەنچىسىمۇ زور مىقداردا خورىماقتا.

---

— جياڭ زىلۇڭ ئىمزالىق بۇ فېليەتون «بۈگۈن ئاخشام» گېزىتىنىڭ 2005 - يىل 14 - دېكابىر سانىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىل فېۋرال (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# قورساقتا «ئاغرىق»ىڭ بولمىسا كۆڭۈل ئارامىدا بولىدۇ

«ھەرنېمە بولسا بولسۇن، ئاغرىقىڭ بولمىسۇن؛ ھېچنېمە بولمىسىمۇ مەيلى، لېكىن پۇلۇڭ بولسۇن».

ھەرقانداق ئادەم ھاياتىنى مۇشۇ خىل ھالەت ۋە مۇشۇ خىل سېزىم بىلەن ئۆتكۈزەلىسە شۈكۈر دېگۈلۈك. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئەھۋالىم دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە: ئاغرىقىم بار، پۇلۇم يوق. بالا ۋاقتىمدىلا پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئىككى پۇتۇم باسماس، بىر قولۇم تۇتماس بولۇپ قالغان؛ تاپاۋىتىم ئاز، خوتۇنۇم ئىشسىز، قىزىم بولسا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، پۇلۇم يوق.

پۇلۇم بولمىسىمۇ، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەندەك، ياشىماي بولمايدۇ - دە! شۇڭا، تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولدۇم: قورساق تويسىلا بولدى دەپ تاماق تاللىمىدىم، ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئاشقان كونا كىيىملەرنى كىيدىم. بىكار بولۇپ قالغان چاغلاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولدۇم، قىزىم مەكتەپتە ئىشلىتىپ بولغان تاشلاندۇق مەشىق دەپتەرلىرىنىڭ، ئىمتىھان قەغەزلىرىنىڭ ئارقا بەتلىرى مەن ئۈچۈن ماقالە قەغىزى بولۇپ قالدى. پۇل تېپىپ باي بولغۇمغۇ بار ئىدى، لېكىن تېنىم ئاجىز بولغاچقا، ئۇنى - بۇنى يېزىپ تاپقان ئازغىنە قەلەم ھەققى بىلەن تۇمۇشتىكى كەم - كۈتىلىرىمنى تولدۇرۇشتىن باشقا، كۆپرەك پۇل تاپقۇدەك ھېچقانداق ئىمكانىيىتىم يوق.

ئون نەچچە يىل قەلەم تەۋرىتىۋىدىم، بېيجىڭ يازغۇچىلار جەمئى-

يېتىگە ئەزا بولۇش نېسىپ بولۇپ، چەكلىك دائىرىدە بولسىمۇ ھەرھالدا ئازغىنە نامىم چىقىپ قالدى. مەلۇم بىر كارخانىچى مېنى «تەزكىرە» يېزىپ بەرسىكەن، «ئەدەبىي ئاخبارات» يېزىپ بەرسىكەن دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بەرمەكچى بولغان قەلەم ھەققىمۇ ئاز ئەمەس، ماتېرىياللىرى تەييار ئىكەن. بىراق، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم، «كارخانىچى»نىڭ تاپقان پۇللىرى ئاز بولمىسىمۇ، «پۇل تېپىش» يوللىرى ئانچە توغرا بولمىسىمۇ، قەلەمگە ئېلىنىپ ماختىنىپ، «مەشھۇر» بولۇۋالماقچى ئىكەن. مەن گەپنى ئەگىتمەي توغرىسىنى ئېيتتىم: يالغان گەپ بىلەن نامىنى چىقىرىپ بېرىش بەدىلىگە كەلگەن قەلەم ھەققى ھارام پۇل، مەن ئۇنداق ھارامخورلۇقنى قىلمايمەن.

شۇ يىلى يازدا، كىيىملىرىنى قاتۇرۇپ كىيىۋالغان سالاپەتلىك ياقا يۇرتلۇق بىر ئادەم مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ بىرمۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ بولۇپ، ماڭا ئەسەر يازدۇرۇش ئۈچۈن ئالايىتەن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدىم. شەھەردە شۇنچە كۆپ مەشھۇر يازغۇچى تۇرسا شۇلارغا يازدۇرماي، چەت سەھرادىكى مەندەك نامى چىقمىغان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، «مۇبارەك قەلەملىرىنى ئايىمىسىلا» دەپ تەلەپ قىلغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئادەم «پىت كۆزلەر»گە ئوخشىمايدىغاندەك تۇرىدۇ دەپ ئويلاپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلدىم، تاماكا سۇندۇم، چاي تۇتتۇم. مېھمان ماڭا رومان يازدۇرماقچى ئىكەنلىكىنى، بىرەر 100 مىڭ خەت (خەنزۇچە خەت ھېسابىدا) لىك بولسا قىسقا دېمەيدىغانلىقىنى، بىرەر مىليون خەتلىك بولسا ئۇزۇن دېمەيدىغانلىقىنى، 1000 خېتىگە ئاز دېگەندىمۇ 100 كويدىن قەلەم ھەققى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە شۇئان بىر دەستە پۇلنى ئالدىمغا قويۇپ:

— ھازىر 3000 كوي زاكالەت بېرىمەن، — دېدى.

3000 كوي! بۇ مېنىڭ يېرىم يىللىق تاپاۋىتىم بىلەن باراۋەر پۇلغۇ!

— قايسى مەزمۇندا يازىمەن؟ — دەپ سورىدىم.

— ئىختىيارىڭىز، — دېدى ئۇ، — ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن



كېيىن بازار تاپالايدىغان بولسىلا بولۇۋېرىدۇ، بازارلىق بولۇشى ئۈچۈن مەزمۇنى قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۆز خاھىشىڭىز بويىچە تەسۋىرلەپ يازارسىز…

مەن ھەممىنى چۈشەندىم، خورسىندىم، ئوغام قايىنىدى، ئۆزۈمنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەپەندىم، سىز مېنىڭ ئالدىمغا ئېزىپ كېلىپ قاپسىز! — دېدىم.

ئاغرىقچان، ئەمما پۇلى يوق ئادەم پۇلغا تولىمۇ موھتاج بولىدۇ، پۇلى بولسا دوختۇرغا كۆرۈنەلەيدۇ، دورا ئالالايدۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ، پۇل ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، ناكار تېنىمدە كارغا يارايدىغان ساغلام بىر يۈرۈك دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرۇپتۇ، «ئېسىل ئادەم پۇلنى كۆرگەندە نەپسىنى قويۇۋەتمەيدۇ» دەيدىغان ھېكمەتنى ئاز - تولا بولسىمۇ چۈشىنىمەن.

پۇت - قولى ناكار بولۇپ قالغان ھەرقانداق ئادەم ئاۋارىچىلىككە يولۇقىدۇ. كىشى ئەگەر ئازغىنە پايدىنى دەپ نەپسىنى يىغمىسا، پاك ۋىجدانىنى ناكار قىلىپ قويسا، ناھايىتى چوڭ ھەسرەت چېكىدۇ. قانداقتۇر بىر كىتابتا تولستوينىڭ مۇنداق بىر ھېكايىسىنى ئوقۇغانمەن: بىر ئادەمنىڭ نۇرغۇن يەر - زېمىنلىك بولۇش ئارزۇسى بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر چوڭ زېمىندار ئۇنىڭغا:

— سەھەردە ئۆيىڭىزدىن چىقىپ يۈگۈرۈڭ، قانچە يىراققا يۈگۈرۈپ بارالىسىڭىز، شۇ يەرگە بىر تۇغ قاداپ قويۇڭ، كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى قايتىپ كېلىڭ، ئەنە شۇ ئارىلىقتىكى يەر سىزگە تەۋە بولىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم كۈن قايرىلغان بولسىمۇ قانائەت قىلماي، جەھلى بىلەن يۈگۈرۈۋېرىپتۇ. ئاخىر كۈن ئولتۇرغۇچە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يۈگۈرەۋېرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ قالغاچقا، پوككىدە يىقىلىپ ياتقان يېرىدىن قوپالماپتۇ. بالا - چاقىلىرى شۇ يەرگىلا گۆر كولاپ كۆمۈپ قويۇپتۇ.

— بىر ئادەمگە قانچىلىك يەر كېرەك بولماقچىدى؟ — دەپتۇ

پوپ ھېلىقى ئادەم كۆمۈلگەن گۆرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مانا شۇنچىلىك.

تولستوي بايان قىلغان ھېكايىنى ئويلاپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى. قاتتىق - قۇرۇق ئوزۇق - تۈلۈك بىلەنمۇ قورساق تويدۇرغىلى بولىدۇ؛ يىرتىق چاپان، ياماق ئىشتان بىلەنمۇ سوغۇقتىن دالدىلانغىلى بولىدۇ؛ قورساقتا «ئاغرىق» بولمىسىلا، كۆڭۈلنى ئازادە تۇتۇپ، ئۇزاق ياشىغىلى بولىدۇ.

---

— چىن زىجۇڭ ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار گېزىتى» نىڭ 2006-يىل فېۋرال سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# ئاۋامنىڭ تەنقىدلىرىدىمۇ بەرىكەت بار

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جىياباۋ 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، مەن جۇڭگولۇق بولغاچقا خەلقنىڭ پەرزەنتىمەن. بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ شاراپىتىدىن كەلگەن» دېدى. بىر مۇخبىر ۋېن جىياباۋ زۇڭلىدىن: «سىز ھۆكۈمەتكە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن بۇيان سىزنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگەن ئىش نېمە؟ دەپ سورىۋىدى»، ۋېن جىياباۋ زۇڭلى: «مېنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگەن ئىش خەلقنىڭ ھۆكۈمەتنى قوللىغانلىقى بولدى. بۇنداق قوللاش رىغبەتلەندۈرۈشتىن كېلىۋاتىدۇ، تەنقىدلەردىنمۇ كېلىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ، رىغبەتمۇ، تەنقىدمۇ ئىزچىل قىزغىن بولۇۋاتىدۇ» دېدى.

ئەل ئىچىدىن كەلگەن تەنقىدلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ئەزەلدىن ھۆكۈمەت ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغان مەسىلە بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ تارىخىدا بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئوبدان ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

«بىرەر كىم ئەيىبىڭنى ئېيتىپ بەرسە خۇرسەن بول.» بۇ سۆز ئىككىنچى دانىشمەن مېڭزىدىن قالغان كونا پەند - نەسىھەت. «ئەيىبىڭنى تۈزىتەلىسەڭ، بۇنىڭدىن چوڭ ساۋابلىق بولماس.» — بۇ سۆز دانىشمەن كۇڭزى پەيغەمبەرنىڭ «ئەيىبنى ئاڭلىغان» دىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا بەرگەن تەلىمى بويىچە تاللىۋېلىنىدىغان ھەرىكەت مىزانىدۇر. جۇڭگونىڭ كۇڭزى تەلىماتى ئارقىلىق ئەلنى

ئىدارە قىلىشتەك قەدىمكى مەدەنىيەتنى بويىچە بولغاندا، «بىلگىنىڭنى سۆزلىمەي قويما، سۆزلىگەندە چالا قالدۇرما. سۆزلىگۈچىدە گۇناھ يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن» دېگەندەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بارلىققا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، تارىختا ئۆتكەن فېئودال خاندانلىقلار ئىلاھى ھوقۇق بىلەن خان - پادىشاھ ھوقۇقىنى چەمبەرچاس چېتىلدۇرالىغان، خۇددى پادىشاھ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغاندەك، پادىشاھنىڭ ئۆزى تەڭرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان، پادىشاھنىڭ سۆزى مۇقەددەس يارلىققا ئايلىنىپ قالغان. ئەنە شۇنداق چۈشەنچە بولغاچقا، ئەل ئىچىدىكى ھۆكۈمەتكە قارىتىلغان تەنقىدلەرنىڭ «تەڭرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپ» دېيىلىشى تۇرغان گەپ. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭلار ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ھېسابىدا ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئاگاھنامە يازغان. لېكىن ئۇ، «خوجا كۆردى» گىلا قىلىنغان ئىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا «ئەمەلدارلار بىلەن خەلق قارىمۇقارشى» ، ھەتتا ئەمەلدارلار «پۇقرادىن خۇددى كەلكۈندىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئېھتىيات قىلىدۇ» غان ئەھۋال بار ئىدى.

«پۇقرادىن ئېھتىيات قىلىش» دەيدىغان پىكىرنىڭ قالدۇقلىرى خەلق خوجا بولغاندىن كېيىنكى خەلق ھاكىمىيىتىدە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن ئەمەلدارلارنى پاتقاققا پاتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بەزى ئەمەلدارلار ئەمەل - مەنسەپنى يۈز - ئابرۇي، تەنقىدنى بولسا يۈز ئابرۇينى تۆكىدۇ دەپ قاراپ، ئاۋامنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى خالىمايدىغان، ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئاڭلىسا خورسەن بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، خاپا بولىدىغان، چىچاڭلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. «ئىككىنچى دانىشمەن» مېڭزى بىزنى: «خان - پادىشاھلار پۇقرانى خەس ئورنىدا كۆرسە، پۇقرامۇ خان - پادىشاھنى قاراقچى ئورنىدا كۆرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىكەن. ئۇنىڭ دېگەنلىرى قەدىمكى زاماندىكى خان - پادىشاھ بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يوللىرى توغرىسىدىكى سۆز بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ باب كېلىدۇ. بەزى ئەمەلدارلار



ياخشى گەپنى، مەدھىيە ۋە ماختاشنى «ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قوللىغان» لىق بولىدۇ دەپ قارىسا، يامان گەپ قىلىش، ئەيىب ئىزدەش «قىتىغۇر ئادەم» لەرنىڭ ئىشى، «ھۆكۈمەتكە چاتاق تېپىپ بەرگەن، ھەتتا ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلغان» لىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەنە شۇنداق چاغدا ھۆكۈمەت بىلەن ئاۋامنىڭ مۇناسىۋىتى سوغۇقلىشىپ، ئۆزئارا ئىشەنمەيدىغان قارىمۇقارشى ۋەزىيەت پەيدا بولىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، كورېيىدە 26 يىل تۇرغان بىر ياپون «كورېيىگە ۋە كورېيىلىكلەرگە جانىنى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ يېزىلغان تەنقىد» ناملىق بىر كىتاب يازغانىكەن. كىتابتا مەخسۇسلا كورېيىنىڭ نۇقسانلىرى سۆزلەنگەن، كورېيىدىكى رەزىللىكلەرگە لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇلغان، بولۇشىچە ھاقارەت قىلىنغان. رەھىمسىزلەرچە تىل تەگكۈزۈلگەنىكەن. كورېيىلىكلەر بۇنى «يامان نىيەت بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم» دەپ قارىماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئەقىل تېپىپ، ئۇنى ئىقتىسادنى زور قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان كۈچ - قۇۋۋەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇ ئەھۋال خەلقئارا جەمئىيەتتە مۇنازىرە قوزغىغان، ئاخىرىدا ھەممە مۇنداقراق خۇلاسىگە كەلگەن: باشقىلارنىڭ تىللىشىدىن قورقمايدىغان ئادەم مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ؛ باشقىلارنىڭ تىللىشىدىن قورقمايدىغان ئەمەلدار ۋىجدانى بار ئەمەلدار بولىدۇ؛ باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزىدىن قورقمايدىغان دۆلەت ئىستىقباللىق بولىدۇ.

ھازىرقى زامان سىياسىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — كۆپ مەنبەلىك تارقاق ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەرنى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتى قىلىپ ئۇيۇشتۇرالايدىغان سىياسىي جەريان يارىتىشتىن ئىبارەت. كارىل ۋېبىر: زامانىۋى دۆلەت ئاۋام دېموكراتىيىسىنى سىياسىي ئاساس قىلغاندىلا قۇدرەت تاپالايدۇ، ئاۋام دېموكراتىيىسى ئاۋامنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى قانائەتلىنەرلىك بولغان، ئەلنىڭ تەنقىد سادالىرى تېگىشلىك ۋە ئاكتىپ قوللاشقا ئېرىشكەن ئاساستىلا كەڭ ئومۇملىشالايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقانىكەن.

ھازىر ھەممە ئادەم ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتىدۇ. كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ قارىشىچە، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزمەي قويمايدۇ، لېكىن بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ئاۋامنى نەزەردە تۇتماسلىقى ۋە ئاۋامغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى چىرىكلىشىشتىنمۇ يامان ۋەھىمىدۇر. بۇ ئەھۋال ئاۋامنى ئىجتىمائىي ئورتاقلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ، سىياسىينىڭ قانۇنىيلىقىغا خەۋپ كەلتۈرىدۇ.

ئادەم ئەۋلىيا ئەمەس، ئەيىبسىز بەندە بولماس. مىڭلىغان، مىليونلىغان ئادەم ماسلىشىپ ئىشلەيدىغان ھۆكۈمەتتە مەسىلە يۈز بەرمەيدۇ دېيىش تېخىمۇ تەس. كۇڭزى ھەزرەت: «پۇقرانى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ، لېكىن پۇقراغا بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپتىكەن. بۇنىڭ مەنىسى پۇقرانى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشقا بولىدۇ، پۇقراغا نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ «خەلقنى ئىدارە قىلىش» تىكى تىپىك ئىدىيە بولۇپ، «خەلق ئىدارە قىلىش» نى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى زامان ئادەملىرىنىڭ نەپرىتىگە قالماقتا. كاڭ يۇۋى بۇ نەقىلنى «پۇقرا يېتەكلەپ ماڭسا بولىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىپ، كۇڭزىنى دېموكراتىيىچى قىلىپ قويغانىكەن. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ خەلق ھاكىمىيىتىمىز بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلىشى: «پۇقراغا بىلدۈرۈش» بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئەل ئىچىدىكى تەنقىدلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا «بار بولسا خىجىل بولۇپ تۈزىتىشى؛ يوق بولسا خۇرسەن بولۇپ تېخىمۇ تىرىشىشى لازىم.»

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت ئەلنىڭ تۈرلۈك يول بىلەن ئىنكاس قىلىنغان تەنقىدلىرىگە ئاكتىپ، توغرا مۇئامىلە قىلغاندا ئاندىن ھاكىمىيەتتە تېخىمۇ كۆپ ئەقىل تېپىپ، ئەگرى يوللاردا مېڭىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەتكە كېتىدىغان سەرپىياتنى ئەڭ زور دەرىجىدە تېجەپ قالالايدۇ. شۇنداق قىلـ



غاندىلا ئەلنىڭ تەنقىدلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولماي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ۋە بەرىكەت ياغدۇرىدىغان قۇۋۋەتكە ئايلىنالايدۇ.

---

— بى شىپېڭ ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتونلار» گېزىتىنىڭ 2006-يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# مۇبالىغەچىلىكنىڭ يىلتىزى

دۆلىتىمىزدە مۇبالىغەچىلىكنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزى بار. بۇن-
داق قىلىقنىڭ ئۆزگەرمىكى تەس. كونا زاماندا پادىشاھلاردا مۇبالىغە
قىلىدىغان ئادەت بار ئىكەن. پادىشاھلار «خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئىش
قىلىمەن» دەيدىغان سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. ھەممە ئىشى
رەسۋا بولۇپ تۇرسىمۇ «زامانىمىز ھۆر - ئەركىن، باياشات بولماقتا»
دەيدىكەن؛ خەلقنىڭ كۈن كەچۈرمىكى تەس بولۇپ تۇرۇۋاتسا، «بۇل-
بۇللار سايراپ، نەغمە - ناۋا ياڭرىماقتا» دەيدىكەن. پادىشاھنىڭ
ئىقتىدارى مۇبالىغە قىلىنىپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلىدىكەن. پادى-
شاھ كۆپ بولسا 100 يىل ئۆمۈر كۆرەر، لېكىن جۇڭگودا پادىشاھلار
«تۈمەن يىل ياشىسۇن» دېيىلىپ، پادىشاھلارنىڭ ئۆمرى چەكسىز
كۆپتۈرۈلىدىكەن. «تۈمەن يىل ياشىسۇن» دېگەن سۆزنى ئىنگلىزچە-
غا تەرجىمە قىلغاندا، ئىنگلىز تىلىدا بۇنداق سۆز بولمىغاچقا، ئۇنىڭ
ئورنىغا سىمۋوللۇق سۆز بىرىكمىسىنى قوللىنىشقا توغرا كەلگەنىدى.
پەقەت جۇڭگونىڭ پادىشاھلىرىلا ئون مىڭ يىل ياشىيالايدىكەن.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇبالىغە قىلىشقا ئامراقلىقى بەدىئىي ئەسەر-
لەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئۇنى «كۆپتۈرۈش» دەيمىز. كۆپتۈرۈش-
تەك بەدىئىي ئۇسۇلمۇ ئەنە شۇ مۇبالىغە قىلىش»نىڭ مەھسۇلى.
مەشھۇرلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق: «ئاقارغان چاچلىرى 3000 غۇلاچ
كېلىدۇ» دەيدىغان گەپ بار؛ چاڭچىلە - تىياتىر سەھنىلىرىدە ھەربىر
چېرىك، ھەربىر ئەسكەر 100 مىڭ لەشكەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
بەدىئىي ئەسەرلەردىكى بەزى مۇبالىغىلەردە «ئالەم مالەم» بولۇپ
كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چەت ئەللىكلەر جۇڭگونىڭ ئەدەبىي ئەسەر-



لىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۆز مەنتىقىسى بويىچە تەپەككۇر قىلسا
ئامالسىز قالىدىكەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇبالىغىچىلىك روھىنىڭ
چوڭقۇر مەدەنىيەت مەنبەسى بار.

بۇنداق مۇبالىغىنىڭ روھى قانداق پەيدا بولغان؟ ھەممىدىن ئاۋ-
ۋال شۆھرەتپەرەس پادىشاھلاردىن باشلانغان. «تەڭرىنىڭ ئەركىسى —
پادىشاھ دانادۇر» مىش. پادىشاھنىڭ يېنىدىكىلەر پادىشاھقا خۇشاللىق-
نىلا يەتكۈزۈپ، خاپىلىقنى مەلۇم قىلماسلىققا ئادەتلىنىپ كېتىدى-
كەن، ئۇتتۇق - نەتىجىلەرنى بولۇشىچە مۇبالىغە قىلىپ، قۇسۇر -
كەمچىلىكلەرنى ئىمكانقەدەر يېپىدىكەن. پادىشاھنىڭ قۇلاق تۈۋىدە
تامامەن ئەنە شۇنداق كۆپتۈرۈلگەن مەدھىيىلەر ياڭرايدىكەن. شۇنداق
ئەھۋال ئادەتكە، مەنسەپدارلار ئادىتىگە، ھۆكۈمەت ئادىتىگە ئايلىنىپ
قالغان. شەخسلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلغاندا لاپ
ئۇرۇپ، كۆپتۈرۈپ، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىۋەتكەندەك
ماختىنىدىكەن. بىر مۇنچە رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ خىزمەت نەتى-
جىلىرى ئەنە شۇنداق كۆپتۈرۈلگەن. كۆپتۈرۈش ئادەتكە ئايلىنىپ
قالغاندا، مۇبالىغە ھېچقانچە ئىش ئەمەس بولۇپ قالىدىكەن. بىز
ئۆتمۈشتە مۇبالىغىنىڭ زىيىنىنى تارتتۇق، يوقنى بار دەپ كۆپتۈر-
دۇق، كۆپتۈرۈش ئادىتى ھەتتا ھۆكۈمەت قىلىقىغا ئايلىنىپ كەتتى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇبالىغە قىلىش ئادىتىنى يېرىپ كۆرىدىغان
بولساق، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مەدەنىيەت يىلتىزى بار ئىكەن. جۇڭگو-
نىڭ زېمىنى كەڭ، نەرسىلىرى مول، كۆلىمى بىپايان؛ بولۇپمۇ
ئۆتمۈشتە شاھ - پادىشاھلار تەختكە چىققاندىن كېيىن، قالتىس چوڭ
ئەلنىڭ پادىشاھىمەن دەپ تەمەننا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پۇقرالىرىدىمۇ
شۇنداق ھېسسىيات بولىدىكەن. ھالبۇكى، ياپونلار ناھايىتى ئەمەلى-
يەتچان ئىكەن، ئۇلار ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئالىقاندەك زېمىنىدا تىرى-
شىپ - تىرمىشىپ ئىشلەيدىكەن، كۆڭلى يېرىم ياشايدىكەن، جۇڭگو-
نىڭ خەۋەرلىرىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىكەن، جۇڭگو ئادەملىرىنى
بەك ھەشەمەتچى دەپ ئويلايدىكەن. جۇڭگونىڭ ئاخبارات تەشۋىقاتلىرى-
دا ھەقىقەتەن كۆپتۈرمىچىلىك بار. بىر خالتا كوچىدا ئىككى ياكى
ئۈچ ئادەم بولسا، «ئادەم باس - باس بولۇپ قىمىرلايدۇ» دەپ

يېزىلىدۇ؛ ئۈچ ئادەم چاۋاك چالغان بولسا، «گۇلدۇراس ئالقىش ياڭرىدى» دېيىلىدۇ؛ ئۈچ ئادەمنىڭ قوماندانلىقى بىلەن بىر ئادەم مەيدانغا چۈشكەن بولسا، «كۆپچىلىكنىڭ غەيرىتى تاغنى تالقان قىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى» دەپ يېزىلىدۇ؛ بىرەر خۇش خەۋەر چىقسا، «خۇش خەۋەرلەر كەينى - كەينىدىن تارقىلىپ كەلمەكتە» دەيدۇ؛ يىغىن ئېچىلسىلا، «مۇھىم سۆز» بارلىكى بار؛ بىرەر ئىش باشلىنىپ قالسا، «مۇۋەپپەقىيەتلىك» بولغىنى بولغان، «ۋەزىيەت يىلدىن-يىلغا چوڭ ياخشى» ، «مەھسۇلات يىلمۇيىل ئاشماقتا» دەيدۇ. مۇبالىغىسىز گەپ يوق؛ يەنە تېخى «تەتۈر كۆپەيمەكتە» دەيدىغان گەپمۇ بار! ھەرقايسى ساھە - تارماقلارنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىدە، شەخسلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىدە، يىللىق خىزمەت خۇلاسىلىرىدە كۆپتۈرمە سۆزلەر تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ.

بىرەر ئادەمنىڭ يامان قىلىقىنى ئۆزگەرتىش خېلى تەس، بىر مىللەتنىڭ يامان ئىللىتىنى ئۆزگەرتىش تېخىمۇ قىيىن. ھازىرقى كۈندە نۇرغۇن جايلاردىكى كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ ئەل رازى بولمايدىغان «ئوبراز قۇرۇلما»لىرى مۇبالىغىنىڭ سېسىق مېۋىسى بولۇپ تۇرماقتا. بەزى جايلاردا GDP (ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى) ھەددىن يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى رەھبىرىي كادىرلار نەپسانىيەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ، ئاممىنىڭ بولسا ھەپسىلىسى پۇر بولماقتا. پۈتۈن يەر شارىدا ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىۋاتقان، رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە خەلقىمىزگە ھەممىدىن بەك زۆرۈر بولۇۋاتقىنى مۇبالىغىچىلىكنى تۈگىتىش بولۇپ قالدى.

— بۇ فېلىيەتون «خېبېي گېزىتچىلىك گۇرۇھى» نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىدىغان «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2006 - يىل 5- ئاينىڭ 9 - كۈندىكى سانىدا لى يېچېڭ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# لىۇ ئەپەندىنىڭ تىلى

لىۇ ئەپەندى مېنىڭ كۆڭلۈمدە بەئەينى بىر تېپىشماق، ئۇ ئىدارىمىزدا كونا يولداشلاردىن بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ بىرەر ئادەمنى مېھمان قىلغانلىقىنى، بىرەر ئادەمگە سوۋغا - سالام بەرگەنلىكىنىمۇ كۆرمىدىم. لېكىن، نەپ تېگىدىغان ئىش توغرا كەلسە ھەرگىز بوشاڭلىق قىلمايدۇ. مەيلى ئۇنىۋان ئۆستۈرۈشتە بولسۇن ياكى ئەلاچىلارنى باھالاپ مائاشىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن، ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا، لىۇ ئەپەندىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى نەدىدۇر؟ دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

لىۇ ئەپەندىنى ئۇزاق ۋاقىت كۆزەتتىم، تەتقىق قىلدىم. ئاخىر تېپىشماقنى تاپتىم: گەپ لىۇ ئەپەندىنىڭ تىلىنىڭ ياخشىلىقىدا ئىكەن، ئۇ ھەرقاچان گەپنى جايىدا قىلىدىكەن.

بىر كۈنى كېڭەيتىلگەن بىر دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا بىراۋ ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى ئۈستىدىن تەنقىدىي پىكىر بېرىپ سۆزلەپلا كەتتى، ئىدارە باشلىقى بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. لىۇ ئەپەندىچۇ؟ ئۇمۇ ئىدارە باشلىقى ئۈستىدىن پىكىر بېرىپ: «ئىدارە باشلىقى A ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئانچە ئاسرىمايدىكەن، دائىم كېچە - كېچىلەپ تۆپىلەپ ئىشلەيدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىنقىلابنىڭ دەسمايىسىنى ئاسرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن؛ ئىدارە باشلىقى B تولىمۇ قاتمال ئادەم ئىكەن، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئانىسى ئىدارىنىڭ ماشىنىسىدىن پايدىلانماقچى بولۇپ قالغاندا ئىشخانا ماشىنا بۇيرۇپ بەرسە، ئىدارە باشلىقى B ئىشخانا مۇدىرىغا تاپىلاپ ماشىنىنى قايتۇرغۇزۇپ كەپتۇ؛ ئىدارە باشلىقى C يولداشلار ئارا ئىتتىپاقلىققا دىققەت قىلمايدىكەن،

ھەر قېتىم يېزىغا بارغاندا يېزىدىكىلەر يەرلىك مەھسۇلاتتىن ئاز - تولا سوۋغا - سالام بەرسە ھەممىنى رەت قىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن باشقا يولداشلارمۇ نەپ ئالالمايدىكەن، ئۇنداق قىلسا ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتمەمدۇ؟» دېدى. ليۇ ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى ئىدارە باشلىقلىرىنى خۇرسەن قىلىۋەتكەنىدى.

خىزمەتداشلار ئارا ھەم شۇنداق. ليۇ ئەپەندىنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەر سىلىق - سىپايە ھەم شېكەردەك تاتلىق، ھەممىسى قۇلاققا ياقىدىغان مەدھىيە. سىز شېرىن گەپكە موھتاج بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭدا شېرىن گەپ تەييار؛ تاتلىق گەپ كېرەك بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدا تاتلىق گەپ تولا؛ ئۇسساپ قالسىڭىز، ئۇنىڭدىن مىنېرال سۇ چىقىدۇ؛ ئەگەر ئاچچىق - چۈچۈككە ئامراق بولسىڭىز، ئۇنىمۇ ئەپچىللىك بىلەن تەييارلاپ ئوراپ بېرىدۇ، يېگەندە كۆڭلىڭىز يايراپ كېتىدۇ. شياۋسۇڭ ئىدارىمىز بويىچە مودىدىن قالمايدىغان، يېڭىلىققا ھەۋەس قىلىپ ياسىنىپ يۈرىدىغان، لېكىن ئىشقا كېچىكىپ كېلىپ، بالدۇر قايتىدىغان، ئىشلىمەي بۆلۈممۇبۆلۈم غىپىلداپ يۈرىدىغان يىگىت. ئەمما، ليۇ ئەپەندى ئۇنى كۆرگەندە مۇلايىمغىنە كۈلۈپ تۇرۇپ: «ۋاھ، كىيىمىڭىز ھەجەبمۇ يارىشىپتۇ، سىزنى ھەم چوڭ سۈپەت، ھەم سۆلەتلىك كۆرسىتىدىكەن» دەپ ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ، ئۇمۇ ياخشى ئۇلپەت تاپتىم دەپ خۇرسەن بولۇپ كېتىدۇ.

ليۇ ئەپەندىنىڭ ئىدارىمىزدىكى ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى، ئۇنىڭدىن ئەيىب تاپىدىغان ئادەم يوق. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ھېچقاچان باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى تىلغا ئالمايدۇ، ئارتۇقلۇقلىرىنىلا سۆزلەيدۇ، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى پەدازلاپ ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇشقا ئۇستا. ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرى ھەقىقەتەن بىر خىل ماھارەت. ئۇنىڭ شۇنداق ھۈنىرى بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بىرەر ئىشى چىقىپ قالسا، مەيلى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولسۇن ياكى يىل



ئاخىرىدا ئەلاچىلارنى باھالاشتا بولسۇن، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئادەمدە مۇنداق روھىي ھالەت بولىدىكەن: ليۇ ئەپەندى ماڭا يامانلىق قىلمىسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەلاچى بولۇشىغا بېلەت تاشلىمايدىكەنمەن؟!

بىر كۈنى مەستلىكتە سۆزلەپ، ئىدارىمىزدا ليۇ ئەپەندى دەيدىغان بىر ئادەم بار، ئۇ ئىدارىمىز ئۈچۈن بىر دەرد، مىللىتىمىز ئۈچۈنمۇ بىر ھەسرەت دېگەن ئىكەنمەن، نەتىجىدە ھەممە ئادەم ئۆكتە قوپۇپتۇ. مەستلىكتىن يېشىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بىر - بىرلەپ ئۆزرە ئېيتىپ: «ئۇ چاغدا كۆپرەك ئىچىپ سېلىپ، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىپتىمەن. ليۇ ئەپەندى ئىدارىمىزنىڭ پەخرى، مىللىرىمىزنىڭ شان - شەرىپى» دېدىم. شۇندىلا خىزمەتداشلىرىم مېنى كەچۈردى.

— لاۋچۈن ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېليەتون گېزىتى» نىڭ 2007 - يىل 9 - مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# رەھبەر بولغانلىكى ئادەم ھەممىگە قابىلىيەتلىك بولۇۋەرمەيدۇ

بۇ يىل چاغاندا بىر خەۋەرنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران بولدۇم: خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇ يىل (2007 - يىل) چاغاننىڭ تۇنجى كۈنى بېيجىڭ پايتەخت ئايرودرومىدىن يولغا چىقىدىغان CA1307/8 نومۇرلۇق نۆۋەتچى ئايروپىلاننى ئۆزى ھەيدەپ، بېيجىڭ — شېنجېن — بېيجىڭ ئارا ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىپتۇ. ياڭ يۈەنيۈەن 2002 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان، ھەر يىلى بايرام كۈنلىرىدە نۆۋەتچى بولۇپ ئايروپىلان ھەيدەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ: «ئايروپىلان ھەيدەشكە بىر قېتىم قاتناشساق، ئاساسىي قاتلامدىكى ئەھۋالنى بىرقانچە قېتىم مەجلىس - يىغىن ئاچقاندىنمۇ كۆپرەك چۈشەنگىلى بولىدىكەن، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشىمىزغا تېخىمۇ پايدىلىقكەن» دەپ قارايدىكەن.

خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئايروپىلان ھەيدىيەلىشى ئەسلىدە ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. لېكىن، مېنىڭ «ئەقىدە بىلەن قېتىپ كەتكەن» ئىدىيە - ئېڭىم بويىچە قارىغاندا، بىزنىڭ تۈزۈمىمىزدە تولا چاغدا كەسىپ ئەھلى بولمىغانلار كەسىپ ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. «رەھبەرىي كادىرلارنى ياشلاشتۇرىمىز، ئىختىساسلاشتۇرىمىز» دەپ كۈنمۇكۈن، ئايمۇئاي توۋلاپ يۈر-



مىگەن بولساق كاشكى، نەچچە يىلدىن بۇيان «ياشلاشتۇرۇش» ئىجرا بولۇۋاتىدۇ. بىراق، «ئىختىساسلاشتۇرۇش» نىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق بولۇپ قېلىپ، كەسىپ ئەھلى بولمىغانلار كەسىپ ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھادىسە ئىلگىرىكىدەكلا ئومۇملىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش كومىتېتىغا مۇدىر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. دەرىجىسى توغرا كەلسىلا، ھەرقانداق ساھەدە، ھەرقانداق ئەمەلدار خۇددى چاقپېلەكتەك ئايلىنىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئايروپىلان ھەيدىيەلىگەنلىكى مېنى ئىختىيارسىز ھەيران قالدۇردى. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىن ئايروپىلانغا چۈشسەم خاتىرەم چوقۇم جەم بولىدۇ، ھۇزۇر - ھالاۋىتىم چوقۇم ئاشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارنىڭ كەسىپ ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلىشى يامان ئىشمۇ ئەمەس، رەھبەر بولغان ئادەملەرنىڭ ھەممىنى بىلىشىمۇ ناتايىن. رەھبەرلەرنىڭ بىلىم دائىرىسى قانچە كەڭ بولسا شۇنچە ياخشى. لېكىن، رەھبەرلىك قىلىش ۋاقتى چەكلىك بولغاچقا، ھەممىدە قابىلىيەتلىك بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، مۇمكىنمۇ ئەمەس. ئاساسىي رەھبەر بولغان، بولۇپمۇ بىرىنچى باشلىق بولغان ئادەم ئالدى بىلەن سىياسىئون بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ ئىقتىسادشۇناس بولۇشى، قانۇن مۇتەخەسسىسى بولۇشى ناتايىن، ئەمما ئۇ ئىقتىسادنى، قانۇننى بىلىشى كېرەك. ئەنە شۇ ئۈچ خىل ئامىل بولسا، ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان تولۇق قابىلىيەتلىك بولمىسىمۇ، ھەتتا باشقا جەھەتلەردە ئېلىپىنىڭ سونۇقىنى بىلمىسىمۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلىيەلەيدۇ. دۆلەت رەھبىرىنى ئالايلى، ئۇنىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى بىلىشى زۆرۈر ئەمەس، مۇمكىنمۇ ئەمەس. لېكىن، ياساش كېرەكمۇ - يوق؟ قاچان ياساش كېرەك؟ قانچىلىك ياساش كېرەك؟ ئۇرۇش - جەڭ قىلىش

ھەربىيلەرنىڭ ئىشى، جەڭ قىلىش كېرەكمۇ - يوق؟ كىمگە قارشى
جەڭ قىلىش كېرەك؟ بۇلار سىياسىئونلارنىڭ ئىشى، يەنە شەھەر
باشلىقىنى ئالايلى: ئۇ بىناكارلىقنى بىلمىسىمۇ مەيلى، لېكىن خەلق-
نىڭ تىرىكچىلىكى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىلىشى، مۇتەخەسسىس-
لەرنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشى، ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان-
لىق بىلەن بەزى قارارلارنى چىقىرىشى لازىم. دېمەك، ئۆينى قانداق
سېلىش كېرەك، قانچىلىك سېلىش كېرەك، قەيەرلەرگە سېلىش
كېرەك، بۇلار بىناكار ئالىملارنىڭ ۋە بىناكار ئىشچىلارنىڭ ئىشى.
شەھەر خەلقىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشىغا قۇربى يېتەمدۇ، ئۇلارغا ئۆي
تېگەمدۇ، مانا بۇلار شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشى.

كەسىپ ئەھلى ئەمەسلەرنىڭ كەسىپ ئەھلىگە رەھبەرلىك قىلى-
شىدا، كەسىپ ئەھلىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشى، ئۇلارغا ھۆرمەت
قىلىشىدا.

رەھبەر بولغان ئادەم ھېچ نەرسىنى بىلمىسە بولمىغىنى، ئەلۋەت-
تە، ھەممىنى بىلىدىغان بولسىمۇ چاتاق. خروششېف 1962 - يىلى
دېكابىردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مەركىزىي كۆرگەزمىخانىسىغا رەسسام
ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگىلى بېرىپ، 2- قەۋەتتىكى
تەسۋىرىي سەنئەت زالىدىكى بەزى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ تاقىتى تاق
بولۇپ: «بۇلار پورنوگرافىيە (بەتقىلىق، شەھۋانىي، يارىماس) ئە-
سەرلەركەنغۇ، سەنئەت ئەمەس» دېگەن؛ ئېينىستنىڭ ئەسەرلىرىنى
كۆرگەندە تېخىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ: «ئېشەك قۇيرۇقىنى سىياھقا
چىلاپ سىزسىمۇ رەسىم دېگەننى بۇنىڭدىن تۈزۈك سىزىش مۇمكىن»
دېگەن؛ كېيىن: «بۇ يەرنىڭ مەسئۇلى كىم؟» دەپ سورىغان. تەس-
ۋىرىي رەسسام ئېينىست چاقىرتىلىپ كەلگەندە، خروششېف ئىمىر -
چىمىر ئەسەرلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن: «خەلقنىڭ پۇ-
لىنى خەجلەپ، سىزغانلىرىڭ مۇشۇ پوقىقا ئوخشىمىغان نەرسىلەرمۇ؟» دې-
گەن. ئېينىست ئۇنىڭ قوپاللىق بىلەن قىلغان دەشناملىرىنى كۆتۈ-
رەلمەي: «سىز سەنئەتكار ئەمەس، نەپىس سەنئەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ
بىلمەيدىكەنسىز، سەنئەت دېگەننىڭ ھېچ نېمىسىنى بىلمەيدىكەنسىز»



دېگەن. خروششېف ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: «كۆمۈر خانىدا ئىشچى بو-
لۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىمدا بىلمەيتتىم، بالداقمۇبالداق يۇقىرى ئۆر-
لەۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ بىلمەيتتىم، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە مىنىس-
تىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسىمەن، پارتىيىنىڭ داھىيسىمەن، شۇنداق
تۇرۇقلۇقمۇ بىلمەمدىكەنمەن؟» دەپ سۆزلەپلا كەتكەن. ئېينىست ئۇ-
نىڭغا جاۋاب ياندۇرماي، سۆزلىرىنىڭ ئورامىغا قاراپ گەپ قىلغان،
شۇنداقتىمۇ ھودۇقۇپ - تىترەپ كەتكەن. دېموكراتىيە ۋە نازارەت
توغرىسىدا ئۈنۈملۈك تۈزۈم بولمىغاندا، مەيلى سەن ئوقۇمىغان قارا
قورساق، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دۆت بول، مەيلى چالا موللا
بول، رەھبەر، بولۇپمۇ بىرىنچى باشلىق بوپقالغانىكەنسەن، ھەممىنى
بىلىدىغان بوپقالىدىكەنسەن. قىسقىسى، رەھبەر ئىكەنسەن، ھەممىگە
قابىلىيەتلىك بوپقالىدىكەنسەن.

ھەممە جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادەم بولمايدۇ، ھەممە ئىش
قولىدىن كېلىدىغان تولۇق قابىلىيەتلىك ئادەم ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.
ھەرقانداق ئىش توغرىسىدا «مۇھىم سۆز» قىلسا، «مۇھىم تەستىق»
يازسا، يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىدا بەئەينى ئەدىب، ئىلىم مۇھاكىمىسى
يىغىنىدا بەئەينى ئالىم، سۇ ئىنشائات يىغىنىدا بەئەينى سۇچىلىق
مۇتەخەسسىسى، يېزا ئىگىلىك يىغىنىدا بەئەينى يېزا ئىگىلىكى مۇتە-
خەسسىسى، سانائەت يىغىنىدا بەئەينى سانائەت مۇتەخەسسىسى...
بولۇۋېلىپ، سەھنىدە ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈپ، قۇرۇق پو ئاتسى-
مۇ مەيلى، يىغىندىن كېيىن ھۆججەت چۇشۇرۇپ تۆۋەندىكىلەرگە:
ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئەمەلىيلەش-
تۈرۈڭلار دەيدىغان بولسا، «ئات ئاۋارە — كۆت ئاۋارە» بولۇپ
قالىدۇ.

---

— چيۇگۇيپىڭ ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتونلار گېزىتى» نىڭ2007-
يىل 13 - مارت سانىغا بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# ئاپتوبۇستا

كۆزىتىشىمچە، ئاپتوبۇستىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا دەرىجە پەر-
قى بار ئىكەن، يەنى بىر ئاپتوبۇسقا چىققان بىر توپ ئادەمدە ئاڭلىق-
ئاڭسىز ھالدا دەرىجە پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. 1 - دەرىجىدىكى ئادەم
شوپۇر ئىكەن، ئۇ شۇ ئاپتوبۇستىكى ھەممىدىن ھوقۇقلۇق ئادەم
ئىكەن. چۈنكى، ئۇ ئولتۇرغۇدەك ئورۇن چىقماي قالارمىكى دەپ
ئەندىشە قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئورۇن تالىشىشقا پېتىنىدىغان
ئادەممۇ چىقمايدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ ماڭغۇسى كەلمىسە، ئاپتوبۇستى-
كى ئادەملەرگە ساقلاپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق ئىكەن، ھېچكىم
غىدىڭ - پىدىڭمۇ قىلالمايدىكەن. شوپۇر ئۆزىنى باشقىلاردىن بىر
دەرىجە ئۈستۈن چاغلاپ، ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقان ئادەملەرگە كۆزىنىڭ
قىرىدا قاراپ قويىدىكەن: پۇل تاشلىغانغا، كارتىسىنى سىيپىغانغا،
ياشانغانلار كىنىشكىسىنى ئېلىپ ئاپتوبۇسقا چىققانلارغا كۆزىنى ئۈز-
مەي سەپسېلىپ قارايدىكەن. «مۇبادا بېشىدىكى ئاق چېچى يالغان
بولۇپ قالسىچۇ؟ ناۋادا بەللىرىنى مۈكچەيتىشى، پۇتلىرىنى ماغدۇر-
سىز دەلدەڭلىتىپ دەسسەپ مېڭىشى ھارامزەدىلىك بولسىچۇ؟ بۇ ئاي-
بۇ كۈنلەردە ساختىلاشمىغان نەرسە قالماپتۇ دەپ ئويلايدىكەن شوپۇر.

ئاپتوبۇستا ئولتۇرغۇدەك ئورۇن تەگكەنلەر 2 - دەرىجىلىك ئادەم
ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن ئارامبەخشلىك، مەغرۇرلۇق چىقىپ
تۇرىدىكەن، ئۇلاردىكى بۇ غەلىتە ھاكاۋۇرلۇقنىڭ نەدىن پەيدا بولغان-
لىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ بىر
قىلىقى شۇكى، ئۇلار دائىم دېرىزە سىرتىغا قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالى-
دىكەن، يېنىدا ئۆرە تۇرغانلارغا ھەرگىز قايرىلىپ قارىمايدىكەن، بۇ



ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاقىلانە، ناھايىتى ئۈنۈملۈك چارىسى ئىكەن.
شۇنداق قىلسا، بىرىنچىدىن، قورساقلىرى تومپىيىپ قالغان ھامىلى-
دارلارغا، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن ياشانغانلارغا كۆزى چۈشمەيدى-
كەن. «كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەن گەپ بار، كۆزى
چۈشمىگەندىن كېيىن كۆڭلى ئارامىدا بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋېرىدىكەن؛
ئىككىنچىدىن، بېشىنى تولغاپ تاشقىرىغا قارىۋالسا ئۆرە تۇرغانلارنىڭ
مالىمىنىدىن، قىستاقچىلىقىدىن خالىي بولۇپ قالىدىكەن - دە، ئۆزى
ئۇلار بىلەن ئىككى دۇنيادا تۇرغاندەك بولىدىكەن، ئولتۇرغان ئورنى
ئۇنىڭغا ئارام ۋە راھەت كەلتۈرۈپ بەرگەن بولىدىكەن. ئورۇن تۇتۇپ
ئولتۇرغان ئادەم ئۆزى بارىدىغان بېكەتكە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرىكى
ئاخىرقى سېكۇنتتا ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپى-
دىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن غادايغىنىچە ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئولتۇرغان
ئورنىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىگەندەك ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاپتوبۇس-
تىن چۈشىدىكەن. ئاپتوبۇسقا يېڭى چىقىپ ئورۇن تۇتقان ئادەم
شۇئان 2- دەرىجىلىك ئادەم بولۇپ قالىدىكەن - دە، چىرايىدا دەرھاللا
مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتىدىكەن.

ئۆرە تۇرغانلار قاچانلا قارىسىڭىز خاپا. ئۇلار ئاپتوبۇسقا چىققۇچە
شوپۇرنىڭ چىرايىغا قارايدىكەن، بىر قولىدا چوڭ - كىچىك بوغچىلى-
رىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا ئاپتوبۇسنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇۋالىدى-
كەن؛ ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرغانلارغا زوقلىنىپ، ھەسەت قىلىپ،
غەزەپلىنىپ قارايدىكەن؛ ئۆزىنى باشقىلاردىن پەس ئورۇنغا چۈشۈپ
قالغاندەك ھېس قىلىدىكەن. ياشانغانلار، ئاجىزلار، كېسەلمەنلەر،
مېيىپلار، ھامىلىدارلار ئولتۇرغانلاردىن ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئورۇن
بېرىشنى سورىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار كۆڭلىدە ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇر-
غانلارنى ئۆرە تۇرغانلاردىن يۈزلۈك دەپ ئويلايدۇ. ئاپتوبۇستا ئادەم
كۆپ بولۇپ قالغاندا، ئۆرە تۇرغانلار دائىم قىزىرىشىپ قالىدىكەن.
ئېھتىياتسىزلىقتىن بىراۋنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالىدىكەن، باشقىلارغا

سوقۇلۇپ كېتىدىكەن، ئاپتوبۇستىن چۈشكۈچە قىستىلىشىپ قالىدىكەن، مىجەزى قوداڭشىپ تۇرىدىغان ئادەمگە ئۇچراپ قالغاندا، تىللىشىشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىكەن. بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار خۇشال بولۇپ، بەكرەك جېدەللەشسىكەن، ئاپتوبۇستىكى ئىچ پۇشۇقىمىز تۈگەيتتى دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇنداق چاغلاردا شوپۇر پەرۋاسىز بولۇۋالىدىكەن، ئولتۇرغانلار تاماشا كۆرىدىكەن، ئۆرە تۇرغانلار چۇقان سالىدىكەن، ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭدا قايناپ، جېدەللەشكەنلەردىن باشقىلار يايراپ كېتىدىكەن.

مۇبادا ئاپتوبۇستا بىرەر ئادەم بىرەر نەرسىنى ئوغرىغا بېرىپ قويسا، باشقىچە ھادىسە يۈز بېرىدىكەن: ئوغرىغا بەرگۈچى بىر بولسا ئاچچىقىنى باسالماي چېچىلىدىكەن، بىر بولسا ئاغزىنى بۇزۇپ ئوغرىنى تىللايدىكەن ياكى داد - پەرياد قىلىپ يىغلايدىكەن. قالغانلار خۇددى تاڭغازا چىشلىۋالغاندەك ئۈن چىقارماي جىم بولۇۋالىدىكەن، مەن بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغاندىكىن، قانداق قىلسا قىلمامدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك.

ئارزۇيۇم شۇكى: مەن يولۇقتۇرغان بۇ ئەھۋال «ئايرىم ھادىسە»، «ئايرىم ھادىسە» دىن خۇلاسىلەپ چىقارغان «ئايرىم قانۇنىيەت» بولۇپ قالغاي.

---

— بۇ ئەسەر گويىئەننىڭ «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2007 - يىل 30 - مارت سانىغا بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# پاك قەلب

ئۆيۈمنى زىننەتلىگەندە بىرمۇنچە قەغەز ساندۇق يىغىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنى يىغىشتۇرۇۋېتەي دەپ تۇرسام، مەھەللىمىزنىڭ ساقچىسى: «بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ماشىنا توختىتىش ئىسكىلاتىدا ئەسكى - تۇسكىلەرنى يىغىدىغان بىر ئادەم بار، ساتىدىغان كېرەكسىز قەغەز - پەغەزلىرىڭىز بولسا، ماشىنا توختىتىش ئىسكىلاتىغا كىرىپ ھېلىقى ئادەمنى تاپسىڭىز بولىدۇ» دېدى.

ئىسكىلاتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قاتتىق تاختا قەغەزدىن ياسىۋېلىنغان ۋاقىتلىق بىر كەپە بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېرەكسىز قەغەز، تۇنىكە چېلەك، سۇلياۋ بوتۇلكا دېگەندەك نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بىر دۆۋە كېرەكسىز قەغەزنى رەتلەپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭدە ساتىدىغان كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال جىگىنى قولىغا ئېلىپ ئارقامدىن يۇقىرىغا چىقتى.

ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

بىر كۈنى ئىسكىلاتقا بارسام ئۇ يوق ئىكەن. كەپىسىگە بېشىمنى تىقىپ قارىسام، دەستىلەنگەن خىش ئۈستىدىكى تاختا كارىۋاتتا بىر قىزچاق يېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن چوڭلار قېنى؟ دەپ سورىدىم. ئۇ:

— دادام تۆپىگە كېرەكسىز قەغەز يىغقىلى چىقىپ كەتتى، ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ جۇمۇ؟ — دېدى.

تۆپىگە؟ خىيال سۈرۈپ قالدىم. قىزچاق خىر - خىر كۈلۈپ،

قولى بىلەن يۇقىرىنى كۆرسەتتى:
— مانا مۇشۇ تۆپىدە.
باشقا ئىشىم بولمىغاچقا، بوپتۇ ساقلاپ تۇراي دەپ ئويلىدىم.
— سىرتقا ئوينىغىلى چىقمامسىز؟ — دەپ سورىدىم، — سىزنى زادىلا كۆرمىگەندەك تۇرىمەن.
— دادام سىرتقا ئوينىغىلى چىقارغۇزمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈشكۈن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى، ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدىم.
قارىسام، بۇ بىچارە قىزنىڭ بىر پۇتى قېلىن گىپىس بىلەن قاتۇرۇقلۇق تۇرۇپتۇ.
شۇ چاغدا يوغان بىر باغلام قەغەز ساندۇقنى يۈدۈۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىرىپ كەلدى. ئۇ قەغەز ساندۇقلارنى يەرگە قويغاندىن كېيىن، چوڭ جىگىنى قولىغا ئېلىپ، ئارقامدىن تۆپىگە چىقتى.
يېڭىدىن بىرنەچچە ئائىلە ئېلېكتر سايمىنى سېتىۋالغانىدىم، شۇڭا قەغەز ساندۇقلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى، ساندۇقلارنى قاتلىشىپ بېرىۋېتىپ پاراڭلىشىپ قالدۇق. گەپ ئىختىيارسىزلا ھېلىقى قىز ئۈستىگە ئۆتۈپ قېلىۋىدى، ئۇ ئادەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:
— بۇ بەك بىتەلەي بالا، — دېدى.
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قىز ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالا ئەمەسكەن، بۇ قىزنى ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىۋاتقاندا يولدىن تېپىۋالغانىكەن. دەسلەپتە بۇ بالىدا بىرەر نۇقسان بارلىقىنى بىلمەپتۇ. ئىككى ياشقا توشقان يىلى بىر يىقىلىپلا بىلىكىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ. بالا دېگەننىڭ سۆڭىكى چۈرۈك بولىدۇ دەپ پىسەنتمۇ قىلماپتۇ، بۇنىڭ چوڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى نەدىمۇ ئويلىسۇن؟! دوختۇر ئۇنى ئەينەككە ئوخشاش ئاسان سۇنىدىغان چۈرۈك سۆڭەك كېسىلى ئىكەن دەپتۇ. سەل - پەل دىققەتسىزلىك قىلسا، سۆڭىكى سۇنىدىكەن.
بۇنداق كېسەلنى مەن ئاڭلىغان، تۇغما ئەينەكسىمان چۈرۈك سۆڭەك بوشاش كېسىلى ئىكەن، بۇ داۋاسى تېپىلمايۋاتقان دۇنياۋى مۇرەككەپ كېسەل بولۇپ، بۇنداق كېسەلنىڭ داۋالاش ئارقىلىق سا-



قايتىلغىنى يوق ئىكەن.
ئادەمنى ھەممىدىن بەك ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، ئۇ قىز پات - پاتلا يىقىلىپ چۈشىدىكەن. ھەرقاچان مېڭىپ كېتىۋېتىپ دەلدەڭلەپ قالسىلا، بىرەر تال سۆڭىكى سۇنماي قالمايدىكەن. شۇڭا، ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا يۈگۈرتتۈرمەيدىكەن، باشقا بالىلارغا ئوخشاش چېپىپ يۈرۈپ ئويناشقا يول قويمايدىكەن. شۇنچە دىققەت بىلەن ئاۋايلىسىمۇ ھەر يىلى سۆڭىكى بىر - ئىككى قېتىم سۇنۇپ تۇرىدىكەن. مانا قارىمامدىغان! ئالدىنقى كۈنى بىخەستەلىك قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ يەنە پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ. بۇ بالا تېخى 10 ياشقا توشمىدى، مۇشۇنداق بولسا، ئۆمرى قانداق ئۆتەر؟ ئوتتۇرا ياش ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە قايغۇ ۋە مەيۈسلۈك ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشىمنى بىلەلمىدىم.
ئۆينى كۆچۈرگەن كۈنى، ئوغلۇمنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا ئىشلەتكەن دەرسلىكلىرىدىن بىر دەستە كىتاب چىقىپ قالغانىدى. يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش ئىسكىلاتىغا ئاپىرىپ بەردىم. گۇڭگا ئىسكىلاتتىن سۆڭەكنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرۇپتۇ.
قارىسام ھېلىقى ئادەم مەشتە سۆڭەك شورپىسى قاينىتىۋېتىپتۇ.
— بالىغا قۇۋۋەت بولۇپ قالار دېدىم، — دېدى ئۇ ۋە قولۇمدىكى بىر باغلام كىتابنى كۆرۈپ دەرھال جىگىنى ئىزدىگەچ.
— بۇنى ساتىمەن دەپ ئېلىپ كەلمىدىم. بۇنىڭ ھەممىسى ئوغلۇم باشلانغۇچتا ئوقۇپ بولغان دەرسلىك، ئۆيدە تۇرسىمۇ لازىمى يوق. قىزچاق كۆرسۇن، ساۋاتلىق بولۇپ قالار، — دېدىم.
قىزچاق كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتاتتى.
— خەت تونۇيدىغانسىز؟ — دەپ سورىدىم قىزچاقتىن.
— تونۇيمەن، — دېدى ئۇ، — دادام ھەركۈنى ئۆگىتىدۇ. دادام يىغىپ كەلگەن كېرەكسىز قەغەزلەرنىڭ ئارىسىدىن بەزىدە ئوبدان كىتابلارمۇ چىقىپ قالىدۇ، — ئۇ يېنىدىكى دەستە - دەستە كىتابنى ئۆرۈپ قويدى، — بۇلارنى دادام كېرەكسىز قەغەزلەر ئىچىدىن تېپىۋالغانىكەن.

— ئاغرىۋاتامدۇ؟ — ئۇنىڭ گىپىستىكى پۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدىم.

— دادام مېنى ئوماق قىزىم دەپ ماختايدۇ، ئاغرىسىمۇ قورقمايمەن، — قىز مەغرۇر قىياپەتتە سۆزىنى داۋام قىلدى، — لېكىن دادا، پۇتۇم يەنە قىچىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئوتتۇرا ياشلىق بۇ ئادەم قىزغا يېقىن كېلىپ بىر تال ئىنچىكە سىمنى قولىغا ئالدى - دە، مەن قاشلاپ قوياي دەپ، قىزنىڭ گىپىس بىلەن تېڭىلغان پۇتىنى ئاستا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، سىمنى ئاۋايلاپ ھىمىرىپ گىپىستىن كىرگۈزدى ۋە:

— قىچىشقان يەر مۇشۇمۇ؟ — دېدى.

ھەيرانلىقتا ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى. دىققەت بىلەن قارىسام، گىپىسنىڭ بىرنەچچە يېرىدە تۆشۈك بار ئىكەن.

— بالىنىڭ سۇنغان سۆڭەكلىرى تۇتىشىۋاتىدۇ، شۇڭا بەك قىچىشىدىكەن. بۇ تۆشۈكلەرنى مەن تەشتىم، بەك قىچىشقاندا قاشلاپ قويىمەن.

— دادا، ھەجەبمۇ خۇشياقتى! — دېدى قىزچاق پىخىلداپ كۈلۈپ.

قارىسام قىزنىڭ كۆزلىرىگە خۇشلۇقىدىن ياش كەپتۇ. مېنىڭ كۆزلىرىمگىمۇ ياش كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىشخانىدا كۆرۈپ بولغان گېزىتلەرنى ھەركۈنى ئۆيگە ئالغاچ كېتىپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە يەر ئاستى ماشىنا ئىسكىلاتقا ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدۇم.

مەھەللىمىزدە ھەركۈنى كەچقۇرۇندا بىرمۇنچە ئاھالە سەگىشىپ ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ ماڭىدۇ. ئۇلار قەدىمىنى بوشراق، يەنىمۇ بوشراق باسسىكەن، تۆۋەنكى ئىسكىلاتتىكى قىزنى ۋە ئۇنىڭ دادىسىنى بىئارام قىلمىسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىمەن. بەزىدە تۆۋەنكى ئىسكىلاتنىڭ چىقىش ئاغزى ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئىچىدىن يېنىك ناخشا قۇل-



قىمغا كىرىپ قالىدۇ. قىز ناخشا ئوقۇۋاتقانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاۋازى ئەينەككە ئوخشاش جاراڭلىق ھەم ساپ ئىكەن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

---

— سۇن داۋرۇڭ ئىمزالىق بۇ ئەسەر «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2007 - يىل 16 - مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# «چىرىك مەدەنىيەت» دېگەن نېمە

قولۇمغا بىر پارچە كونا گېزىت چىقىپ قالدى، بۇ يانۋاردا
چىققان «جۇڭگو ياشلار گېزىتى» ئىكەن. قارىسام ئۇنىڭدا «چىرىك
مەدەنىيەتتىن هوشيار بولايلى» دەيدىغان يېڭى سۆزلەر تىلغا ئېلىنغان
بىر ماقالا بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماقالىنى ئوقۇدۇم. ئەسلىدە
شۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى تىلغا ئالغان «چىرىك مەدەنىيەت» دېگەن سۆز
هەممە ئادەم ئادەتتە دەپ يۈرگەن خىيانەتچىلىك بىلەن چىرىش، مەن-
سەپ سېتىپ بېرىش، مەنسەپ سېتىپ ئېلىش ۋەهاكازا دېگەندەك
چىرىكلىك هادىسىلىرى ئىكەن. ماقالىدە «هادىسە» دېگەن سۆز «مە-
دەنىيەت» كە ئالماشتۇرۇلۇپ، چىرىكلىك بىر خىل مەدەنىيەت دەپ
قارىلىپ، ئۇنىڭدىن هوشيار بولۇش چاقىرىق قىلىنىپتۇ.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك دېگەن
پىكىر ناهايىتى ياخشى. لېكىن، «⋯ مەدەنىيەت» تىن هوشيار بولاي-
لى، دېگەن ئىبارە ماڭا بۆلەكچىلا تۇيۇلدى. بىرەر يېڭى ئاتالغۇنى
ئىجاد قىلغاندا، هەر هالدا ئۇنىڭ ئىلمىيلىققا ئەهمىيەت بېرىشكە
توغرا كېلىدۇ.

مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ بۇ هەقتە هەركىم هەرنېمە دەيدۇ،
شۇنداق بولسىمۇ ئورتاق چۈشەنچە بار. نوپۇزلۇق لۇغەتلەردىكى
شەرهلەرگە قارىغاندا: مەدەنىيەت دېمەك ئىنسانىيەت ياراتقان ماددىي
ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ يىغىندىسى دېمەكتۇر. بۇ مەدەنىيەتنىڭ كەڭ
مەنىدىكى شەرهى، تار مەنىدىكى شەرهىمۇ بار. ئۇنىڭدا «مەخسۇس
مەنىۋى بايلىق نەزەردە تۇتۇلىدۇ» . مەيلى كەڭ مەنىدىكى شەرهى
بولسۇن ياكى تار مەنىدىكى شەرهى بولسۇن، هەممىسىنىڭ ئېنىق



مەزمۇنى ۋە دائىرىسى بار. مەدەنىيەتنىڭ ئىككى تۈپ ئالامىتى بار
بولۇپ، ئاساسىي ئاملى دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. مەيلى ماددىي ياكى مەن-
ۋى مەدەنىيەت بولسۇن، بىرىنچىدىن ئىنسانىيەت ياراتقان بولۇشى
شەرت؛ ئىككىنچىدىن بايلىق بولۇشى شەرت. ئەنە شۇ ئىككى ئاساسىي
ئامىل بولغاندىلا ئاندىن مەدەنىيەت يىغىندىسىغا تەۋە بولالايدۇ.

چىرىكلىك «ماددىي بايلىق» مۇ؟ ياق. چىرىكلىك «مەنىۋى باي-
لىق» مۇ؟ ياق. ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن مەدەنىيەت قاتارىغا كىرگۈ-
زۈلۈپ قالىدۇ؟ هازىر جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چىرىكلىك
هادىسىلىرى «چىرىك مەدەنىيەت» دەپ ئاتىلىپ، مەدەنىيەتنىڭ بىر
تۈرى قىلىۋېلىنسا، مەدەنىيەتنىڭ مەنىسىگە خىلاپ بولمامدۇ؟

مۇشۇنداق يېڭى ئاتالغۇنى ئىجاد قىلىشنىڭ ئۆزى هازىرقى كۈن-
دىكى مەدەنىيەتىزم ياكى مەدەنىيەتپەرەسلىك هادىسىسىنىڭ بىر ئىپا-
دىسى. مەدەنىيەتىزم هادىسىسى دېگەنلىك هەممە ئىش، هەممە نەرسە
مەدەنىيەت بولۇپ كەتتى، هەممە نەرسە، هەممە ئىش مەدەنىيەت نامى
بىلەن ئاقىدىغان بولدى، مەدەنىيەت دېگەن سۆز هەممە يەرگە توغرا
كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ چېكى قالمىدى دېمەكتۇر. مەدەنى-
يەت گويا بىر سېۋەت بولۇپ، هەممە نەرسە شۇنىڭغا قاچىلىنىدىغان
بولدى، مانا هازىر شۇنداق قاچىلىنىۋېرىپ، مەدەنىيەت بەئەينى ئەخ-
لەت سېۋىتىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قاراپ بې-
قىڭلار، بەزىلەر ئۆزى ياراتقان «يېڭى مەدەنىيەت» ، «بوغۇپ كىچىك-
لىتىلگەن پۇت مەدەنىيىتى» ، «قەلەندەرچىلىك مەدەنىيىتى» ، «پا-
هىشە - جالاپلىق مەدەنىيىتى» دېگەنلەرنى مەدەنىيەت سېۋىتىگە قاچى-
لىغاندى، هازىر مانا ئەمدى «چىرىك مەدەنىيەت» پەيدا بوپتۇ.
مۇشۇنداق كېتىۋەرسە «ئۈچتە هەمراھ بولۇش مەدەنىيىتى» ، «ئەتى-
كەسچىلىك مەدەنىيىتى» ، «زەهەر چېكىش مەدەنىيىتى» ، «ۋابا مە-
دەنىيىتى» ، «تېررورلۇق مەدەنىيىتى» ، «قىمار مەدەنىيىتى» ۋاها-
كازالارمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن.

«چىرىكلىك مەدەنىيىتى» دەيدىغان گەپلەر بارغۇ؟ ئەمەلىيەتتە

بۇ گەپنىڭ ئىلمىيلىقى يوق، ۋەزنى يوق، ئوبيېكتىپچانلىقى يوق، پەقەت بىر مەزگىل ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىياسىي كۈرەشلەرگىلا لازىم بولۇپ قالغان. «چىرىكلىك مەدەنىيىتى» دېگەندە كۆزدە تۇتۇلغىنى سىياسىي تۈس ئالغان، لەنەت قىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئەسلىدىنلا مەدەنىيەت تەركىبىگە كىرمەيدىغان نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. شۇنداق ئۇقۇمنىڭ قاچاندىن باشلاپ پەيدا بولغانلىقى، قاچان ئەۋج ئالغانلىقى، شۇ ئۇقۇمدىن قانداق پايدىلىنىپ «سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش» جارى قىلدۇرۇلغانلىقى تەكشۈرۈپ كۆرۈلسىلا، ئۇنىڭ شۇ دەۋردە ئوينىغان رولىنى بىلىش تەس ئەمەس.

مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تاشلىنىپمۇ قالىدۇ. مەيلى ماددىي بايلىق بولسۇن ياكى مەنىۋى بايلىق بولسۇن، تاشلىنىپ قېلىش مۇقەررەر مەۋجۇت. تاشلىنىپ قالغانلىرى «بايلىق»لىق ئالامىتىنى يوقىتىدۇ، مەدەنىيەت دەپمۇ ئاتالمايدۇ. «كونىسىدىن كەچمىگۈچە يېڭىنى قوبۇل قىلىش تەس» دەيدىغان گەپ بار. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، «چىرىگەنلىرىنى چىقىرىپ تاشلىمىغۇچە، يېڭىسىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ» . پارتىيىنىڭ مەلۇم بىر تەشكىلاتىدىن چىقىرىۋېتىلگەن چىرىك ئۇنسۇر پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالىدۇ. ئۇنى «پارتىيىنىڭ چىرىك ئەزاسى» دېسەك بولامدۇ؟ مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا قوبۇل قىلغان يېڭىلىقلار مەدەنىيەتنى داۋاملىق بېيىتىدۇ، چىقىرىپ تاشلىغان چىرىندىلەر بولسا مەدەنىيەتنى ساپ- پاك قىلىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالامىتىنى ئەسلىگە قايتۇرايلى، مەدەنىيەتكە قوشۇلۇپ قالغان چىرىندىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى، ئىنسانىيەت ياراتقان «ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق» پاكلانسۇن.

---

— جاڭ يۈشېڭ ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2007- يىل 24- ئاپرېل سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.



# نېمىدېگەن كۆپ «مەشھۇر» بۇ

پېقىر قەلەم ئىگىسى كەسپىم مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى ئىجتىمائىي سورۇنلارغا قاتنىشىپ تۇرۇۋاتىمەن. قارىسام، ئىلگىرىكى چاغلاردا كىشىلەر ئاغزىغا ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان «مەشھۇر» دېگەن سۆز ھازىر كەلسە - كەلمەس قوللىنىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر كەسپدىشىم مېنى بىر كەچكى چايغا تەكلىپ قىلدى. يولدا كېتىۋېتىپ: كەسپدىشىم ناھايىتى قايىللىق تەلەپپۇزىدا: «بىز بارىدىغان ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئاخبارات ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەشھۇر مۇھەررىر، رىياسەتچى، شائىرلار، مەشھۇر يازغۇچىلارمۇ بار، ئۇلار بىلەن ئوبدان تونۇشۇۋېلىڭ» دېدى.

كەسپدىشىمنىڭ گەپلىرى مەندەك ھېچقانچە تەجرىبىسى يوق ئادەمنى سۇر باسۇرۇپ قويدى. داستىخان ھازىرلانغان ئايرىمخانىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر ياش مۇخبىر سورۇندىكى مېھمانلارنى سۇلكەت بىلەن تونۇشتۇردى: بۇ كىشى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەشھۇر دىكتورى پالانى، بۇ كىشى شۇ ساھەنىڭ مەشھۇر پىلانلىغۇچىسى پوكۇنى، مانا بۇ كىشىمۇ مەشھۇر ئوبزورچى، مەشھۇر··· كېيىنكى تونۇشتۇرۇشلار قۇلىقىمغا ئانچە كىرمىدى. ئەيتاۋۇر، ھەممىسى مەشھۇر پالانى، پوكۇنى ئىكەن. «مەشھۇر» دېگەن سۆز تونۇشتۇرغۇچىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قاپتۇ. تونۇشتۇرۇلغۇچىلارمۇ بەھۇزۇر ئولتۇردى.

كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ پېتىر ناندىن قىل ئىلغۇغۇسى يوق، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مېھمانلارنى كەمسىتكىسىمۇ يوق. پەقەت

خالىغانچە قوللىنىلغان «مەشھۇر» دېگەن سۆزنىڭ توخۇ پەيلىرىدەك توزۇپ يۈرگەنلىكىگە ھەيرانمەن. چۈنكى، كەمىنە قەلەم ئىگىسى شۇ مېھمانلارنىڭ قانداق ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بارلىقىنى ھەقىقەتەن ئاڭلىمىغانىدىم. بۇ «مەشھۇر» نېمىدىن بولدى؟

ئەمەلىيەتتە، ناھايىتى ۋەزنى بار ھەم ئەيمىنىشلىك «مەشھۇر» دېگەن سۆزنىڭ قىممىتى ھازىر بەكلا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھازىرقى سەنئەتچىلەرگە ئوبدان سەپسالىدىغان بولساق، ئۇلاردا «مەشھۇر» دېگەن سۆزنىڭ كەلسە - كەلمەس قوللىنىلىشى تېخىمۇ كۆپ ئىكەن. ھەر كۈنى تېلېۋىزورنى ئاچسىڭىز، ئوخشاش بىر قېلىپتىكى سەنئەت كېچىلىكىنى كۆرىسىز، شۇ سەنئەتچىلەرنىڭ تولىسى تېخى ئەمدىلا ئېكرانغا، سەھنىگە چىققان يېڭى چولپان؛ ھېچقانچە داڭق چىقارمىغان بولىسىمۇ، بەزىلەر ئۇلارنى «مەشھۇر ناخشا چولپىنى، كىنو چولپىنى» دەپ كۆپتۈرىدىكەن. تاماشىبىنلارغا چىرايىدىن ھېچقانچە تونۇش بولمىغانلارمۇ «مەشھۇر» دەپ سەھنىگە چىقىرىلىدىكەن.

«مەشھۇر»نىڭ قىممىتىنىڭ تولىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە كەلسە - كەلمەس قوللىنىلىشى يالغۇز ئالىيېشىل سەھنە سەنئىتى دائىرىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھادىسە ئەمەس. ئۇنداق ياسالمىلىق، كۆپتۈرمىچىلىك قىلىدىغان قىلىقلار بارا - بارا جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت، ئىلىم - بىلىم، كارخانا دائىرىلىرىگە يامراپ بارماقتا، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر قاتلاملىرىغىمۇ يېيىلماقتا.

كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ خىيالىغا «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» دەيدىغان بىر رىۋايەت كېلىپ قالدى، مەيلى قانداق ئادەم، قانداق شەيئى بولسۇن، ئۇنىڭ پىشىدىغان، ھوسۇل بېرىدىغان مەۋسۇمى يېتىپ كەلمىگۈچە ئۆزى ياكى باشقا ئادەم ئوبيېكتىپ پرىنسىپقا، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىغا خىلاپ ھالدا تاج كىيدۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنالارمۇ؟ ئارزۇ قىلغىنىدەك ئۈنۈم ھاسىل قىلالارمۇ؟



بۇنىڭغا ياق دەپ جاۋاب بېرەلىدىغانلىقى چوقۇم. ئەمەلىيەتتە، «مەشھۇر» دېگەن سۆزنىڭ كۆرسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە، كەلسە - كەلمەس قوللىنىلىشىغا ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولمىغانلىقى سەۋەب بولغانلىقى ھېچ گەپ ئەمەس. ھەرقايسى دائىرىدە، ساھەدە خېلى ئوبدان شان - شەرەپلەرنىڭ، نەتىجىلەرنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالغان «مەشھۇر»لۇق تاجىسى ئەسلىدىلا، ئۆسۈشىدىن ئۈمىد بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ناخشا چولپىنىغا، كىنو چولپىنىغا، ئىلىم - بىلىم سەركىسىگە، كاتتا ئالىم ۋە ئەدىبكە ئايلىنىش ئىمكانىيىتى بولغان ئادەملەرگە ئالدىراپلا كىيدۈرۈپ قويۇلسا، بۇ تاج ئۇلارغا مەنىۋى، روھىي جەھەتتە ئېغىر يۈك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇلار ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ يول ماڭسا كۆزلىگەن نىشانغا قانداقمۇ بارالىسۇن؟

تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى شۇكى، «مەشھۇر» دېگەن بۇ چىرايلىق تاج جەمئىيەتنىڭ بىرەر قاتلىمىدا ئەسلىدىلا ناھايىتى ئوبدان ئۆسۈش ئىمكانىيىتى بولغان ئادەملەرگە خالىغانچە كىيدۈرۈلسە، ئۇلار ئۆزىنى ئاياش، كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، تاجىنى دەستەك قىلىپ، تېرىسىگە پاتماي كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەن شىجائەتلىك باتۇر چاغلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قېلىشى، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىستىقبالىغا ئۇلتۇرۇپ قويۇشى چاغلىق گەپ. پۈتۈن جەمئىيەت شۇنداق سۇلايمان قالپاق ئاستىغا چۈشۈپ قالسا، جەمئىيىتىمىز ئىلگىرىلىيەلەمدۇ؟ دۆلىتىمىزدە ئۈمىد قالامدۇ؟

---

— يۇشى ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2004-يىل 27-ئاۋغۇستتىكى «ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن مۇلاھىزە» سەھىپىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# داد - پەرياد

شەھەردە ئۇزاق ئولتۇرغاچقا، خوتۇنۇم يېزىغا بېرىپ ھاۋا يەپ، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىپ كېلەيلى دەپ بېشىمنى ئاغرىتىۋەردى. شەنبە كۈنى مىشچان خوتۇنۇم بىلەن ئوماق ئوغلۇمنى «تۆمۈر ئات»قا مىنگەشتۈرۈپ، چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە قاراپ يول ئالدىم.

سەھرادا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىكەن. كۆپكۆك ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇت، ياپيېشىل دالا، غۇر - غۇر شامال، ھاۋا تولىمۇ ساپ.

مەززىلىك ھىدلىرى بۇرۇنغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان تۇخۇمەكزارلىققا كىرگەندە بىر تۈپ تۇخۇمەك دەرىخىگە يامىشىپ چىقىپ، چېچەكلەپ تۇرغان بىرنەچچە تال شاخنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ، پۇراپ بېقىڭلار دەپ خوتۇنۇم بىلەن بالامغا تاشلاپ بەردىم. كىم ئويلىسۇن، دەرەختىن چۈشۈۋاتقىنىمدا ئوڭ مەڭزىم بىلەن بوينۇمنى دەرەخنىڭ شوخىسى جىجىلاپ قانىتىۋېتىپتۇ. جىجىلانغان يەرلەردە بىرنەچچە تال قان ئارىلاش ئىز پەيدا بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، روھىي ھالىتىم ناھايىتى ياخشى ئىدى.

ئەتىسى ئىدارىگە ئىشقا باردىم. خىزمەتدىشىم ليۇ شىڭغا تۈنۈگۈن يېزىغا بېرىپ قىلغان تاماشىلىرىمىزنى چالا قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىم. نەدىن بىلەي، ليۇ شىڭ مېنى كۆرۈپلا يۈزۈمگە، بوينۇمغا تىكىلىپ قارىدى ۋە كۆڭلىدە بىر خىل گۇمان پەيدا بولغاندەك قىلدى:



— تۈنۈگۈن يېزىدا تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ چېچەكلىگەن شاخلىرىنى قايرىغاندا، دەرەخنىڭ شوخىلىرى جىجىۋېتىپتۇ، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېگەندىن باشقا گەپ قىلماي، ماڭا غەلىتە كۆز بىلەن قاراپ قويدى ليۇ شىڭ.

ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرىدىغان تۇڭ ۋېي دېگەن چوكان ھەممىمىزدىن ياش، ھەممىدىن چىرايلىق ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئەۋرىشىم بويىنى تولغاپ دەسسەپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا قاراپ خۇشامەت بىلەن كۈلۈپ قويدۇم. تۈنۈگۈنكى تاماشىلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگۈم بار ئىدى، لېكىن مەن گەپنى باشلىغۇچە ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا «ۋوي» دېدى - دە، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن يۈزۈمگە، بوينۇمغا قادىلىپ قاراپ قالدى.

بۇ سەتەڭنىڭ غەلىتە ئەلپازىنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويغۇم كېلىپ تۇرۇۋىدى، يان تەرەپتىكى تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان «ۋات - ۋات، گەپ ئانىسى» چاڭ مىنيىڭ دېگەن ئايال ئىشخانىغا كىرىپ قالدى.

— ۋاي جاڭ ۋېي، — دەپلا تۈۋلىدى ئۇ مېنى كۆرۈپلا جارقىراپ، — يۈزىڭىزنى قايسى چوكان تارتىلىۋالدى؟

ئۇجۇقۇپ كەتتىم ۋە:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم ئېسەنگىرەپ، — تۈنۈگۈن يېزىدا ئېھتىياتسىزلىقىمدىن دەرەخنىڭ شوخىسى جىجىلىۋەتتى.

— ۋاي ئۇكامەي، مېنى ئالدايمەن دېمەڭ. مەن گول بولىدىغان قوزا ئەمەس، ۋاقتى كەلسە ئادەم يەيدىغان بۆرە بولۇپ قالىمەن!

چاڭ مىنيىڭ قەستەن ئۈنلۈك توۋلاپ سۆزلىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، خىجالەتچىلىكتە قېلىپ:

— راست، يېزىدا شوخىغا جىجىلىتىپ قويۇپتىمەن، — دېدىم.

— ھازىر قايسى زامان! ياشلار چوكان ئوينىسا، قورقۇپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بار! ھا - ھا - ھا!...

بىر دەمدىن كېيىن باشقارما باشلىقى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتۇ. كىرىشىمگىلا:

— جاڭ ۋېي، باشقارمىمىزدا يېقىندىن بۇيان ئالدىراتقۇدەك ئىشمۇ يوق. ئائىلەڭدە بىرەر ئىش - كۈشۈڭ چىقىپ قالغان بولسا، ئىدارىگە ئىشقا كېلىپ - كېتىشتە ئۇنچە ئالدىراپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى.

باشقارما باشلىقىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاسقىپ:

— ئائىلەمدە ھېچ ئىش يوق. تۈنۈگۈن ئايالىم بىلەن بىللە يېزىغا بېرىپ سەيلە قىلىپ كەلدىم، — دېدىم.

باشقارما باشلىقى مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ قويدى. باشقا بىرنېمە دېمىدى.

ئىشتىن قايتىشقا ئاز قالغاندا، خەۋەرچى ماڭا: «ئىدارە باشلىقى لىۇ مېڭلۇڭ سىزنى ئىشخانىسىغا كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ» دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم، ھاياجانلاندىم. چۈنكى، ئىدارە باشلىقى ھېچقاچان مەن بىلەن يۈزتۇرانە گەپلىشىپ باقمىغانىدى.

ئىدارە باشلىقى ماڭا ئۆز قولى بىلەن بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ بەرگەندىن كېيىن، ناھايىتى سالاپەت بىلەن سۆزلەپ:

— ئائىلە بولسا جەمئىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئائىلىنىڭ ئىناق بولۇش - بولماسلىقى جەمئىيەتكە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، — دېدى ۋە بىر دەستە گېزىتنى قولىغا ئېلىپ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ سۆزلەپ كەتتى، — ھازىرقى كۈندە ئائىلىۋى ئىناقسىزلىقتىكى ئاساسىي زىددىيەت ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىپ كېتىشىدىن بولۇۋاتىدۇ. بىرمۇنچە ئەرلەر ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ، تالادا باشقىلارغا قانات سۆرەپ يۈرگەنلىكتىن ئائىلىسىدە ئىناقسىزلىق پەيدا بولۇۋېتىپتۇ، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە قېيداپ، مايتارتىپ يۈرۈۋېتىپتۇ، ھەتتا نېرى ئۆت - بېرى كەل دەيدىغان يەرگىچە بارغانلارمۇ بار ئىكەن...

ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئۆزۈمنى ئاقلاپ:



— ئىدارە باشلىقى، ئائىلەمنىڭ ئىناقلىقىدا گەپ يوق. ئىككىمىز توي قىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قىزىرىشىپ باقمىدۇق. تېخى تۈنۈگۈن خوتۇن - بالىلىرىم بىلەن يېزىغا بېرىپ تاماشا قىلىپ كەلدۇق. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، ئىشخانىمىزدىكىلەردىن سوراپ كۆرۈڭ، — دېدىم.

— بۇ گەپ-چە، لىۇ شىڭ بىلەن تۇڭ ۋېي-مۇ بىللە بېرىپتۇ - دە، — ئىدارە باشلىقى ياندۇرۇپ سورىدى.

ئاغزىم ئېچىلىپ، ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

ئىدارە باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ، دولامغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ياش ئادەم دېگەن خاتالىشىشتىن قورقمايدىغان بولۇشى كېرەك. خاتالىشىپ قالغان بولسا تۈزەتسىلا يەنە ياخشى يولداش بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. جاڭ ۋېي، بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلەڭ ئالدىدا جاۋابكار بول، تاشقىرىدا جالاپ ئويناپ، ئۆيدە بىئەپ ئۆتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما، — دېدى.

بېشىم پىرىرىدە قايدى. ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىمنى بىلەلمەي قالدىم.

ئىشتىن چۈشۈپ بىنادىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا، كارىدوردا ئۇچرىغانلا ئادەم ماڭا غەلىتە كۆز بىلەن قاراپ قېلىشتى.

ئۆيگە بېرىپلا ئاچچىقىمنى باسالماي، شىرەگە بىر مۇشت قويۇۋىدىم، مۇشت تەگكەن يەر ئويۇلۇپ كەتتى. خەپ! بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھاۋا يەيمەن دەپ يېزىغا بارماسمەن! كوت - كوت خوتۇنلارنىڭ، بەتگۇمان ئادەملەرنىڭ ئەپتى قۇرۇسۇن!

---

— جاڭ ۋېينىڭ بۇ مۇھاكىمىسى «فېلیەتون» گېزىتىنىڭ 2004-يىل 8-ئۆكتەبىر سانىغا بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# فېلىيەتون ئىشتىياقىم

كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش تولدى، لېكىن لۆمۈلدەپ تۇرغان ئىسسىق ياشلىرىمنى ئېقىتمىدىم، تۇتۇۋالدىم. كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كېلىشكە بىر پېشقەدەم مۇھەررىر، نەسر يازغۇچى خانىمنىڭ ئادەتتىكى بىر گەپنى ئىختىياسىزلا سورىغانلىقى سەۋەب بولدى. ئۇ مەندىن: «خۇاڭ سەن، نېمىشقا فېلىيەتون يازىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟» دەپ سوراپ قالدى. راست، شۇنداق. مەن نېمە ئۈچۈن فېلىيەتون يازىدىغان بولۇپ قالدىم؟ بۇ بىرەيلەننىڭ مۇشۇنداق مەسىلىنى تۇنجى قېتىم ئالدىمغا قويۇشى، شۇنداقلا مېنىڭمۇ تۇنجى قېتىم بۇ مەسىلىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشۈم ئىدى. ھاياتىمدا يېشىمدىن كەچۈرگەن ئىسسىق - سوغۇق ۋە ئاچچىق - چۈچۈكلەرنىڭ ھەممىسى بىردەمدىلا كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالغاندەك، يۈرىكىم سىقىلىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

ھاياتىمدا چەككەن رىيازەتلەرنىڭ ھەممىدىن ئېغىرى فېلىيەتونغا بولغان ئىشتىياقىم بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرىدۇ. فېلىيەتوننىڭ جېنى تەنقىد. مەن تەنقىد قىلىش ئۈچۈن يارالغان بولسام كېرەك. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا تەنتەكلىك قىلىپ، ماتېماتىكا ۋە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرس بېرىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلىۋەتكەنلىكىم، ئوقۇشتىن توختاپ جاڭگالدا بىرنەچچە يىل پادا بېقىشىمغا سەۋەب بولدى. مۇخبىر بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا تەنقىدىي خەۋەر يازغانلىقىم ئۈچۈن، بىر قېتىم سوتقا تارتىلىپ، يېرىم يىل ئاۋارىگەرچىلىككە قالدىم، تۇتقان يارىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. فېلىيەتونچى



(ھەقىقەتەن راست گەپ قىلىدىغان، ساختىپەزلىك قىلمايدىغان فېلىيەتونچى) بولۇشنىڭمۇ ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆزىگە يارىشا دەردى بار. ئادەتتىكى ئادەملەر بىلمەيدىغان جاپاسىنى تىلغا ئالماي قوياي، كېلىدىغان تەنقىدلەر يېتىپ ئاشىدۇ. تاسادىپىي بىر - ئىككى قېتىم كەلگەن تەنقىدنىڭ بېسىمىمۇ پەۋقۇلئاددە چوڭ بولۇپ، بەزىدە كۆتۈرەلمەيمۇ قالىسىز. شۇڭا، جۇڭگودا مىليونلىغان شائىر، ھېكايىچى، نەسرچى ۋە باشقىلاردىن تەركىب تاپقان جامائەت ئىچىدە فېلىيەتونچىلارنىڭ تولىمۇ ئاز بولۇشى (بەزى يەرلەردە بىرىمۇ بولماسلىقى) ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس. ئەدەبىيات مۇكاپاتى، شېئىر مۇكاپاتى، نەسر مۇكاپاتى ۋەھاكازا دەيدىغان مۇكاپاتلار ئاز ئەمەس، ئەمما فېلىيەتون مۇكاپاتىغا ئورۇن تەگمەيۋاتىدۇ. بەزىلەر فېلىيەتوننى بىر بولسا ئاخباراتقا قوشۇۋېتىدۇ، بىر بولسا نەسرگە قوشۇۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە فېلىيەتوننىڭ خاراكتېرى تار مەنىدىكى ئاخباراتقا، نەسرگە قانداقمۇ ئوخشىسۇن!

رېئال ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمىسە مەن نېمە ئۈچۈن ئاران - ئارانلا لىپىلداپ يېنىپ تۇرغان شامغا شۇنچە ئىشتىياق بىلەن ئەقىدە باغلاپ، ئۇنى باشتىن - ئاخىر ئۆچۈرۈپ قويماي كېلىۋاتىمەن؟

ئۇلۇغ ۋەتىنىمگە جېنىم پىدا، خەلقىمگە جېنىم تەسەددۇق. خەلقئالەمگە مېھىر - مۇھەببەتلىك ماقالە بىلەن، مېھىر - مۇھەببەتلىك ئەمەلىيەت بىلەن نەمۇنە قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان زىيالىيمەن. مۇھەببىتىمنىڭ يورۇتۇپ بېرەلەيدىغىنى ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە ئاسانلا چېلىقىپ - كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەتىجىلەرنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئاغزى بېسىقماي ماختاش، مەدھىيىلەش، داۋراڭ سېلىش ئەمەس ياكى مەۋجۇت بولمىغان، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدايدىغان شان - شۆھرەتلەرنى تونىنا - تونىنا يالغان گەپ، قۇرۇق گەپ، كونا گەپلەر بىلەن پرىنسىپسىز، ھەر تەرەپلىمە پۈۋلەپ ئۈچۈرۈش ئەمەس، بەلكى رېئال ئەھۋالنى مەدھىيىلىگەن، يورۇتقان ئاساستا، ھېلىقىدەك بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىز ئاسان چۈشمەيدىغان، ۋەتىنىمىز مەدەنىيىتىنىڭ، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، دېموكراتىيە ۋە

قانۇن - تۈزۈمنىڭ راۋانلىقىغا دەخلى - كاشىلا قىلىدىغان قەبىھ - رەزىل ھادىسىلەرنى ۋە خادىملىرىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىشىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ئايىماي تەنقىد قىلىش، شۇ ھادىسە ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىش، ئاگاھ بېرىش، ئىبرەت كۆرسىتىشتۇر.

1998 - يىلى «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىدا تۇنجى فېلىيەتونۇم ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ، قىسقىغىنا 10 يىل ئىچىدە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»، «فېلىيەتون گېزىتى»، «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى»، «ئۆلگىلىك فېلىيەتون»، «جۇڭگو ياشلار گېزىتى»، «ئىشچىلار گېزىتى»، «گۇاڭجۇ گېزىتى»، «ئازادلىق گېزىتى»، «گۇاڭجۇ كەچلىك گېزىتى»، «بىرلەشمە تۇرمۇش» ھەپتىلىك مەجمۇئەسى، «شەرققە نەزەر» بىرلەشمە ھەپتىلىك مەجمۇئەسى، «دېھقانلار گېزىتى»، «جەنۇبىي دىيار» سەھەر گېزىتى، «يېڭى ئەل» ھەپتىلىك مەجمۇئەسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «خەلق تورى»، «شىنخۇا تورى» قاتارلىق مەملىكەتلىك ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە بىرنەچچە 100 پارچە فېلىيەتونۇم ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن 150نەچچىسىدە خىيانەتچى ئەمەلدارلار، جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرگە تەنقىد بېرىلگەن؛ يەنە150نەچچە پارچە فېلىيەتوندا ئاممىنىڭ دەرد - ئەلەملىرى، بەخت - راھىتى نەزەردە تۇتۇلغان.

لۇشۈن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، دەۋر ئىللەتلىرىنى ئادىل ھەم چوڭقۇر، ئاچچىق - ئاچچىق يۇمۇرلۇق، ئاممىباب، جانلىق فېلىيەتون بىلەن ئېچىپ تاشلاش، نادانلىقلارنى تەنقىد قىلىش، تارىخ ئۈستىدە ئويلىنىش، ھاياتلىقنىڭ سىرلىرىنى يېشىش — بۇ پۈتۈن جۇڭگودىكى فېلىيەتون گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ ۋە فېلىيەتونچىلارنىڭ ئورتاق ئىنتىلىدىغان غايىسى ھەم نىشانى. مەن ھەم شۇنداق، مەنمۇ لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ۋەتىنىمنى، خەلقىمنى سۆيىمەن. لۇيۆ (مىلادىيە 1125 — 1210 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر شائىر، ئەسلىي جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ دىيارىدىن — تەرجىمان ئىزاھاتى) نىڭ «مەرتىۋىدە تۆۋەن بولساممۇ، ئەلنىڭ غېمىنى ئۇنتۇما»



دېگەن ئەقىدىسى مەن ئۈچۈنمۇ پەند - نەسىھەت.

ئەمەلىيەتتە بەزى ئادەملەر تەنقىدلەش خۇسۇسىيىتى بار فېلىيەتونلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئالىيىدۇ، ھومىيىدۇ، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ، بۇنى نادانلار جەمئىيىتىدە «نورمال ھادىسە» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. چىرايلىق گەپنى كىم ياقتۇرمايدىكەن؟ پېقىر كەمتەرانە ئادەمنىڭ لىللا تەنقىدلىرىنى قانچىلىك ئادەم ئىلىك ئالار؟ تەنقىد خاراكتېرلىك فېلىيەتوننى ئېلان قىلماق بەزىدە قىيىن، مەن بۇنىڭغا زارلانمايمەن. مەن ئۆزۈممۇ مۇھەررىر، مۇھەررىرنىڭ دەردىنى چۈشىنىمەن. ماڭا: «گۈلنى كۆپرەك تېرىغىن، تىكەننى ئازراق···» دەپ مەسلىھەت بەرگەنلەرمۇ بولدى، لېكىن مەن فېلىيەتونچى. گۈلنىمۇ تېرىيمەن، تىكەننىمۇ تېرىيمەن، بۇ مېنىڭ ئەقىدەم.

بەزى ۋاقىتتا، يۈرەك قېنىم بىلەن يېزىپ ئەۋەتكەن ماقالەم قايتۇرۇۋېتىلسە، تۈن ئىمتاسلىقىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۈم بىرئاز غەش بولۇپ قالىدۇ، شۇئان «لۇشۈن» فېلىيەتونلىرىنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇيمەن، ئىنچىكىلەپ ئوقۇيمەن. قارىسام، ئۇنىڭمۇ ماقالە ئەۋەتىدىغان (ئېلان قىلىدىغان) يەرنى تاپالمىغان چاغلىرىمۇ بولغانىكەن. شۇنداق چاغلاردا لۇشۈن: «مېنىڭ مېڭەم ئاشۇنداق خازان بولۇپ، قۇرۇقدىلىپ، پۇچەكلىشىپ قالغان» دەپ ئېتىراپ قىپتىكەن (ئەسلىي سۆزنى لۇشۈننىڭ «قانداق يېزىش كېرەك» دېگەن فېلىيەتونىدىن كۆرۈڭ. «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 4 - توم، 19-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىل، مارت نەشرى).

لۇشۈننىڭ قالتىس ئادەملىكى شۇ يەردىكى، ئۇ بەدىئىي ئەدەبىيات مەشغۇلاتىنى ھەرقانداق يامان شارائىتتىمۇ توختاتمىغانىكەن. ئۇ شۇ ئېغىر كۈنلەردىن پايدىلىنىپ، پىلىخانوپنىڭ «سەنئەت توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىپتىكەن، «كونا رىۋايەتلەردىن كۆچۈرمىلەر» ناملىق ئەسەرنىمۇ رەتلەپ، تەھرىرلەپ، نەشر قىلدۇرغانىكەن.

لۇشۈن دېگەن لۇشۈن ئىكەن. لۇشۈن بېشىغا مۇشكۈل كۈنلەر كەلگەندىمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇ تولىمۇ ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 70 نەچچە يىل ئىلگىرى يازغان

فېلىيەتونلىرى ھازىرمۇ ئادەمنى شۇنداق تەسىرلەندۈرىدۇ. باشقا تەرەپلەرنى تىلغا ئالماي تۇرايلى، پەقەت فېلىيەتون جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، لۇشۇندىن ئىلگىرى ئۇنىڭدەك يۈكسەك ئادەم چىقماپتىكەن؛ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەم چىقىدىغىنىغا ئىشەنمەيمەن. يەنە 100 يىلدىن، ھەتتا بىرنەچچە 100 يىلدىن كېيىنمۇ لۇشۇن ئەپەندىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەم چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. فېلىيەتوننىڭ جەلپكارلىقى ئەنە شۇ يەردە. ئۇنىڭدا مەلۇم بىر ئەدەبىيلىك بار.

مېنىڭچە، ھازىرقى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۇلۇغ دەپ تەرىپلەشكە لايىق ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. نېمىشقا؟ ئاز بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟ سەۋەبى بىرلا: بىزدە ئىنسانغا زەۋق - شەۋق بېغىشلىيالايدىغان ئۇلۇغ خىسلەت كەم. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بەدىئىي ئەسەردە ئەدەبىي جەلپكارلىقنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئۇنىڭ ئاپتورىدا جەلپكار خىسلەتنىڭ بار - يوقلۇقىغا باغلىق. بىزدە ھازىر ئۇلۇغ نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغۇدەك خىسلەتلىك مادار يوق.

فېلىيەتونغا چىن يۈرىكىمدىن پەيدا بولغان ئىشتىياق ۋە شۇ ئىشقنى ئەمەلدە جارى قىلىشقا بولغان تەلپۈنۈشتىن باشقا، فېلىيەتون يېزىشىمدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ، پېشقەدەم كەسىپداشلارنىڭ بېرىۋاتقان ئىلھاملىرىدىن كەلمەكتە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ جەمئىيەت تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك بولۇپ كېتىۋاتقان، ئىقتىساد تېخىمۇ راۋاجلىنىۋاتقان، دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقان ناھايىتى ئوبدان «ئاۋات زامان» مۇھىتىدىن كەلمەكتە.

مەن يازغان فېلىيەتون خۇسۇسىيەتلىك بىر پارچە تەنقىدىي خەۋەر 2000 - يىلى جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنخۇا تورىنىڭ مۇھاكىمە قانىلى 2004 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇشتەرىلەرنى شىنخۇا تورى بويىچە مۇشتەرىلەر ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغان، مۇھاكىمە ماقالىلىرى يېزىش بويىچە ئەلاچى ھېسابلىنىدىغان 10 يازغۇچىنى سايلاشقا ئۇيۇشتۇرغاندا، بەختىمگە يارىشا پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇشتەرىلەرنىڭ شەپقىتى بىلەن بۇ قەدىرلىك



شان - شەرەپكە ئېرىشتىم. 2005 - يىلى «خۇاڭ سەن فېلىيەتونلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتاب نەشر قىلىنغانىدى، ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭغىمۇ زوقلاندى. «شىنخۇا تورى»، «خەلق تورى»، «قىزىل تور» دېگەندەك بەزى ئىچكى ئاخبارات ۋاستىلىرى غەربىي شىمال تەۋەسىدىكى تاڭ يۇلتۇزى، كەم تېپىلىدىغان ھەتتا بارماقلاپ سانىغۇدەك فېلىيەتون يازغۇچىلىرى ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە كۆرۈنىدىغان يازغۇچى دەپ قاراپ، بەزى فېلىيەتونلىرىمنى توپلاپ «ئەسەرلەر توپلىمى» قىلىپ رەتلەپ چىقىپ، ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدى. تەلىيىمگە يارىشا، سەنشى قاتارلىق يەرلەردە چىقىدىغان بەزى گېزىتلەر مېنى ماقالە بېرىدىغان كۆزگە كۆرۈنەرلىك يازغۇچىلار قاتارىغا قوشۇۋالدى.

مېنىڭ دېڭ شياۋپىڭ، خۇجىنتاۋ، ۋېن جىاباۋ قاتارلىق يولداشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ يازغان «كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى — خەلققە كۆيۈنۈش»، «دېڭ شياۋپىڭ: ‹چۆلدەرەپ كېتىش› كە قارشى جەڭگە ئاتلانغان مىللىي قەھرىمان» دېگەندەك ئوبزورلىرىم «گۇاڭجۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇھاكىمە سەھىپىلىرىدە، نەزەرىيە بەتلىرىدە تۆردىن ئورۇن ئالدى. بەزى ماقالىلىرىم «رەھبەرلەر قارار چىقىرىشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال» خاراكتېرلىك مۇھاكىمە يولى بىلەن قوبۇل قىلىنىپ، ئالىي رەھبەرلەرنى قارار چىقىرىشتا پايدىلىنىدىغان قىممەتلىك پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىدى.

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى 2005 - يىل 11 - ئايدا خۇاڭ سەن ۋە يەنە باشقا ئىككى يازغۇچىغا ئاتاپ مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. پېشقەدەملىرىمىزنىڭ يىغىندىكى تەرىپ - تەۋسىيىلىرى ماڭا ناھايىتى زور ئىشەنچ بەردى.

بۇلاردىن باشقا، مېنىڭ فېلىيەتون يېزىشىمدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل — مەشھۇر يازغۇچى باجىن ئەپەندى تەشەببۇس قىلغان «راست سۆزلەش» دەيدىغان يازغۇچىلىق ئىدىيىسىنى ئەمەلدە جارى قىلدۇرۇش يولىدا تىرىشىش بولدى. بەزى فېلىيەتونلىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدە كۆچۈرۈپ بېسىلدى، ئايرىم فېلىيەتونلى-

رىمنى يۇزلىگەن گېزىت - ژۇرنال، تور پونكىتى، رادىئو ئىستانسىـ
ـلىرى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى كۆچۈرۈپ باستى، ئاڭلاتتى، كۆر-
سەتتى (بۇ ئەھۋالنى بەزى ئوبزورچىلار جاھاننى قاپلىدى دەپمۇ تەس-
ۋىرلىدى). مۇشتەرىلەرنىڭ بۇ ھەقتە قالدۇرغان گەپلىرىنى قوشۇپ
ھېسابلىساق مىڭ ئېغىزدىن ئاشىدۇ. مۇشتەرىلەردىن بىرى ماڭا
ئىلھام بېرىپ: «خۇاڭ سەن، فېلىيەتونلىرىڭنى ئوقۇپ تۇرۇۋاتىمەن،
سەن ناھايىتى سەمىمىي ئىكەنسەن، جۈرئىتىڭمۇ بار ئىكەن، بىلىـ
ـمىڭمۇ بار ئىكەن»، «يالغان گەپ ئادەمنى بەك ھاردۇرىدۇ، ئۆمرىـ
ـمىزنى يالغان گەپ ئىچىدە ئۆتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك» دېدى. بۇ
گەپتىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ، مۇنداق جاۋاب بەردىم: شۇنداق،
فېلىيەتون يازماق تەس، ئۇنىڭ تەسلىكى بىرلا — «راست» لىقتا.
مەن باجىن ئەپەندىنى تولىمۇ قەدىرلەيمەن، ئۇ تەشەببۇس قىلغان
«راست سۆزلەش كېرەك» دەيدىغان يازغۇچىلىق ئىدىيىسىنى ناھايىتى
ياقتۇرىمەن. «راست» چىل بولۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ غەيرەت
كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.

چۆلدەرەپ تۇرغان، چەت، نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن
كەچۈرگەن بىپايان غەربىي شىمالدا فېلىيەتونغا مەندىن ئارتۇق ئاشىق
ۋە شەيدا بولغان ئادەم بولمىسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ ھاسىلاتىم
كۆپ ئەمەس، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ تەن بېرىمەن. ئەلۋەتتە، قەلەم قۇۋۋىـ
ـتىم ئاجىز بولغاچقا، فېلىيەتونلىرىم بىلەن مەن ئارزۇ قىلغان ئىدىيىـ
ـۋى يۇكسەكلىك ئوتتۇرىسىدا خېلى ئارىلىق بار. فېلىيەتوندا ئۇچقاندەك
ئىلگىرىلەشنىڭ تازا ئوبدان يوللىرىنى ھازىرغىچە تاپالمايۋاتىمەن.
بۇ يولنى غۇربەتچىلىكتە يېزىپ كېتىۋېتىپ داۋاملىق ئىزدەيمەن.

ھالبۇكى، فېليوتون دېگەن نەرسىنىڭ ئوقۇرمەن ئىچىدىكى با-
زىرى ئىتتىك بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۇزاقتىن بۇيان
سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ كەلمەكتە. لۇشۈن ئەپەندى: «جەڭچى
نۇقسانلىق بولسىمۇ ھامان جەڭچى. چىۋىن نۇقسانسىز بولسىمۇ بەرىـ
ـبىر چىۋىن» دەپتىكەن.

فېلىيەتون يېزىشنى تاللىۋېلىشنىڭ ئۆزى مۇشكۇل يولنى تاللىۋې-



لىش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. بۇ يول ناھايىتى
ئۇزۇن، نىشاندىن تولىمۇ يىراق. ئۆمۈر بويى شۇ يولدا مېڭىشنى
تاللىۋالغان ئادەمنى باتۇر ھېسابلىسا بولىدۇ. بۇ يولدا ئوي - دوڭغۇلـ
ـلار، يانتاق - تىكەن ئۇچرىماي قالمايدۇ، ئۇزاققىچە غېرىبلىقمۇ
ھەمراھ بولۇپ قالىدۇ. بىرمۇنچە ئادەم سەۋر - تاقىتىنى يوقىتىپ،
يولنىڭ يېرىمىدا يالتىيىپمۇ قالىدۇ، لېكىن مەن يالتايمايمەن، ھەر-
گىزمۇ...

---

— خۇاڭ سەن ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ
2006 - يىل 25 - ماي sانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## قوشۇمچە:

# لۇشۈننىڭ «سەۋدايى» توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرى

لۇشۈن بەدىئىي ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشتە جۇڭگو بويىچە تۇنجى يازغۇچى. ئۇ ئۈچ «سەۋدايى» ساراڭ ۋە تەلۋىنى يەنى «سەۋدايى خاتىرىسى» سەرلەۋھىلىك ھېكايىسىدىكى سەۋدايى، «ئۆچمەس چىراغ» ھېكايىسىدىكى ساراڭ ۋە «ئاق نۇر» ھېكايىسىدىكى چېن سىچېڭلارنى خۇددى دوختۇر ئۆزىنىڭ تېنىدىن بىر توغرام گۆشنى كېسىۋېلىپ، تەجرىبە ئۈلگىسى قىلغاندەك ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئانالىز قىلغان. مۇشۇ ئۈچ ئۆلمەس بەدىئىي ئوبراز بولغاچقا، لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرىدا سەۋدايىلار ئائىلىسى دەيدىغان بىر ئۇرۇق بارلىققا كەلدى دەپ تەرىپلىگەنىدى. دەرھەقىقەت، لۇشۈن شۇ ئۈچ قىسقا ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ تېببىي ئىلىم - بىلىمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شۇ «سەۋدايىلار ئائىلىسى»نىڭ باشقىچە بىر «سەۋدايىلىقى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلىگەن.

ئۈچ ئاتالمىش «ساراڭ» ئوخشاشلا بىر زامانغا مەنسۇپ زىيالىي. ئۇلارنىڭ نەسىل - نەسەبى، تېگى - تەكتى ۋە تىرىكچىلىك يوللىرى جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرق قىلسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئەلىكتۇر. سەۋدايى ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولغان ئادەم. ئۇ مېنى يەم قىلىپ يېۋېتىدىغان ئوخشايدۇ دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ، تىنماي



قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ۋە «باللارنى قۇتقۇزايلى» دەپ چۇقان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، فېئوداليزم بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالماي، «مەلۇم يەرگە كاندىدات ئەمەلدار بولغىلى كەتكەن»، «ساراڭ» بولسا فېئوداليزم تەسىرىنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆچمەس چىراغنى زادىلا ئۆچۈرۈۋەتمەي قويمايمەن دەيدىغان نىيىتىدىن يانماي، جامائەتنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان، ئاخىر «ئوت يېقىۋېتىمەن» دەپ چۇقان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، زىندانغا چۈشۈپ قالغان. قېرى تالىپ چېن سىچېڭ 24 يىل ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ، 16 قېتىم «شيۇسەي» لىكتىن يەنى «قارىلىق»تىن ئۆتكەن بولسىمۇ، كامالەتكە يەتكەنلەر قاتارىغا ئۆتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئېلىشىپ قېلىپ سۇغا يىقىلىپ ئۆلگەن.

بۇ ئۈچ سەۋدايىنىڭ «سەۋدايى»لىقى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لۇشۈن سەۋدايىنىڭ چېچەنلىكىنى، ساراڭنىڭ نىيىتىدىن يانماسلىقىنى ئالاھىدە تەسۋىرلىگەن، ئۇلارنى ئەجايىب قەھرىمان قىلىپ مەدھىيىلىگەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. چېن سىچېڭنى بولسا، ئۇنىڭ پەسكەش قىتىغۇرلۇقىنى ئالاھىدە تەسۋىرلىگەن، ئاچچىق تەنە بىلەن قاتتىق مەسخىرە قىلغان.

دېمەك، بۇ ئۈچ پېرسوناژنىڭ بىر ئورتاقلىقى شۇكى، ئۇلار سەللىمازا ئادەم، لېكىن مىجەز - خۇلقىدىن ھەقىقىي «ساراڭ».

لۇشۈن شۇ ساراڭنىڭ ئوبرازىنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ ئۈچ ساراڭنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى نېمە؟ بۇ يەردە ئاۋۋال مېنىڭ جېن ئەپەندىنىڭ «ساراڭنىڭ گەپلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە قاراپ باقايلى: «ساراڭلار تەپەككۇردا بىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھېسسىياتتا بىزدىن سەمىمىي، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، ساراڭلارنىڭ جەمئىيەت توغرىسىدا ئۆتكۈر قاراشلىرى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىي ھايات توغرىسىدا ئۆتكۈر تۇيغۇلىرى بار. دېمەك، ئۇلار ھەر ئىشتا كەسكىن بولىدۇ، ئادەت ۋە ئۇدۇملار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بىز روھى ساغلام، لېكىن ئەمەلىيەتتە روھىي جەھەتتە تۇتقۇن ئادەملەر جەمئىيەتنىڭ

زاھىرىنى (تاشقى كۆرۈنۈشىنى) لا چۈشىنىمىز، باتىنىنى (كۆڭلىـ
نى) چۈشەنمەيمىز؛ ھاياتنىڭ ئىزناسىنىلا بىلىمىز، تەمىنى بىلمەيـ
مىز، روھىي جەھەتتىن غەيرىي بولغان، ئەمەلىيەتتە جۇشقۇن ئادەمـ
لەرنى كۆرسەك ئېلىشىپ قاپتۇ دەيمىز... مېڭىسى ئېلىشىپ قالغان
ئادەملەر تولىمۇ چېچەن كېلىدۇ، ئۇلار نەپ - پايدىنى، مىكى - مىكى
دەيدىغان ئارىسالدىلىقنى مېڭىسىدىن چىقىرىۋېتەلەيدۇ. ساراڭلار ئە-
دەبىياتنى تەتقىق قىلىشنى خالاپ قالدىم، چۈنكى ئۇ مېنى بارا -
بارا توغرا يولغا باشلاپ كېتىۋاتىدۇ. دېمەك، لۇشۈن ئەپەندى يېزىش
خۇمارىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ساراڭلارنى يازغان ئەمەس. ئۇ تەسۋىرلىـ
گەن ساراڭلار تېببىي ئىلمىدىكى ساراڭلار بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتا
ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئادەملەردۇر. ئىنقىلابچى سۈن جۇڭشەن ئەپەندىمۇ
«ساراڭ» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇشۈن ئەپەندى: «مېنىڭ
ئەسەرلىرىمنىڭ ماتېرىياللىرى كۆپىنچە كېسەلمەن جەمئىيەتتىكى
دەردمەن ئادەملەر ئىچىدىن ئېلىنغان؛ مۇددىئايىم: «دەرد - ئەلەملەر-
نى ئېچىپ، داۋالاشقا دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىش» دېگەن.

سەۋدايىدا، ساراڭدا ۋە چېن سىچىڭدا جەمئىيەتنىڭ، سىنىپنىڭ
تامغىسى بېسىقلىق ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لۇشۈن ئەپەنـ
دى نېمە ئۈچۈن مىجەز - خۇلقى ئوخشىمايدىغان ئۈچ ساراڭنىڭ
ئوبرازىنى شۇنچە كېلىشتۈرۈپ تەسۋىرلىيەلىدى؟ بۇنىڭ لۇشۈننىڭ
تېبابەتچىلىكتە ئوقۇغانلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك. ھەممىـ
گە ئايان بولغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن — جۇملىدىن دادىسىنىڭ چالا
تېۋىپ قولىدا خاتا داۋالىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن لۇشۈن ياپونىيىگە
ئوقۇشقا بارغاندا تېبابەتچىلىكتە ئوقۇشنى تاللىۋالغان. ئۇنىڭ قارىشىـ
چە، باشقا ئەللەر بىلەن بەردى - كەلدى قىلماي ئۆتكەن ياپونىيە
«مېڭجىڭ يېڭىلىقى» بىلەن قۇدرەت تېپىش يولىغا ئۆتكەن. «مېڭجىڭ
يېڭىلىقى» كۆپىنچە غەرب تېبابىتى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن،
لۇشۈن «ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، دادامغا ئوخـ
شاش خاتا داۋالانغان كېسەللەرنى دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلدۇرىمەن،
ئۇرۇش بولۇپ قالسا ھەربىي دوختۇر بولىمەن، شۇنداق قىلىپ،



خەلقىمىزنى يېڭىلىققا ئىشەندۈرىمەن» دەيدىغان نىيەتنى قورسىقىغا
پۈككەن. شۇڭا، ئۇ 1904 - يىلى شيەنتەي تېببىي تېخنىكومىدا
ئوقۇغان ۋاقتىدا ناھايىتى تىرىشقان. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى «تىڭيە ئە-
پەندى» سەرلەۋھىلىك ئەسلىمىدىن كۆرۈۋېلىڭ. لۇشۈن تېخنىكومدا سۇ-
ڭەك، قان تومۇر، نېرۋا ئىلمى قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇغان، 20
نەچچە جەسەتنى ئانالىز قىلغان، ياخشى نەتىجە يارىتالىغاندىن ئانالىز
ئىلمىدىن دەرس بېرىدىغان تىيە ئەپەندىگە ياراپ قالغان. كېيىن ئۇ
كىنو فىلىمى سەۋەبى بىلەن: «... بىز ئۈچۈن بىرىنچى ئورۇندا
زۆرۈر بولغىنى ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئىكەن...»
لىكىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تېبابەتچىلىكتە ئوقۇشنى توختىـ
تىپ، ئۆز نەزىرىدە بىرىنچى ئورۇندا زۆرۈر بولغان «ئەدەبىي ھاياتىـ
نى باشلىغان. بۇ ھېكايە نۇرغۇن ئادەمگە تونۇش بولسا كېرەك.
لېكىن، شۇ تېببىي ھاياتنىڭ لۇشۈننىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئەدەبىي
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولغان تەسىرىنى مەخسۇس تەتقىق
قىلغان ئادەم ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە تېبابەت بىلەن
ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئالاھىدە مۇناسىۋەت بار. بۇلارنىڭ تەتـ
قىق قىلىدىغىنى ئوخشاشلا ئادەم زاتى، بولۇپمۇ روھىي ھالىتى بۆ-
لەكچە بولغان ئادەملەر ئەدەبىياتقىمۇ، تېبابەتكىمۇ ئورتاق كۆڭۈل
بۆلىدىغان قىلىنىشى، ئىنسان زاتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۆلەكچە ئىش-
ئەمەللىرى توغرىسىدىكى ئاھۇپىغانلىرىنى، ئۆكۈنۈشلىرىنى، پۇشاي-
مانلىرىنى، نىجاتلىق يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشى
كېرەك. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئىنسان پائالىيىتىنىلا
خاتىرىلەش ئەمەس، ھازىرقى تېبابەتتە روھىي كېسەللىكلەرنى ئىر-
سىيەت، روھىي ھالەت، فىزىئولوگىيە قاتارلىق تەرەپلەردىن تەتقىق
قىلغاندا، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ رولى مۇھىتنىڭ يامانلىقىنى كۆرسىـ
تىپ بېرىش بولىدۇ، جەمئىيەتنى روھىي جەھەتتىكى غەلىتىلىكلەرنى
پەيدا قىلىدىغان باش جىنايەتچى دەپ ئەيىبلەشكە بولىدۇ. دېمەك،
تېبابەت بىلەن ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە بار، لۇشۈن مانا بۇ
ئىككىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ «ساراڭ»

نىڭ ئۆلمەس ئوبرازىنى يارىتالىغانلىقىمۇ ئەجەبلەنگۈدەك ئەھۋال ئە-
مەس. تىبابەتنىڭ ئەدەبىياتتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى روسىيىلىك
تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچى چىخوپنىڭ ئىجادىيەتچىلىكى بىلەنمۇ
دەلىللەش مۇمكىن. لۇشۈننىڭ ئىجادىيەتچىلىك خىسلەتلىرى چىخوپقا
تولىمۇ يېقىن. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ ئىككى يازغۇچى ناھايىتى
ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ ھەر ئىككىسى مول تىببىي بىلىمگە ئىگە.
دوختۇر چىخوپ قەلەمنى ئوپېراتسىيە تىغى قىلىپ ئىشلىتىپ، چاكىنا، مەنىسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان، چىرىك، زۇلمەتلىك رو-
سىيىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئوپېراتسىيە قىلغان؛ لۇشۈن بولسا ن-
شاننى جۇڭگوغا ئۆزگەرتكەن. دەسلەپتىلا دوختۇرلۇق قىلغان، كې-
يىن كەسپىي يازغۇچى بولغان بولسىمۇ، تىبابەتچىلىكنى زادىلا تاش-
لاپ قويمىغان. ئۇ ئەسەر قەھرىمانىنىڭ روھىي ھالىتىنى مۇۋەپپەقى-
يەتلىك تەسۋىرلەشتە تىبابەتچىلىك كەسپىدىن نەپ ئالغانلىقىنى ئېتى-
راپ قىلغان. ئۇ: «تىبابەتچىلىك مېنىڭ خوتۇنۇم، ئەدەبىيات بولسا
مېنىڭ ئاشنام» دەپتىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى، روسىيىنىڭ
مەشھۇر نېرۋا كېسەللىكلىرى ئالىمى گ. ى. روسلىمغا يازغان بىر
خېتىدە: «تىببىي ئىلىم جەھەتتىكى تەتقىقاتلىرىمنىڭ ئەدەبىي پائالى-
يەتلىرىمگە ناھايىتى زور پايدا يەتكۈزگەنلىكىگە شەك كەلتۈرمەيمەن،
ئۇ مېنىڭ نەزەر دائىرەمنى ناھايىتى كېڭەيتتى، بىلىممنى بېيىتتى،
شۇ بىلىملەرنىڭ مەندەك بىر يازغۇچى ئالدىدىكى ھەقىقىي قىممىتىنى
پەقەت دوختۇر بولغان مەندەك ئادەملەرنىڭ ئۆزىلا چۈشىنىدۇ، تىببىي
ئىلىمنى تەتقىق قىلىشنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش ئەھمىيىتىمۇ بار
ئىكەن، تىبابەتنى پىششىق بىلگەنلىكىم ئۈچۈن بىرمۇنچە خاتالىقلار-
دىن ساقلىنىپ قالغان بولسام كېرەك…» دېگەن. تىببىي ئىلىم
چىخوپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلىكىنىڭ جانلىق تەركىبىي قىسمىغا
ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ «چاكىنا ئادەملەر» نىڭ روھىي ھالىتى توغ-
رىسىدىكى تەسۋىرلىرىگە دوختۇر چىخوپنىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسى-
لىپ كەتكەن. بالا ۋاقتىدىن تارتىپ تىبابەتكە ئالاھىدە ھېرىس بولۇپ
ۋەتەننى تىبابەت بىلەن نىجات تاپتۇرۇشقا بەل باغلىغان، كېيىن ياپو-



نىيىدە تىبابەتنى ئوقۇغان لۇشۈنمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ جاڭ دىڭخۇاڭ
ئەپەندى «لۇشۈن ئەپەندىم» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە لۇشۈن ھېكايى-
لىرىدا ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنى مۇنداق كۆر-
سىتىپ بەرگەن: «بىزگە مەلۇم، ئۇنىڭدا ئۈچ خۇسۇسىيەت بار: يەنى
ئۇنىڭدا ئوپېراتسىيە جەھەتتە تەجرىبىسى مول تىببىي خۇسۇسىيەت
بار، ئۇنىڭ بىرىنچىسى سوغۇق قانلىق، ئىككىنچىسىمۇ سوغۇق قان-
لىق، ئۈچىنچىسىمۇ شۇ سوغۇق قانلىق.» بۇ خۇلاسە تولۇق بولمى-
سىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن لۇشۈننىڭ ئىجادىيەتچىلىكتە تىبابەتنىڭ تە-
سىرىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاۋۋال «سەۋدايى خاتىرى-
سى» دىكى سەۋدايىنىڭ ئوبرازىغا قاراپ باقايلى. سەۋدايى بولۇپ قال-
غان ئادەم روھىي (مەنىۋى) كېسەللىكنىڭ بىر تۈرى بولغان تەقىب
كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان. بۇنداق كېسەللىكنىڭ ئالامىتى توغ-
رىسىدا روسىيىلىك مەنىۋى كېسەللىك مۇتەخەسسىسى پاۋلۇپ مۇنداق
دېگەنىكەن: «… چوڭ مېڭىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىدە غەيرىي نورمال
ھادىسىلەر پەيدا بولىدۇ، خام خىياللار كۆپىيىدۇ، مۇستەقىل نېرۋا
سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ، سۇيۇلۇپ كېتىدۇ، كەيپى-
ياتتا خاپىغان بولۇپ قالىدۇ، بەزى ئىشلاردا تېرىككەك، گۇمانخور
بولۇپ قالىدۇ، گېپىنىڭ تۇتۇرۇقى بولمايدۇ، شۇڭا قىلغان سۆزىنى
باشقىلارنىڭ چۈشەنمىكى تەس…» سەۋدايى بولغان ئادەمدە باشقىلار
مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ، يېتىمسىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ، ئۇستۇمدىن
نازارەت قىلىۋاتىدۇ، پېيىمگە چۈشۈپتۇ، بوھتان ھەم زىيانكەشلىك
قىلىۋاتىدۇ دەيدىغان تەقىب ئېڭى بولىدۇ، گاھىدا يېمەكلىككە زەھەر
سېلىپ قويغاندەك تۇرىدۇ، سالامەتلىكىم ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ
دەپ ئويلايدۇ. كېسەلمەن ئادەتتە مېڭىسى ساز، ئەقلى جايىدا بولۇپ،
باشقىلاردا بۆلەكچە، غەيرىي ۋە ئىچى كۇچلۇك ئادەم ئىكەن دەيدىغان
ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ. دائىم كۆزىگە غايىبتىن بىرنەرسە كۆرۈن-
گەندەك، قۇلىقىغا غايىبتىن گەپ ئاڭلانغاندەك بولىدۇ، بەزىلەر غەي-
ۋەتنى قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.
كېسەلمەننىڭ بىلىش سېزىمى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، مۇناسى-

ۋەتسىز بىر ئىشلار ئۇنىڭغا مۇھىم، ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ سېزىلىدۇ، ئادەتتە بولسا يامانلىق كەلتۈرىدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ... ئەنە شۇ ئالامەتلەر سەۋدايىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن خېلىلا روشەن بىلىنىپ قالىدۇ. تېرىككەكلىك، چۆچۈپ يۈرۈش، گۇمانخورلۇق، بىراۋلار قەست بىلەن پېيىمگە چۈشۈپ يۈرۈپتۇ دەپ گۇمانسىراش، مۇشۇنداق گۇمانلار بارا - بارا ئەۋج ئېلىپ، تۈرلۈك خىياللار پەيدا بولۇش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ، ئەتراپىدا پەيدا بولغان ھادىسىلەرگە بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، لۇشۈن سەۋدايىنىڭ سەۋدايىلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خاس شەرت - شارائىتىدىن، مول تېببىي بىلىمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، راسا ئوبدان تەسۋىرلىگەن. ئۇ ساراڭ ئادەمنىڭ رېئال دۇنيا توغرىسىدىكى ئوي - خىياللىرىنى روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ گەپ - سۆزىدىكى ئالامەتلەردىن، گەپ - سۆزلىرىدىكى تاققا - تۇققۇلۇق، چاتاق مەنىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن ۋە تەلۋە تەپەككۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، رېئاللىق ۋە تارىخ ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتكە ماھىرلىق بىلەن ئايلاندۇرغان. ئەنە شۇنىڭدا تېبابەتتىكى ئىلىم - بىلىم بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىپىسى ناھايىتى ئەپچىل بىرلىشىپ كەتكەن. شۇ شۇشاڭ ئەپەندى لۇشۈن ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ «سەۋدايى خاتىرىسى»نى تېببىي بىلىمدىن پايدىلىنىپ يېزىپ، ئاخىر ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان، «روھىي ئازاب - ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولغان كېسەلمەندىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئەنئەنىنىڭ ۋە خۇراپىي ئەقىدىلەرنىڭ زىيانكەشلىكلىرىگە شىددەتلىك پەشۋا بەرگەن» دېگەن. بۇ يەردە «سەۋدايى خاتىرىسى» دىكى تۈپ ئىدىيىنى قويۇپ تۇرۇپ، سەۋدايىنىڭ ئوبرازىنى تېببىي نۇقتىدىنلا تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى. ئاپتور ھېكايىنىڭ بېشىدىلا بۇ خاتىرىنى «دوختۇرلارنىڭ تەتقىقاتىغا سۇنۇش» مەقسىتى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقتىم دەپ ئىزھار قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئادەملەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان دوختۇرلار ئەمەس، بەلكى ئادەمزاتنىڭ روھىي دۇنياسىنى قىدىرىدىغان تەتقىقاتچىلاردۇر. مانا بۇ



مەزمۇن لۇشۈننىڭ تېببىي بىلىملىرىنى ئەدەبىي ھەۋىسى بىلەن دەل جايىدا بىرلەشتۈرگەن (278- بەتكە قاراڭ).

*«بۈگۈن ئاخشام ئاپئاق ئايدىڭ كېچە بولدى. مېنىڭ بۇنداق ئايدىڭ كېچىنى كۆرمىگىنىمگە 30 نەچچە يىل بولغانىدى. بۈگۈن كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. ئۆتكەن 30 نەچچە يىلنىڭ ھەممىسى زۇلمەتتە ئۆتكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلىشىم كېرەك ئىدىكەن. ئۇنداق بولمىسا، جاۋ خوجامنىڭ ئىتى نېمىشقا ماڭا قاراپ ئالىيىدۇ؟*

*مېنىڭ قورقۇشۇم ئاساسسىز ئەمەس.»*

بىرىنچى جۈملىدىن سەۋدايىنىڭ سەۋدايىلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىككىنچى جۈملە ئادەتتىكى ساق ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردىكى «ئۇ» دېگەن سۆز ئادەمگە قارىتىلغانمۇ ياكى نەرسىگىمۇ؟ گەپنىڭ ئورانىغا قارىغاندا، «ئايدىڭ كېچە»گە قارىتىلغان. ساق ئادەم 30 نەچچە يىلغىچە ئايدىڭ كېچىنى كۆرمەيمۇ قالارمۇ؟ دېمەك، ئۇ ھەرگىز ساق ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقمايدىغان سۆز. شۇ ئايىغىدىكى گەپلەردە زۆرۈر مەنتىق باغلىنىش يوق، بەكمۇ تاققا - تۇققا جۈملىلەر بىرىدىن - بىرى چۈشىنىكسىز. «ئۇنداق بولمىسا جاۋنىڭ ئىتى نېمىشقا ماڭا قاراپ ئالىيىدۇ؟» دېگەن سۆز تەقىب ۋەسۋەسىگە قالغان ئادەمنىڭ گۇمانخورلۇقىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى. سەۋدايى ئەسەرنىڭ ئىككىنچى پاراگرافىدىن باشلاپ جامائەت ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى، باشقىلار بىلەن بولغان باردى - كەلدى ئالاقىسى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان. ئۇ كوچىدا كېتىۋاتقىنىدا كوچىدىكى ھەممە ئادەم كۇسۇلدىشىپ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قەست قىلىش كويىدا يۈرگەندەك تۇيۇلىدۇ. بىراۋ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويسا، ئۇ: «ئۇلار ئىشنى توغرىلاپ بوپتۇ، بىلىپ بولدۇم» دەپ، تېنى جۇغۇلداپ كېتىدۇ.

چىن لاۋۋۇ ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، كىتابخانىغا سولاپ قويغان-
دا، بىر ياش يىگىت بىلەن گەپ تالاشقانلىقىدىنمۇ سەۋدايىنىڭ سەۋدا-
يىلىقى — گىجىڭلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. دوختۇر كېسەلنى تەكشۈ-
رۈپ كۆرۈۋاتسا، ئۇنىڭ ئاۋۋال خىيالىغا كەچكىنى ئادەم ئوبدان
سەمرىسە ئۇنىڭ گۆشى يېيىشلىك بولىدۇ دېگەن گەپ. ئاغزىدىن
مېھىر - شەپقەت، ئىنساپ - دىيانەت چۈشمەيدىغان ئادەملەرنى كۆر-
گەندە ئۇ: «ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرىدىن ئادەم يېغىنىڭ يۇقۇندىلىرى
كەتمەيدىكەن، قورسىقىدىمۇ ئادەم يەيدىغان خىيال تولۇپ تېشىپ
تۇرىدىكەن» دەيدىغان خىيال پەيدا بولىدۇ. قىسقىسى، سەۋدايىنىڭ
سەۋدايىلىقى تۇتتۇۋېرىپ شۇ دەرىجىگە بارىدۇكى، ئاخىرىدا سىڭلىم-
نىڭ ئۆلۈمى ئاكام بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن-
مۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، مەنمۇ خىيالىمغا كەچمىگەن ھالەتتە ئادەم
يەپ ساپتىمەن دەپ ئويلايدۇ! لۇشۈن تەقىب دەردىدە كېسەل بولغان
بىر ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەنە شۇنداق ئېگىز - پەس گەپلەر،
گىجماچاڭ خىياللار ئارقىلىق دەل جايىدا ئېچىپ بەرگەن.

ئەمدى «ئۆچمەس چىراغ» دىكى «ساراڭ» نىڭ ساراڭلىقىغا قاراپ
باقايلى، لۇشۈن ئۇنى قانداق يورۇتۇپ بەردى؟

«ئۆچمەس چىراغ» لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرىدا خېلى مۇھىم ئورۇن
تۇتىدۇ، ئۇنى «سەۋدايى خاتىرىسى» نىڭ ئۇسلۇبىغا تولىمۇ يېقىن
ھەمشىرە ئەسەر دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرى
«سەۋدايى ۋە ساراڭ» مۇ فېئودالىزم ۋە خۇراپىي ئەقىدىلەرنىڭ زۇل-
مىدا دەرد تارتقان ئاسىيلاردۇر. بۇلارنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، سەۋدا-
يى تەقىب ۋەسۋەسىگە قالغان؛ ساراڭ بولسا ئەسەبىي روھىي كېسەل-
گە گىرىپتار بولغان، بۇنىڭ دەردى سەۋدايىنىڭكىدىنمۇ يامان، ئۇ
كۇرەشتە سەۋدايىدىنمۇ قەتئىي. ھېكايە ئەسەرنىڭ قەھرىمانى بولغان
«ساراڭ» نىڭ ئۆچمەس چىراغنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى بىلەن يورۇ-
تۇلغان. ئەسەردە «ساراڭ» نىڭ تۇرمۇش مۇھىتى «جىگۇاڭ كەنتى»
نى تەسۋىرلەشكە ناھايىتى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن، ئۇ يەردە فېئودا-
لىزم تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى خېلى جىق بايان قىلىنغان



ئۇنىڭ بىلەن بىللە «ساراڭ» نىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىتىنىڭ پۈتلىكاشاڭ-
لىرىنى، توسقۇنلىرىنى كۆڭلىدە بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇلارغا پەرۋا قىل-
ماي، ئۆچمەس چىراغنى ئۆچۈرمەي قويمايمەن دەيدىغان قەتئىي ئىرا-
دىسى بايان قىلىنغان. بىزگە مەلۇم، ئەسەبىيلىك ئەتراپتا پەيدا بول-
غان توقۇنۇشلار ئاساسىدا ئەۋج ئالىدۇ. كېسەلمەن ئۆزىنىڭ ئىززەت-
ئابرۇيىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىغان ھەم چېچەن ئادەم بولغاچقا، بىرەر
كېلىشمەسلىك كەلسە ئۇنى تەتۈرسىگە چۈشىنىپ قالىدۇ - دە، ئۇ-
نىڭدا بارا - بارا بىھۇدە كۆزقاراشلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇنداق
بىھۇدە خىياللارنىڭ تەسىرىدە ئەتراپتىكىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قال-
دۇ، مۇشۇنداق توقۇنۇشلار ئەكسىچە يەنە شۇ بىھۇدە خىياللارنى
كۈچەيتىپ قويىدۇ. بۇ كېسەلمەن ئۆزىنىڭ ئىش - ئەمەلىدە بىھۇدە
خىياللارغا مەھكۇم بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېرىككەك، ئاچچى-
قى يامان، ئىززەت - نەپسى كۈچلۈك بولۇپ قالىدۇ. «ساراڭ» دەل
ئەنە شۇ ئەسەبىيدۇر. ئۇ كەنتتىكى فېئودالىزم تەسىرىنىڭ سىمۋولى
بولغان ئۆچمەس چىراغنى ئۆچۈرىمەن دەپ جەھلىنى قاتۇرىدۇ، كەنت-
تىكى مۇتەئەسسىپلەرگە ئۈمىد باغلىمايدۇ، «سىلەرگە ھاجىتىم
چۈشمەيدۇ»، «ئۆزۈم بېرىپ ئۆچۈرىمەن، ھازىرلا بارىمەن، ئۆچۈرى-
مەن» دەيدۇ. ئاقساقال - بايلار توسقۇنلۇق قىلغاندا ئۇنىڭدا ھەتتا
«ئوت قويۇۋېتىمەن» دەيدىغان بىھۇدە خىياللار پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئىككى كۆزىدىن «غەزەپ، ۋەھىمە» ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ، «لې-
كىن باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمىغاندەك، كۆزلىرىنى ئەسەبىيلىك
بىلەن پارقىرىتىپ، خۇددى تۇتتۇرۇق ئىزدەۋاتقاندەك ئاسمانغا، ئادەم-
لەرنىڭ ۋۇجۇدىغا، يەرگە تېز - تېز كۆز يۈگۈرتىدۇ». قامىلىپ
قالغاندىن كېيىن، بىر قولى بىلەن ئايۋان روجىكىگە چاپلاقلىق سامان
قەغەزنى يىرتىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارايدۇ ۋە «مەن ئوت
قويۇۋېتىمەن» دەپ ۋارقىرايدۇ. «ساراڭ» نىڭ ئۆچمەس چىراغنى
ئۆچۈرۈۋېتىمەن، ئوت قويۇۋېتىمەن دەيدىغان بىھۇدە خىيالى زالىملار-
غا قارشى توقۇنۇشلاردا كۈچىيىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كې-
سىلىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. بۇ ھېكايىدا لۇشۈنگە تېببىي بىلىمى ناھايىتى

ئەسقاتىدۇ.

ئاخىرىدا، لۇشۇن «ئاق نۇر» سەرلەۋھىلىك ھېكايىسىدىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ھېكايىدىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر ساراڭنى — چېن سىچېڭنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. پەرق شۇكى، چېن سىچېڭ ھېكايىنىڭ بېشىدا ساراڭ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بار.

«ئاق نۇر» بۆلەكچە ئۆزگىرىپ كەتكەن روھىي ھالەتنى، خىيالنى تەسۋىرلەيدىغان نادىر ئەسەر. ئۇنىڭدا بىر ئادەمنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك مەنسەپ ئىمتىھانىدىن بىرقانچە قېتىمدىمۇ ئۆتەلمەي، ساراڭ بولۇپ قالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. غەرب بەدىئىي ئەدەبىيات پسىخولوگىيىسىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى — شۋېتسارىيە پسىخولوگى رونگ: «ئادەمزاتنىڭ روھىي ھالىتى بارلىق پەن ۋە سەنئەتنىڭ بالىياتقۇسىدۇر» دەپتىكەن («پسىخولوگىيە ۋە ئەدەبىيات» قا قاراڭ). شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن بەدىئىي ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى روھىي ھالەتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرسەك، يەنە بىر تەرەپتىن بەدىئىي ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنىڭ ھەر خىل ئامىللىرىنى مۇشۇنىڭ بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن. شۇ يول بويىچە تېبابەتنىڭ لۇشۇننىڭ ھېكايە يېزىشىغا بەرگەن تەسىرىنى چېن سىچېڭنىڭ بۆلەكچە ئۆزگىرىپ كەتكەن روھىي ھالىتى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن.

ھەممىگە مەلۇم، لۇشۇن سىگمۇند فىروئىد تەلىماتىنى تەتقىق قىلغان. فىروئىد بولسا روھىي كېسەللىك ئالىمى. شۇڭا، مۇلاھىزىمىز يەنە تېبابەتكە، بۇ توپ مەسىلىگە چېتىلىدۇ. فىروئىد ئۇزاق داۋام قىلغان تېببىي ئەمەلىيىتىدە ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى بىرىگە قارىمۇقارشى ئاڭ ۋە خىيال دېگەن ئىككى قىسىمغا ئايرىغان. خىيال سەزگۈسىز روھىي ھالەت مۇساپىسى ياكى جەريانى بولۇپ، ئادەمنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە سىقىلىپ، چەتكە قېقىلىپ تۇرغان كەيپىيات تەجرىبە پائالىيەتلىرىنىڭ جەريانىدۇر، بۇ جەريان تەبىئىي ئارزۇ - ئۈمىد، خىيالىي ھەرىكەت، غۇۋا چۈش ۋەھاكازالارنى ئۆز



ئىچىگە ئالىدۇ. چېن سىچېڭ خىيالىدا تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن يۇقىرى مەنسەپكە چىقىش يولىدا تىرىكىشىدۇ، يۇقىرى مەنسەپكە چىقىپ كۆرگەن چۈشلىرى بۇزۇلۇپ كەتسە پۇل تېپىپ باي بولۇشنى چۈشەيدۇ ھەتتا شۇنداق خىياللار بىلەن ئېلىشىپ قالىدۇ؛ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىسىملىكىنى كۆرۈپ بولۇپ ئۆيىگە قايتىدۇ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاتا - بوۋىسىنىڭ دۇنيادەپىنىلىرى كۆمۈلگەن يەرلەرنى قازىدۇ، تاپالمىغاندىن كېيىن باش تولغاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ۋەنلىيۇ كۆلىدە غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى روھىي ھالىتىنىڭ بۆلەكچە ئۆزگىرىپ كېتىشى، خاتا ھېس - تۇيغۇ پەيدا بولۇشى، شۇنداق ھېس - تۇيغۇلاردىن كېلىپ چىققان ئاڭ ۋە خىياللار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. چېن سىچېڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىسىملىكتىن ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى پارقىراپ كېتىدۇ، «شۇ چاغدا ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆزىگە تامدا ئىسىملىك - پىسىملىك دېگەن نەرسە كۆرۈنمەي، پەقەت قارا - قۇرا بىرنېمىلەر ئىمىر-چىمىر كۆرۈنىدۇ.» بۇ تۇيغۇ مەنسەپ ئىمتىھانى بىلەن قاتتىق زەھەرلەنگەن بىر تالىپنىڭ ئىسىملىكتە قاتاردىن ئورۇن ئالالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، تىرىك ياشاپ تۇرغان، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي گاراڭ بولۇپ قالغان تالىپنىڭ پاجىئەلىك ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئاندىن قالسا چېن سىچېڭنىڭ مەنسەپكە چىقىش خىيالى يەنە بىر قېتىم بەربات بولىدۇ، «ئۇنىڭ بوداپ يۈرگەن بوداقلىرى گويا قەنتتىن قوپۇرۇلغان مۇنار سۇدا ئېرىپ تۈگىگەندەك بىردەمدە يوقىلىپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، ھوشىـنـى يوقاتقان ھالدا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى». ئىمتىھاندىن يەنە بىر قېتىم ئۆتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھال- كۈنۈمنى قايتىدىن ئوڭلىۋالىمەن دەيدىغان خىياللىرى بەربات بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن روھىي ھالىتى گاراڭلىشىپ، ئەتراپىدىكى ئىشلار، نەرسىلەر بۆلەكچە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. چېن سىچېڭ خاراپ بولۇپ كەتكەن بىر ھويلىدا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ تۇرۇپ، بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا

خىيال بىلەن ھېسابلاپ سانايدۇ: ئون بىرىنچى قېتىم، ئون ئۈچىنچى قېتىم، مانا بۇ يىلقىسى ئون ئالتىنچى قېتىم… ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدارلار ئىچىدە ماقالىنى چۈشىنىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن… چېن سىچېڭ ئىختىيارسىزلا ھى - ھى… لاپ كۈلۈپ قويىدۇ… يەتتە تالىپ بالىنىڭ تاشلىنىپ تۇرغان ئۆرۈمە چېچى پۇلاڭلاپ كېتىدۇ؛ ئادەتتە چېلىقىپ تۇرغان توخۇلارمۇ ئۇنىڭغا كۈلگەندەك قىلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلايدۇ»؛ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى باشقىچە چاقنايدۇ، ئاسماندىكى ئايمۇ، لەيلەپ تۇرغان بۇلۇتلارمۇ باشقىچە كۆرۈنىدۇ. ھېكايىدا بۆلەكچە ئۆزگىرىپ كەتكەن روھىي ھالەت بىلەن شۇنداق ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولغان مۇھىت، شەيئىلەرنىڭ تەسۋىرلىرى تولىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەمەخورلۇق بىلەن ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن ئەبگار ساراڭ جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

چېن سىچېڭنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان دۇنيادەپىنە كۆمىكىنى قازغانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر ئۇنىڭ تەييار دۇنياغا ئېرىشىش جەھەتتىكى تەلۋىلىكلىرى، بۆلەكچە ئۆزگەرگەن ئەقىل - ھوشىنى دەرد - ئەلەم ۋە ئەخمەقلىق پەللىسىگە چىقىرىۋەتكەن. «سولغا بۇرۇل، بىر قەدەم ئالغا، بىر قەدەم ئارقىغا ماڭ؛ ئالتۇن - كۈمۈش، چارەكلەپ بار مانا شۇ جايدا» بۇ غايىب ئاۋاز چېن سىچېڭدا خۇددى ئاق نۇر ئۇنىڭ ئۆيىدە بەئەينى ئاق قەغەز يەلپۈگۈچكە ئوخشاش يەلپۈنگەندەك سېزىلىدۇ. بۇ سېزىم ئۇنى خۇددى شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ مېتىننى قولىغا ئېلىپ، جەھلى بىلەن قېزىشقا كىرىشتۈرىدۇ، ئاخىر چىرىپ كەتكەن بىر باش سۆڭىكىنى تاپىدۇ… كېيىن يەنە «بۇ يەردە ئەمەس، تاغقا بار…» دېگەن غايىب ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى چوڭ ئۈمىد باغلاپ ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا تاشقىرىغا قاراپ چاپىدۇ.

غايىبتىن ئاڭلىغان، كۆرگەن چاغدىكى ئەنە شۇ روھىي ھالەتلەرنىڭ، ھەرىكەتلەرنىڭ تەسۋىرلىرى چېن سىچېڭنىڭ «مەنسەپ»، «پۇل - مال» بىلەن ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن روھىي دۇنياسىنى،



بۇ پېرسوناژنىڭ مەيۈسلىكتىن ئەسەبىيلىككە ئۆتۈش جەريانىنى راسا كېلىشتۈرۈپ يورۇتۇپ بەرگەن.

بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا چېن سىچېڭنىڭ مېڭىسى ئېلىشىپ بولۇپ، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش ئىقتىدارىنى تامام يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ خۇدىنى بىلمەي قىلغان ئاڭسىز ھەرىكەتلىرى ساراڭ بولۇپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى بىتابلىقىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئەسەر قەھرىمانىنىڭ بۆلەكچە ئۆزگەرگەن شۇنداق روھىي ھالەتلىرىنى مەلۇم تېببىي بىلىمسىز تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىدىكى ئۈچ ساراڭنىڭ ئوبرازى توغرىسىدىكى تەھلىلدىن مەلۇم بولىدۇكى، لۇشۈن ئۆزىنىڭ تېببىي بىلىملىرىنى بەدىئىي ئىجادىيەتتە تولۇق ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. لۇشۈندىن باشقا كاتتا ئەدىب گومورومۇ دوختۇرلۇقنى تاشلاپ قويۇپ ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن؛ ئۇلاردىن باشقا، يۇدافۇمۇ تېببىي مەكتەپتە ئوقۇغان؛ مەشھۇر يازغۇچى شەبىنشىڭ خانىم «ئاپىسى ئاغرىقچان بولغانلىقى ئۈچۈن تېبابەتنى ئوقۇش كويىدا بولغان»، «شېخې ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئاتىلىدىغان قىزلار ھەمدەم ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن چېغىدىمۇ تېبابەت ئوقۇشقا تىزىملاتقان؛ گېرمانىيىلىك مەشھۇر ئەدىب خرىستوف فرېدرىخ ۋون شىللېر ئۆز ۋاقتىدا ۋايتېبېرگ جانابىنىڭ ھەربىي ئىنستىتۇتىدا مەخسۇسلا تېبابەتنى ئوقۇغان، ھەتتا كېيىنكى چاغلىرىدا ھەربىي دوختۇرلۇقمۇ قىلغان؛ ئەنگلىيىلىك مەشھۇر رازۋېدكا رىۋايەتچىسى ئارتور كونان دويىل ئەسلىدىنلا دوختۇر ئىكەن. دوختۇرلۇقنى تاشلاپ قويۇپ ئەدەبىيات بىلەن مەشغۇل بولغان شۇنداق ئۇلۇغ يازغۇچىلارنى مىسال كەلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇ يازغۇچىلار ئەسلىي زاتى، سەرگۈزەشتىسى، ئىدىيىسى، مىجەز - خۇلقى جەھەتتە بىر - بىرىدىن خېلى پەرق قىلىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى دېگۇدەك دوختۇرلۇقتا ئوقۇغان. بۇنىڭدىن تېبابەت بىلەن ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت بارلىقىنى، مەلۇم تېببىي بىلىم،

مەلۇم يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. دوختۇر بولغان ئادەمنىڭ ئوب-
يېكتىپ ۋە سوغۇققان ھالدا كۆزىتىشى پەرز، شۇنداق قىلىشمۇ
يازغۇچىنى يېزىش ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۇرمۇشتا ھەر خىل
كېسەللەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل روھىي ھالەتلىرىدىن كېلىپ چىققان
تاشقى ئالامەتلەرمۇ بەدىئىي ئىجادىيەتكە ناھايىتى ئوبدان ماتېرىيال
بولۇپ قالىدۇ.

— خۇاڭ خۇيمىن ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن چىقىرىلغان «لۇشۈن دۇنياسى» ناملىق ژۇرنال-
نىڭ 2005 - يىل 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىنىدى.



# سەۋدايى خاتىرىسى[1]

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن (ھازىر ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى
يازمايمەن) ئۆتمۈشتە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدا قەدىردان بۇرادەرلى-
رىم ئىدى؛ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئايرىلىپ كەتكەچكە، دېرىكىمۇ
بولمىغانىدى. يېقىندا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا
بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇڭا، يۇرتۇمغا قايتىش پەيتىدىن
پايدىلىنىپ، ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئۇلارنىڭ بىرى بىلەنلا كۆرۈشەل-
دىم، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كېسەل بولغىنى ئۇنىڭ ئىنىسى ئىكەن.
ئۇ: يوقلايمەن دەپ ئۇزۇن سەپەر يۇرۇپ بىكار ئاۋارە بولۇپتىلا،
ئىنىم ئاللىقاچان ساقىيىپ كەتكەن. ھازىر بىرەر خىزمەت تېپىش
نىيىتى بىلەن «ن»گە كېتىپ قالدى، دېدى. ئۇ كىشى سۆزىنى
تۈگەتكەندىن كېيىن، قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ۋە ئىككى پارچە خاتىرە
دەپتەرنى كۆرسىتىپ، ئىنىمنىڭ كېسەل ۋاقتىدىكى ئەھۋالى مۇشۇ-
نىڭغا يېزىلغان، قوبۇل قىلسىلا، ئۆزلىرىدەك قەدىناس بۇرادەرلەرگە
ھەدىيە قىلاي، دېدى. خاتىرە دەپتەرنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆيگە قايتقان-
دىن كېيىن ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئۇ كېسەلنىڭ «تەقىب ۋەسۋەسىسى»
گە ئوخشىغان روھىي كېسەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. خاتىرە بەك

[1] سەۋدايى خاتىرىسى — بۇ ھېكايە 1- قېتىم 1918 - يىل 5 - ئايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 4 -، 5 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا «ئادەم يېيىش ئەخلاقى» بولغان فېئودالىزم ئەخلاقىغا 1- قېتىم ئەڭ قاتتىق ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئەسەر توغرىسىدا، يازغۇچى مۇشۇ توپلامدا يازغان«كىرىش سۆزى» دە توختىلىپ، ئۇنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن تاشقىرى، كېيىن«جۇڭگو يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرى، ھېكايىلار، 2- توپلىمىغا كىرىش سۆز» دېگەن ماقالىسىدە يەنە توختىلىپ، بۇ ھېكايىدا بايان قىلىنغان توپ ئوي ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ، ئۆگەنگۈچىلەر شۇ ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلىشى مۇمكىن.

گادىرماچ يېزىلغان بولۇپ، باش - ئايىغى ئۇلاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تولىسى بىمەنە گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئاي - كۈنلىرىمۇ يېزىلمىغان. لېكىن، ئىشلىتىلگەن سىياھنىڭ ۋە يېزىش ئۇسلۇبىنىڭ ھەر خىل بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ بىر ۋاقىتتا يېزىلمىغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. دوختۇرلارنىڭ تەتقىقاتىغا سۇنۇش ئۈچۈن، مەن خاتىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرى بىر - بىرىگە باغلىنىدىغان يەرلىرىنى تاللىۋېلىپ، بىر پارچە كىتاب قىلىپ رەتلەپ چىقتىم. خاتىرىدە ئورنىغا چۈشمىگەن گەپ - سۆزلەرگە تەگمىدىم، لېكىن ئۇنىڭدا يېزىلغان كىشىلەر نامى چىقمىغان سەھرا ئادەملىرى بولسىمۇ، شەندىگە تەسىر يەتمىسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتىم. كىتابنىڭ ئىسمىنى بولسا، خاتىرە ئىگىسى كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن قويغانىكەن، ئۆزگەرتمىدىم.

## 1

بۈگۈن ئاخشام ئايئاق ئايدىڭ كېچە بولدى. مېنىڭ بۇنداق ئايدىڭ كېچىنى كۆرمىگىنىمگە 30 نەچچە يىل بولغانىدى. بۈگۈن كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. ئۆتكەن 30 نەچچە يىلنىڭ ھەممىسى زۇلمەتتە ئۆتكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلىشىم كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، جاۋ خوجامنىڭ ئىتى نېمىشقا ماڭا قاراپ ئالىيدۇ؟

مېنىڭ قورقۇشۇم ئاساسسىز ئەمەس.

## 2

بۈگۈن ئايدىڭ بولمىدى، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. سەھەردە ئېھتىيات بىلەن دەرۋازىدىن چىقتىم. جاۋ گۈيۋېڭنىڭ قارىشى باشقىچە: ئۇ ياكى مەندىن قورقتى، ياكى مېنى



ئۆلتۈرمەكچى. يەنە يەتتە - سەككىز كىشى پىچىرلىشىپ مېنىڭ ھەققىمدە كۇسۇلداشماقتا. لېكىن، مېنىڭ كۆرۈپ قېلىشىمدىن چۆچۈمەكتە. ماڭا يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ئۇلارنىڭ بىرى — ئەڭ ياۋۇزى ماڭا قاراپ چىشلىرىنى پارقىرىتىپ ھىجايدى. بۇنى كۆرۈپ پۈتۈن ئەزايىم جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ بولغانلىقىنى پەملىدىم.

لېكىن، مەن قورقماستىن ئۆز يولۇمغا مېڭىۋەردىم. ئالدىمدا بىرقانچە ئۇششاق باللارمۇ مېنىڭ ھەققىمدە پاراڭ قىلىشماقتا، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىمۇ جاۋ گۈيۋېڭگە ئوخشاش، رەڭگىرويىمۇ تۆمۈرگە ئوخشاش كۆكىرىپ كېتىپتۇ. مېنىڭ ئۇششاق باللار بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىم بولمىسا، ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە سەۋر قىلالماستىن: «ئېيتىڭلارچۇ...!» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم، لېكىن ئۇلار قېچىپ كېتىشتى.

مەن خىيال سۈرۈپ قالدىم: مەن جاۋ گۈيۋېڭنى قانداق رەنجىتكەندىمەن، يولدىكى كىشىلەرنى قانداق خاپا قىلىپ قويغاندىمەن. بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى گۇجۇ ئەپەندىنىڭ بىر كونا كىرىم - چىقىم دەپتىرىنى[1] تېپىۋەتكەنىدىم، بۇنىڭغا گۇجۇ ئەپەندى ناھايىتى خاپا بولغانىدى، جاۋ گۈيۋېك ئۇنى تونۇمىسىمۇ، لېكىن شۇ ئىشنى ئاڭلاپ قېلىپ، گۇجۇ ئەپەندى ئۈچۈن گىنە ساقلىغان بولسا كېرەك، يولدىكى كىشىلەرنىمۇ ماڭا ئۆچ قىلىپ قويغان بولسا كېرەك. لېكىن، كىچىك باللارغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ باللار تېخى تۇغۇلمىغانىدى، نېمىشقا بۈگۈن ئۇلارمۇ ماڭا ئالىيىپ قارايدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلار مەندىن قورقتى، ياكى بولمىسا مېنى ئۆلتۈرمەكچى. بۇ ئەھۋاللار مېنى چۆچۈتتى، ھەيران قالدۇردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە

---

① بۇ سۆز بىلەن يازغۇچى جۇڭگودىكى فېئودالىزم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇزاق تارىخىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

قايغۇغا چۈشۈرۈپ قويدى.

چۈشەندىم. بۇنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆگەتكەن!

## 3

كىچىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. ھەرقانداق ئىشنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش كېرەك، شۇ چاغدىلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئامبال تاقاق سالغان، بەزىلىرىنىڭ يۈزلىرىگە بەگلەر كاچات ئۇرغان، بەزىلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنى دورغىلار (يايىلار) تارتىۋالغان، بەزىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى جازانىخورلارنىڭ زۇلمىدىن ئۆلۈپ كەتكەن؛ ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدىكى رەڭگىرويى تۈنۈگۈنكىدەك قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى، كۆرۈنۈشمۇ ئۇنچە ياۋۇز ئەمەس ئىدى.

ماڭا ھەممىدىن بەكرەك ئاجايىپ بىلىنگىنى، تۈنۈگۈن كوچىدا ئۇچراتقان ھېلىقى ئايال بولدى. ئۇ بالىسىنى ئۇرۇۋېتىپ: «خەپ توختاپتۇر! سېنىڭ بىرنەچچە يېرىڭدىن چىشلىۋالمىغۇچە دەردىم چىقمايدۇ!» دېدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى مەندە ئىدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم ۋە چۆچۈگەنلىكىمنى يوشۇرالمىدىم. ھېلىقى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرغان بەتبەشىرە ئادەملەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. چېن لاۋۇ يېتىپ كېلىپ، مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەتتى.

ئۆيگە كەلدىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى تونۇماس بولۇۋالدى، ئۇلارنىڭ ماڭا قارىشىمۇ يات كىشىلەرگە ئوخشاش ئىدى. كۇتۇپخانامغا كىرگەندىن كېيىن، خۇددى بىرەر توخۇ ياكى ئۆردەكنى سولاپ قويغاندەك، ئىشىكنى تېشىدىن زەنجىرلەپ قويدى. بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدىم.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى لاڭزى كەنتىدىكى ئورتاقچىمىز قەھەتچىلىكتىن خەۋەر بېرىپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئاكامغا كەنتىمىزدە بىر زالىمنى خەلق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بىرنەچچە كىشى



يۈرىكىمىز يوغىنايدۇ دەپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ ياغدا قورۇپ يېدى، دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. مەنمۇ پاراڭغا ئارىلىشىپ بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قاتقانىدىم، ئورتاقچىمىز بىلەن ئاكام ماڭا ھومىيىپ قويغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭمۇ تالادىكى ھېلىقى ئادەملەر بىلەن تامام بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

بۇنى ئويلىسام، پۈتۈن ئەزايىم جۇغۇلداپ كېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئادەم يېيىشى مۇمكىن، مېنى يەپ كېتىشىمۇ تۇرغان گەپ.

قاراڭلار! ھېلىقى ئايالنىڭ «بىرنەچچە يېرىڭدىن چىشلىۋالمىغۇچە» دېگەن گەپلىرى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرغان بەتبەشىرە كىشىلەر، ئورتاقچىمىزنىڭ بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى قىلغان سۆزلىرى، روشەنكى، ھەممىسى كىنايە — دارىتىش. پەملەپ بولدۇم، ئۇنىڭ سۆزى — تامامەن ئوغا، ھىجىيىش — تامامەن خەنجەر؛ ئۇلارنىڭ قاتار - قاتار تۇرغان ئاپئاق چىشلىرى ئادەم يەيدىغان ئەسۋاب.

ئۆزۈمنى ئالسام، مەن ياۋۇز بولمىساممۇ، لېكىن گۇجۇ ئەپەندىنىڭ كىرىم - چىقىم دەپتىرىنى تېپسىۋەتكەندىن كېيىن، ئىش چاتاق بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى يامانراق كۆرۈنىدۇ، لېكىن پەملەپ تېگىگە يېتەلمەيمەن. ئېھتىمال، ئۇلار يۈزىنى ئۆرۈپلا مېنى ياۋۇزلار قاتارىغا چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ يادىمدا بار، ئاكام بىر ۋاقىتلاردا ماڭا ماقالە يېزىشنى ئۆگەتكەنىدى. ئۇ چاغدا ھەرقانداق ياخشى ئادەم بولسۇن، ئۇنى يامانلاپ يازسام، ئاكام ياخشى باھا قوياتتى. يامان ئادەملەر ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويسام «سەندە باشقىلاردا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ماھارەت بار» دەيتتى.

ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنىڭ، بولۇپمۇ ئادەم يەيدىغان چاغدىكى مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟

هەرقانداق ئىشنى ئوبدان تەتقىق قىلغاندىلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئادەم يەيدىغان ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن يادىمدا ئانچە روشەن قالماپتۇ، ئىنقىلاپ كۆرەي دەپ تارىخنى ۋاراقلاپ قارىسام، ئۇ تارىخنىڭ يىللىرى يېزىلماپتۇ. لېكىن، هەر بىر ۋارىقىغا «ۋاپا»، «ئىنساپ»، «ئەخلاق»، «ساخاۋەت» دېگەن خەتلەر ئەگرى - بۈگرى يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، تارىخنى تۈن هەسسىسىگىچە دىققەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن خەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا، پۈتۈن كىتاب بويىچە يېزىقلىق تۇرغان «ئادەم يېيىش» دېگەن خەتنى كۆردۈم!

كىتابتا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن خەتلەر يېزىقلىق تۇرىدۇ؛ ئورتاقچىمىز هېلىقىدەك بىرمۇنچە گەپ - سۆزلەرنى قىلدى، هەممىسى هىجىيىپ ماڭا تەنە بىلەن قاراشماقتا.

مەنمۇ ئادەم، ئۇلار مېنى يېۋەتمەكچى!

## 4

سەهەردە بىردەم شۈك ئولتۇردۇم. چېن لاۋۋۇ ناشتىلىق ئۈچۈن بىر چىنە سەي، بىر چىنە دۈملەپ پىشۇرۇلغان بېلىق ئېلىپ كىردى. بۇ بېلىقنىڭ كۆزى ئاق، لېكىن قاتمال ئىدى، ئاغزىمۇ هېلىقى ئادەم يېگۈچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئوچۇق تۇراتتى. بىرنەچچە چوكا قىسىپ ئېلىپ يېدىم. گېلىمدىن سىلىق ئۆتتى، ئۇ بېلىق گۆشىمىكىن ياكى ئادەم گۆشىمىكىن ئايرىيالماي، يېگەنلىرىمنىڭ هەممىسىنى قۇسۇۋەتتىم.

— لاۋۋۇ، — دېدىم، — ئاكامغا ئېيتىپ قوي، ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى، هويلىغا چىققۇم كېلىۋاتىدۇ، — لاۋۋۇ جاۋاب بەرمەستىن چىقىپ كەتتى. لېكىن، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىۋەتتى.

ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم. ئۇلارنىڭ مېنى قانداق قىلىدىغانلىقىـ



ـنى پەملەشكە كىرىشتىم. ئۇلارنىڭ مېنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. دەرۋەقە، ئاكام بىر قېرىنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئەپتەبەشىرىسىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ پەملەپ قېلىشىمىدىن قورقۇپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، كۆزەينىكىنىڭ قىرىدىن ماڭا ماراپ قارىدى.

ئاكام مەندىن سورىدى:

— بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىسەن.

— هەئە، شۇنداق، — دېدىم.

— بۈگۈن تېۋىپ خې ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى.

— بولىدۇ! — دېدىم.

كاشكى، مەن بۇ قېرىنىڭ جاللات ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسام! ئۇ بۈگۈن تومۇر تۇتىمەن دېگەن باهانە بىلەن مېنىڭ ئورۇقسېمىزلىكىمنى بايقىماقچى ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن بىرەر توغرام گۆشۈمنى ئېلىپ يېمەكچى، مەنمۇ قورقمىدىم. مەن ئادەم يېمىگەن بولساممۇ، يۈرىكىم ئۇلارنىڭكىدىن توق ئىدى. ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئىككى مۇشتۇمۇمنى چىقىرىپ بەردىم. چال ئولتۇرۇپ كۆزىنى يۇمدى - دە، تومۇرۇمنى تۇتۇپ، بىردەم جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزىنى ئېچىپ سۆزلىدى:

— هېچ نەرسىنى ئويلىماڭ، بىرنەچچە كۈن جىم يېتىپ ئارام ئالسىڭىز، ئوڭلىنىپ كېتىسىز.

هېچ نەرسىنى ئويلىماڭ، جىم يېتىپ ئارام ئېلىڭمىش! جىم يېتىپ سەمرىسەم، كۆپرەك يېمەكچى - دە. ماڭا نېمە پايدىسى بار. قانداقسىگە «ئوڭلىنىپ» قالىدىكەنمەن؟ ئۇلارنىڭ ئادەم يېگۈسى بار، لېكىن يەنە مۇغەمبەرلىك قىلىپ، بۇ نىيىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، توپتوغرا قول سېلىشقا پېتىنالمايدۇ. بۇ هال مېنىڭ قاتتىق كۈلكەمنى كەلتۈردى. چىداپ تۇرالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم ۋە ناهايىتى هۇزۇرلاندىم. بۇ كۈلكەمدە غەيرەت ۋە جاسارەتنىڭ بارلىقىنى

ئۆزۈم بىلمەن. قېرى بىلەن ئاكامنىڭ رەڭگى ئۆڭدى، ئۇلار مېنىڭ بۇ غەيرىتىم ۋە جاسارىتىمدىن قورقۇپ كەتتى.

لېكىن، مېنىڭ غەيرىتىم ئاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ مېنى يېيىش ھەۋىسىمۇ كۈچەيدى، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ غەيرىتىمدىن بىرئاز بولسىمۇ نەپ ئالماقچى - دە. قېرى ئىشىكتىن چىقىپ، بىرئاز مېڭىپلا ئاكامغا: «دەرھال يېۋېتىڭلار!» دەپ پىچىرلىدى. ئاكاممۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مانا قاراڭلار، ئادەم يېگۈچىلەر قاتارىدا ئاكاممۇ بار ئىكەن تېخى! بۇ ۋەقە كۆڭلۈمدە پۈكۈكلۈك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇچۇن زور كەشپىيات بولدى. مېنى يېيىشكە ئاكاممۇ شېرىك ئىكەن!

ئاكام ئادەم يەيدىكەن!

مەن ئادەم يېگۈچىنىڭ ئىنىسى ئىكەنمەن!

ئۆزۈم يېيىلىپ كەتسەممۇ، لېكىن يەنە ئادەم يەيدىغان ئادەمنىڭ ئىنىسى بولىدىكەنمەن!

## 5

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى پەرەزلىرىمدىن بىرئاز يېنىپ، مۇنداق ئويلاپ كۆردۇم: ھېلىقى قېرى جاللات بولماستىن، ھەقىقەتەن تېۋىپ بولغان تەقدىردىمۇ، يەنە ئادەم يەيدىغان ئادەم، ئۇلارنىڭ پىرى لى شىجېن يازغان «مەھەللىۋى ئوت-چۆپلەر...»① دېگەن كىتابتا ئادەم گۆشىنى پىشۇرۇپ يېگىلى بولىدۇ، دەپ ئوچۇق يېزىلغان. شۇ پىرىدىن تەلىم ئالغان قېرى ئادەم گۆشى يېمەيمەن دېيەلەمدۇ؟

ئاكامغا كەلسەم، ئۇنىمۇ ناھەق ئەيىبلىمەيمەن. ئۇ ماڭا دەرس

① «مەھەللىۋى ئوت - چۆپلەر...» — «يەرلىك دورىلار تىزىمى»، جۇڭگودا دورىلارنى تەتقىق قىلىش بويىچە كلاسسىك خاراكتېردىكى كىتاب، جەمئىي 52 توم. مىن خاندانلىقى دەۋرىدە مەشھۇر لى شىجېن (1518 — 1593) تەرىپىدىن يېزىلغان.



بەرگەن چاغدا، ئۆز ئاغزى بىلەن «باللارنى تېگىشىپ يېسە بولىدۇ»① دېگەنىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يامان ئادەمنىڭ گېپى بولغاندا، ئاكام ئۇنى ئۆلتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى «گۆشىنى يەپ، تېرىسىدە ئۇخلاش» كېرەك دېگەن. ئۇ چاغدا مەن تېخى گۆدەك ئىدىم، شۇڭا خېلى ۋاقىتقىچە يۈرىكىم پوكۇلداپ كەتكەنىدى. ئىلگىرىكى كۈنى ئورتاقچىمىز كېلىپ، ئادەم يۈرىكىنى يېگەن بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلغاندا، ئاكام ھەيران بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتتى. دېمەك، ئۇنىڭ نىيىتى ئىلگىرىكىدەكلا ياۋۇز ئىكەن. «ئۆز باللىسىنى تېگىشىپ يېيىۋېتىش» مۇمكىن بولغان يەردە، باشقا ھەرقانداق نەرسىنى تېگىشىش، ھەرقانداق ئادەمنى يېيىۋېتىش مۇمكىن ئوخشايدۇ. مەن ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئادالەت توغرىسىدىكى گەپلەرنى كۆپ ئاڭلايتتىم، لېكىن گۆدەكلىك قىلىپ يۈرۈۋېرىپتىكەنمەن، مانا ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن: ئۇ ئادالەت توغرىسىدا گەپ - سۆز قىلغاندا، كالپۇكلىرىدىن ئادەم يېغى بۇژۇلداپ تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، يۈرىكىمۇ ئادەم يېيىش نىيىتى بىلەن تولۇپ تۇرغان ئىكەن - دە.

## 6

قاراڭغۇچىلىق. كۈندۈزمۇ، تۈنمۇ، ئايرىغىلى بولمايدۇ. جاۋ ھويلىسىدىكى ئىت يەنە قاۋىغىلى تۇردى.

شىرغا ئوخشاش رەھىمسىزلىك، توشقانغا ئوخشاش قورقۇنچاقلىق، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەرلىك...

① «باللارنى تېگىشىپ يېيىش»، «گۆشىنى يەپ تېرىسىدە ئۇخلاش» دېگەن ئىبارىلەر «زوجيۇمىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ. ئاۋۋالقى سۆز، مۇھاسىرىدە قالغان شەھەردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىلگەن: «چۇ دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرە قىلغاندا، باللار تېگىشىپ يېيىلدى، سۆڭەكلىرى ئوتۇن قىلىپ قالاندى». كېيىنكىسى جىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن جۇ جاۋ چې بەگلىكىنىڭ بېگى جۇاڭ گوڭغا قىلغان سۆزىدە ئۇچرايدۇ: «لېكىن، ئۇ ئىككىيلەن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەپ تېرىسىدە ئۇخلىسامۇ غەزىپىم يانمايدۇ» (ئىككىيلەن دېگەن سۆز چى دۆلىتىنىڭ جىجو، گوزوي ناملىق ئادەملىرىگە قارىتىلغان، بۇ ئادەملەر ئىلگىرى جۇ جوغا ئەسىر چۈشكەن).

## 7

ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى بىلىمەن، ئۇلار توپتوغرا ئۆلتۈرۈشنى خالىمايدۇ، بالاغا قېلىشتىن قورقۇپ، توپتوغرا ئۆلتۈرۈشكىمۇ پېتىنالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تۇزاقنى قۇرۇپ قويىدى، مېنى ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلماقچى. ئالدىنقى كۈنلەردە رەستىدە ئۇچرىغان ئەركەكلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەپتىدىن، ئاكامنىڭ بۇ بىرنەچچە كۈندىكى قىلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ بۇ غەرىزىنى سەكسەن - توقسان پىرسەنت پەملەپ بولدۇم. ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى، بەلۋېغىمنى يېشىپ، تورۇسقا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسام؛ ئۇلار قاتىل دېگەن جىنايەتكىمۇ قالمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇرادىغا يەتسە؛ تەبىئىيكى، خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتسە ۋە قوۋۇزى تولغۇدەك كۈلۈۋالسا ياكى ئۈركۈتۈپ - چۆچۈتۈپ، غەمقايغۇغا سېلىپ ئۆلتۈرسە، بۇنىڭدا بىرئاز ئورۇقلاپ كەتسەممۇ، لېكىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، مۇرادىغا يەتسە!

ئۇلار ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېيىشنىلا بىلىدۇ! ئېسىمدە قېلىشىچە، قانداقتۇر بىر كىتابتا «كېيىنا»① دېگەن بىر مەخلۇقنىڭ بارلىقىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭ كۆزى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى ناھايىتى قەبىھ ئىكەن، ئۇ ھەمىشە ئۆلگەن نەرسىلەرنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن، ھەتتا يوغان - يوغان سۆڭەكلەرنىمۇ چايناپ تالقاندەك قىلىپ يۇتۇۋېتىدىكەن، شۇ ئېسىمگە چۈشسە قورققۇم كېلىدۇ. «كېيىنا» بۆرە نەسلىگە كىرىدىكەن، بۆرە بولسا، ئىت ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئالدىنقى كۈنى چاۋ ھويلىسىدىكى ئىت ماڭا ماراپ قاراپ قويىدى. پەمىمچە، ئۇمۇ شېرىك ئىكەن، ئۇلار ئاللىقاچان تىل بىرىكتۈرۈۋالغانىكەن.

---

① «كېيىنا» — گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان بىر خىل يىرتقۇچ ھايۋان، ئۇ ھەمىشە شىر، يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ئۇلاردىن قالغان ئوزۇقلارنى يەپ كۈن كەچۈرىدۇ.



قېرى يەرگە قارىۋالغان بىلەن، سىرىنى مەندىن يوشۇرالارمىدى.

ھەممىدىن بەكرەك ئاكامغا ئېچىنىمەن. ئۇمۇ ئادەم، ئۇ نېمىشقا قورقمايدىغاندۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېرىك بولۇپ مېنى يېمەكچى بولۇۋاتىدۇ؟! ئۇنىڭغا ئادەم يېمىسە بولمايدىغان ئادەت سىڭىپ كەتكەندىمۇ؟ ياكى ۋىجدانىنى يوقىتىپ، بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟

ئادەم يېگۈچىلەرگە لەنەت، ھەممىدىن ئاۋۋال ئاكامغا لەنەت! ئادەم يېگۈچىلەرنى يامان يولدىن يېنىشقا ئۈندەيمەن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئاكامنى ئۈندەيمەن.

## 8

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەقىقەتنى ھازىر ئۇلارمۇ چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن...

بىردىنلا بىراۋ كىرىپ كەلدى: ئۇنىڭ يېشى تېخى 20 دىن ئاشمىغان، ئۇنىڭ قىياپىتىنى ئانچە روشەن كۆرەلمىدىم. ئۆزى كۈلۈمسىرەپ، ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى راست كۈلكىگە ئوخشىمايتتى.

مەن ئۇنىڭدىن سورىۋىدىم:

— ئادەم يېيىش توغرا ئىشمۇ؟

— قەھەتچىلىك يىلى بولمىسا نېمىشقا ئادەم يەيدىكەن؟

دەرھال چۈشەندىم، ئۇمۇ شېرىك ئىكەن، ئادەم يېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا، مېنىڭ غەيرىتىم يەنە يۈز ھەسسە ئاشتى. سۆزۈمدىن قالماستىن يەنە سورىدىم:

— توغرا ئىشمۇ؟

— ئۇنداق ئىشلارنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ چاقچاقتا راستىنلا ئۇستىكەنسىز... بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى.

— ھاۋانىڭ ياخشىلىقىغۇ ياخشى، كېچىمۇ ئاپئاق ئايدىڭ. لې-

كىن، مەن سەندىن سوراۋاتىمەن: «توغرا ئىشمۇ؟».

ئۇ ئېڭىرقاپ قېلىپ: «ياق...» دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى.

— ياق؟ ئۇنداق بولسا ئۇلار نېمىشقا ئادەم يەيدۇ؟!

— ئۇنداق ئىش بولمىغان...

— ئۇنداق ئىش بولمىغان؟ لاڭزى كەنتىدىكىلەر يەپتۇ، كىتابتىمۇ يېزىقلىق تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق گەپ!

ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق ئىش بولسىمۇ بولغاندۇ، ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق ... — دېدى.

— ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق بولسا توغرا بولامدۇ؟

— مەن ساڭا بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. قىسقىسى، سەن بۇنداق گەپلەرنى ئاغزىڭغا ئالما. ئالساڭ خاتالىشىسەن!

مەن كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ، ئورنۇمدىن دىككىدە تۇرغاندىم، ئۇ ئادەم ئاڭغۇچە كۆزدىن غايىب بولدى. پۈتۈن ئەزايىمنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېشى ئاكامدىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشقا ئۇمۇ شېرىك ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسى ئۆگەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ تېخى ئۆز ئوغلىغىمۇ ئۆگىتىپ قويغان بولمىغىيدى. شۇڭا، كىچىك بالىلارمۇ ماڭا قانخورلاردەك قارايدۇ.

## 9

ئۆزى ئادەم يېمەكچى، لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ يېيىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىر - بىرىگە ناھايىتى گۇمانلىق قارىشىدۇ...

شۇ نىيەتتىن ۋاز كېچىپ، خاتىرجەم ئۆز ئىشىنى قىلسا، ئۆز يولىغا ماڭسا، غىزاسىنى يېسە، ئۇيقۇسىنى ئۇخلىسا نېمىدېگەن چوڭ راھەت بولغان بولاتتى. بۇ پەقەت بىر قەدەم ئاتلاش بىلەنلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان بىر بوسۇغا، بىر قىر ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئاتا-بالا، ئاكا - ئۇكا، ئەر - خوتۇن، يار - بۇرادەر، ئۇستاز - شاگىرت، دۈشمەن ۋە يات كىشىلەر شېرىك بولۇۋېلىشىپ، بىر- بىرىنى روھلان-



دۇرۇپ، بىر - بىرىنى تارتىشىپ، بۇ قەدەمنى ئاتلاشقا ئۆلسىمۇ ئۇنىمايدۇ.

## 10

سەھەردە ئاكامنى ئىزدەپ چىقتىم. ئۇ ھويلىدا ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، دالان ئۆيىنىڭ ئىشىك تەرەپىنى توسۇپ، ناھايىتى ئېغىر - بېسىقلىق، مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدىم:

— ئاكا، سىزگە گېپىم بار ئىدى.

— گېپىڭ بولسا ئېيت، — ئۇ دەرھال ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىرنەچچە ئېغىزلا گېپىم بار، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرالماۋاتىمەن. ئاكا، زامانى ئەۋۋەلدە، ئېھتىمال ياۋايى ئادەملەر ئادەم يېگەن بولسا كېرەك. كېيىنكى چاغلاردا كۆزقارىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزىلەر ئادەم يېمەيدىغان بولۇپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش يولىغا كىرىپ، ئادەمگە — ھەقىقىي ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. بەزىلەر، خۇددى قۇرتقا ئوخشاش تېخىچە ئادەم يېمەكتە: بەزىلىرى بېلىققا، ئۇچارقاناتقا، مايمۇنغا، ئاخىر ئادەمگە ئايلانغان. بەزىلەر ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى خالىماي، تا ھازىرغىچە قۇرت ھالىتىدە تۇرماقتا. ئادەم يەيدىغانلار ئادەم يېمەيدىغانلارغا قارىغاندا نېمىدېگەن شەرمەندە! ھەتتا قۇرتمۇ مايمۇن ئالدىدا ئۇلارچىلىك شەرمەندە ئەمەستۇ...

...يىيا[1] ئۆزىنىڭ ئوغلىنى جيې بىلەن جۇ[2]غا كاۋاپ قىلىپ بەرگەن. بۇ ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەقە. پەنگۇ[3] ئاسمان بىلەن يەرنى

① يىيا — «چۇنچيۇ» دەۋرىدىكى ئادەم. غىزا قىلىشتا ئۇستىلىق بىلەن داڭقى چىققان. چى بەگلىكىنىڭ بېگى «كاۋاپ قىلىنغان بالا گۆشى يەپ باقمىدىم» دېگەندە، يىيا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگەن.

② جيې ۋە جۇ — قەدىمكى شيا ۋە يىن سۇلالىلىرىنىڭ (مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 2000 يىللار) زالىملىق بىلەن داڭقى چىققان خانلىرى.

③ پەنگۇ — خەنزۇ ئەپسانىلىرىدە ئاسمان بىلەن يەرنى پەيدا قىلغۇچى.

ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن، يىيانىڭ ئوغلى يېيىلگەنگىچە، يىيانىڭ ئوغلىدىن تارتىپ شۈي شىلىڭگىچە[①]، ئۇنىڭدىن تارتىپ تالاڭزى كەنتىدە تۇتۇلغان ئادەمگىچە، قانچىلىغان كىشىلەر يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن. بۇلتۇر شەھەردە بىر گۇناھكار ئۆلتۈرۈلسە، ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ قېنىنى ھور نانغا مىلەپ يەپتۇ…

…ئۇلار مېنى يېۋەتمەكچى، يالغۇز سىز بۇنىڭغا بىرەر ئامالمۇ قىلالمايسىز. لېكىن، ئۇلارغا شېرىك بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئادەم يېگۈچىلەر نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ مېنى يېگەن ئادەم سىزنىمۇ يېۋېتىشى مۇمكىن، ئۆز شېرىكلىرىنى يېۋېتىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، شۇ يولدىن قايتىسىڭىز، بۇ پەيلىڭىزنى دەرھال ئۆزگەرتسىڭىز ھەممە ئادەم ئامان قالىدۇ. ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق ئادەت بولسىمۇ، بۈگۈن بىز بۇ ئادەتنى بۇزۇپ، ياخشى يولغا ماڭساق بولمامدىكەن! ئاكا، سىزنىڭ ئادەم يېگىلى «بولمايدۇ» دېيەلىشىڭىزگە ئىشىنىمەن. ئالدىنقى كۈنلەردە ئورتاقچىلار ئىجارە ھەققىنى ئازايتىۋېتىڭ دېسە، سىز «بولمايدۇ» دېدىڭىزغۇ.

دەسلەپتە ئۇ سوغۇق كۈلدى، كېيىن ئۇنىڭ كۆزىدىن ياۋۇزلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈندى. سۆزۈم تازا يېغىرىغا تەگكەندە، ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. دەرۋازا تېشىدا بىرمۇنچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جاۋگويۋېڭ ۋە ئىتىمۇ بار ئىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەرۋازىدىن مارىشىپ كىرىشتى. بەزىلىرىنىڭ چىرايىنى پەرق قىلالمىدىم. ئۇلار يۈزىنى رەخت بىلەن ئورىۋالغاندەك كۆرۈندى؛ بەزىلىرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئاغزىنى كالچايتىپ ھىجايماقتا. ئۇلارنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى، ھەممىسىنىڭ ئادەم يېگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى پەملىۋالدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. بىر تۈرلۈكى ئەزەلدىن شۇنداق،

① شۈي شىلىڭ — چىن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ئىنقىلابچى. 1907 - يىلى ئەنخۇينىڭ شۇنفۇسى (ئۆلكە باشلىقى) ئېن مىڭنى مەخپىي ئۆلتۈرگەندە قولغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلتۈرۈلگەن. ئېن مىڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى يۇلۇۋېلىپ يېگەن.



ئادەم گۆشىنى يېيىش كېرەك دەيدۇ؛ يەنە بىر تۈرلۈكى ئادەم گۆشىنى يېيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنە يېگۈسى كېلىدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بارغانسېرى جەھلى قاتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئاغزىنى كالچايتىپ سوغۇق كۈلۈپ قويىدى.

شۇ چاغدا ئاكامۇ تەلەتىنى بۇزۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەممىڭ چىقىپ كېتىش! ساراڭغا قارىغاندىن نېمە پايدا چىقىدۇ!

ھە، ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ يەنە بىر ھىيلە - مىكرىنى بىلىۋالدىم. ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى ئۆزگەرتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىكەن. ئۇلار ماڭا ساراڭ دېگەن نامنى چاپلىماقچى. شۇنىڭ بىلەن مېنى يەپ بىرەر بالاغا گىرىپتار بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ «ساراڭنى يەپ خويمۇ ياخشى ئىش قىپتۇ» دېگەن ھېسداشلىقىغا ئىگە بولماقچى. ئورتاقچىمىزنىڭ بىر زالىمنى يېۋەتتۇق دېگەن ھېكايىسىمۇ، ئۇلارنىڭ دەل ئەنە شۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كونا ئۇسۇلى!

چېن لاۋۋۇمۇ غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ مېنىڭ ئاغزىمنى توسۇيالمىدى. مەن ئۇلارغا سۆزلەۋەردىم:

— نىيىتىڭلارنى ئۆزگەرتىڭلار، چىن دىلىڭلار بىلەن ئۆزگەرتىڭلار! شۇنى بىلىسەڭلار بولىدۇ: كەلگۈسىدە ئادەم يەيدىغانلار دۇنيادا ياشىيالمايدۇ. بۇ نىيىتىڭلارنى ئۆزگەرتمەيدىكەنسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ يېيىلىپ تۈگەيسىلەر. سىلەردەكلەر كۆپ تۇغۇلۇپ تۇرسىمۇ، ھەقىقىي ئىنسانلار قولىدا خۇددى ئوۋچىلار بۆرىلەرنى ئېتىپ تۈگەتكەندەك تۈگەيسىلەر، قۇرتقا ئوخشاش ھالاك بولىسىلەر!

چېن لاۋۋۇ ھېلىقى بىر توپ ئادەمنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئاكامۇ نەگىدۇر يوقالدى. چېن لاۋۋۇ مېنى ئۆيگە قايتۇردى. ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ، لىم ۋە ۋاسسلار بېشىمدا تىترىگىلى، يورغىلىغىلى تۇردى، گويا ئۈستۈمگە چۈشۈپ، مېنى بېسىۋالدى.

ناھايىتى ئېغىر، قىمىرلىيالمىدىم. مۇنداق بېسىشتىن مەقسەت مېنى ئۆلۈۋال دېمەكچى. لېكىن، مەن ئۇ ئېغىرلىقنىڭ يالغانلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا تېرىكەشتىم، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتىم. شۇنداق تۇرۇپمۇ سۆزلىدىم:

— دەرھال تىيىتىڭلارنى ئۆزگەرتىڭلار! چىن دىلىڭلاردىن ئۆزگەرتىڭلار! شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، كەلگۈسىدە ئادەم يېگۈچىلەرگە يول قويۇلمايدۇ…

## 11

كۈنمۇ چىقمىدى، ئىشىكمۇ ئېچىلمىدى. ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ غىزا.

قولۇمغا چوكىنى ئېلىش بىلەن ئاكام يادىمغا چۈشىدۇ. سىڭلىمنىڭمۇ شۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆلگەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ چاغدا سىڭلىم ئاران بەش ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئوماق، ئايانچلىق قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ. ئانامنىڭ يىغىسى بېسىلمىدى. ئاكام ئەكسىچە ئانامنى يىغلىما دەپ بەزلىدى. سىڭلىمنى ئاكامنىڭ ئۆزى يېۋەتكەچكە، ئانام يىغلىسا ئۇ بىر ئاز ئوڭايسىزلانسا كېرەك. ئەگەر ئوڭايسىزلىنىدىغان بولسا…

سىڭلىمنى ئاكام يېۋەتتى، بۇنى ئانامنىڭ بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم.

ئاناممۇ بىلسە كېرەك. بىراق، يىغلىغان ۋاقتىدا زادىلا ئېيتمىدى. ئېھتىمال، يېۋېتىش پەرز دەپ ئويلىسا كېرەك. ئېسىمدە قېلىشىچە، تۆت - بەش ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، سەينادا سالقىنداپ ئولتۇراتتىم. ئاكام: ئاتا - ئانىسى ئاغرىپ قالسا، بالىسى ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن بىرەر توغرام گۆشىنى كېسىپ، پىشۇرۇپ ئاتا - ئانىسىغا يېگۈزۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ياخشى ئادەم بولۇپ سانىلىدۇ، دېگەنىدى. ئانام مۇنداق قىلىش يارىمايدۇ دېمىگەنىدى. بىرەر توغرامنى يېگىلى بولغان يەردە، پۈتۈنلەي يېۋېتىش تەبىئىي. لېكىن،



شۇ چاغدىكى يىغا - زارنى ھازىر ئويلىسام، ئىچىم ئۆرتىلىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر ئىش!

## 12

ئويلىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئەمدى چۈشەندىم، 4000 يىلدىن بۇيان ھەمىشە ئادەم يەپ كېلىۋاتقان جايدا، مەنمۇ بىرقانچە يىللار تۇرۇپتىمەن. ئاكام ئۆي ئىشىغا خوجايىنلىق قىلىۋاتقان چاغدا سىڭلىم ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ سىڭلىمنىڭ گۆشىنى ئاش - تاماققا ئارىلاشتۇرۇپ، تويدۇرماستىن بىزگىمۇ يېگۈزۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

مەن سىڭلىمنىڭ بىرقانچە توغرام گۆشىنى بىلمەستىن يەپ سالغان بولسام كېرەك؛ مانا ئەمدى نۆۋەت ئۆزۈمگە كەلدى…

4000 يىلدىن بۇيان ئادەم يېگەنلىك سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە بولغان مەن، دەسلەپتە بىلمىگەن بولساممۇ، مانا ئەمدى بىلدىم، ھەقىقىي ئىنسانلارغا قاراشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ!

## 13

ئادەم گۆشىنى يېمىگەن بالىلارمۇ بارمىدۇ؟
بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار…

1918 - يىل، ئاپرېل

---

— بۇ ماقالە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىل 3 - ئايدا نەشر قىلىنغان لۇشۈن ئەسەرلىرى «چۇقان» دىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى.

# ئۆچمەس چىراغ

ئەتىيازنىڭ بۇلۇتلۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى، چۈش ۋاقتى ئىدى. جىگۇاڭ كەنتىدىكى يەككە - يېگانە چايخانىدا غۇلغۇلا يەنە كۆپىيىپ قالدى.

«ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن!» دېگەن ئىنچىكە، لېكىن تەمكىن ئېيتىلغان سۆز كىشىلەرنىڭ قۇلىقىدىن تېخىچە نېرى كەتمىگەنىدەك ئىدى.

ئەلۋەتتە، پۈتۈن كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنداق ئەمەس. بۇ كەنتنىڭ كىشىلىرى ئانچە كۆپ سەپەرگە چىقمايتتى. بوسۇغا ئاتلاپ بىر يەرگە چىقماقچى بولسىلا، ياخشى - يامانلىق تەقۋىمگە قارايتتى. تەقۋىمگە: «سەپەر ياراشمايدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئاۋۋال «ياخشىلىق پەرىشتىسى» دىن ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۇنداق پەرھىزلەرگە بىپەرۋا قاراپ چايخانىدا ئولتۇرغانلار بولسا، بىغەم ياشلار ئىدى، لېكىن ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار روناق تاپمايدىغانلار ھېسابلىناتتى.

ھازىرمۇ ئۆزىچىلا بۇ چايخانىدا غۇلغۇلا بىرئاز كۆپىيىپ قالدى.

— تېخىچە شۇنداق دېگۈدەكما؟ — «سوقا يۈز» پىيالىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— تېخىچە شۇنداق دېگۈدەكمىش، — دېدى، «چاسا باش»، — «ئۆچۈرۈۋېتىمەن، ئۆچۈرۈۋېتىمەن» دەپ جۆيلۈپ يۈرىدۇ! — دېدى ئۇ كۆزىنى تېخىمۇ پارقىرىتىپ، — ئۇ بىزنىڭ كەنتنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىر چوڭ بالا بولدى، ئۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، ئىلاج



قىلىپ، ئۇنى جايلىۋەتمىسەك بولمايدۇ.

— ئۇنى جايلىۋەتكەندىن نېمە چىقىدۇ، ئۇ... قانداق نەرسە، بۇتخانىنى ياساش ۋاقتىدا ئۇنىڭ بوۋىسى پۇل ئىئانە قىلغان. مانا ئەمدى ئۇ ئۆچمەس چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن دەپ يۈرۈپتۇ، ئاتا - بوۋىسىنى دورىمىغان شۇم دېگەن ئەنە شۇ! ئۇنى ئاتا - بوۋىسىغا قارا يۈزلۈك قىلدى، دەپ يامۇلغا تۇتۇپ بېرىش كېرەك! — دېدى كوتىڭ ۋە غەزەپ بىلەن جوزىغا بىر مۇشت ئۇردى، جوزىدىكى پىيالىنىڭ سىڭايان تۇرغان قاپقىقى دىر - ر - ر قىلىپ، ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى.

— ياق، بولمايدۇ. قارا يۈز دەپ تۇتۇپ بېرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى، تاغىسىنى تۇتۇپ بېرىش كېرەك... — دېدى «چاسا باش».

— بىراق، ئۇنىڭ يالغۇز چوڭ دادىسىلا بار... — كوتىڭ دەرھال لاسىدە بوشىشىپ كەتتى.

— كوتىڭ! — دېدى «چاسا باش» بىردىنلا، — تۈنۈگۈنكى قىمىرىڭلار خېلى جايىدا بولدىمۇ؟

كوتىڭ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى - دە، ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى؛ يۈزى سېمىز كەلگەن جۇاڭ چىگۇاڭ بوغۇلۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتسە، بىزنىڭ خاسىيەتلىك چىراغ كەنتى دېگەن داڭقى بار كەنتىمىزدە خاسىيەت تۈگىمەمدۇ؟ قېرىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ چىراغنى لياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى يېقىپ بەرگەنىكەن، تا ھازىرغىچە ئۆچمەي يېنىپ تۇرۇپتۇ، ھەتتا ئۇزۇن چاچلىقلار ئىسيان كۆتۈرگەن چاغدىمۇ ئۆچۈرۈلمىگەنىكەن... كۆرمىدىڭلىمۇ؟ ئۇنىڭ ۋىلىلداپ يېشىل نۇر بېرىپ تۇرغىنىنى؟ ئۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرۈپ ئۆتىدۇ، تەرىپلەيدۇ، قاراڭلار، نېمىدېگەن ياخشى!... ئۇنىڭ ھازىر بۇنداق بەڭۋاشلىق قىلىپ يۈرۈشىدىكى مۇددىئاسى نېمىدۇر؟...

— ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغان ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ تېخىچە خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ — «چاسا باش» مەنسىتمىگەن ھالدا سۆزلىدى.

— دۆرۈس، ئەقلىڭگە بارىكاللا! — جۇاڭ چىگۇاڭنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى.

— مېنىڭچە، ئۇنى يەنە شۇ كونا ئۇسۇل بويىچە ئالدىغىنىمىز ياخشى، — دېدى موماي خۇيزۇ. ئۇ چايخانىنىڭ خوجايىنى ھەم خىزمەتكارى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە بىر چەتتە سۆزگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى، پاراڭنىڭ بىرئاز باشقا تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى-دە، دەرھال سۆزگە ئارىلىشىپ، پاراڭنى ئۆز يولىغا باشلىدى.

— قانداق كونا ئۇسۇل؟ — ھاڭ-تاڭ بولۇپ سورىدى جۇاڭ چىگۇاڭ.

— ئۇ ئىلگىرى خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش ساراڭ بولۇپ قالغانىدىغۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى ھايات ئىدى، ئۇنى ئالداپ ئاسانلا ساقايتىپ قويغانىدۇق.

— قانداق ئالدىغان؟ ئەجەب مېنىڭ خەۋىرىم يوقكىنا؟ — جۇاڭ چىگۇاڭ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— قانداق خەۋىرىڭ بولسۇن؟ ئۇ چاغدا سىلەر تېخى كىچىك، ئاغزىڭلاردىن ئاناڭلارنىڭ سۈتى تېمىپ تۇراتتى. لېكىن، مەن ئۇنداق ئەمەس ئىدىم، ھەي، ئۇ چاغدا مېنىڭ قوللىرىم ئاپئاق ۋە نازۇك ئىدى...

— ھازىرمۇ شۇنداققۇ... — دېدى «چاسا باش».

— قويە ئۇنداق گېپىڭنى! — دېدى موماي خۇيزۇ كۈلۈپ، — بىز توغرا گەپنى قىلىۋاتىمىز، ئۇمۇ شۇ چاغدا ياش بولىدىغان، دادىسى بىرئاز ساراڭ ئىدى. بىر كۈنى چوڭ دادىسى ئۇنى بۇتخانىغا يېتىلەپ بېرىپ، «رىزقى خۇداسى»غا، «ۋابا خۇداسى»غا، «ياخشىلىق خۇداسى»غا باش ئۇر دېسە، قورقۇپ كېتىپ، باش ئۇرماي تۇرۇۋاپتۇ، كېيىن قېچىپ چىقىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمۇ ئەجەبلىنىپ يۈرۈپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا خۇددى ھازىرقىدەك، كىمنىلا كۆرسە ئايۋاندىكى ئۆچمەس چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن، دەپ يۈرىدىغان بوپتۇ. ئۇ تېخى چوڭ بىر ساۋاب تاپىدىغاندەك: ئۆچۈرۈۋەتسەك چېكەتكە ئاپىتى ۋە ئاغرىق-سىلاق بولمايدۇ، دېگۇدەكمىش. بەلكىم



شۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا جىن چاپلاشقان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ، ياخشىلىق خۇداسىنى كۆرۈشتىن قورقىدىكەن. بىز بولساق قورقامدىغان!... چېيىڭلار سوۋۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟ ئازراق قايناق سۇ تەڭشەپ بېرەي... شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ئۆچۈرۈۋېتىمەن، دەپ ئايۋانغا كىرىۋالىدىغان بوپتۇ. دادىسى ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەچكە، توسۇمايدىكەن. ھە، توغرا، كېيىنكى چاغلاردا كەنتلىكلەرنىڭ ھەممىسى غەزەپلىنىپ، دادىسى بىلەن جېدەللەشمىگەنمىدى؟ شۇنداقتىمۇ يەنە ئامال بولمىدى. بەختىمىزگە يارىشا ئۇ چاغدا مېنىڭ ئېرىم تېخى ھايات ئىدى. ئۇ بىر چارە تاپتى: ئۆچمەس چىراغنى قېلىن يوتقان بىلەن ئوراپ، قاپقاراڭغۇ قىلىۋېتىپ ئاندىن ئۇنىڭغا مانا ئەمدى ئۆچۈرۈۋەتتىم دېگەنىدى...

— بارىكاللا، ئەقىللىق ئىش قىلغانىكەن، — دېدى «سوقا يۈز» بىر تىنىۋېتىپ، مىننەتدار بولغاندەك.

— ئۇنداق ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدى كوتىڭ ئاچچىقى بىلەن، — ئۇنداق ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا تۈگىشىش كېرەك!

— ئۇنداق قىلساق بولماس؟ — دېدى خۇيزۇ موماي چۆچۈپ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ، — ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ! — ئۇ ئالدىراپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى، — ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مۆھۈر تۇتقان[1] ئەمەسمۇ؟

كوتىڭ ۋە باشقىلار دەرھال بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى ۋە مومايىنىڭ ئېرى تاپقان چارىدىن باشقا چارە يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

— كېيىن ئوڭلىنىپ قالدى! — موماي ئاغزىدىكى شالۋاقلىرىنى سۈرتۈپ ئالدىراپ سۆزلىدى، — كېيىن تامام ئوڭلىنىپ كەتتى! بۇتخانا دەرۋازىسىغىمۇ يولىمايدىغان، چىراغ توغرىسىدا ئېغىزمۇ ئاچمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىرقانچە يىل ئۆتتى. بۇ نۆۋەت

① مەنسەپدار بولغان دېمەكچى — مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى.

نېمە ئۈچۈندۇر، بۇتخانا سەيلىسىدىن كېيىنلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش يەنە ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. ھېلى چۈشتىن كېيىن مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى، چوقۇم ئۇ يەنە بۇتخانىغا كەتتى. سىلەر بېرىپ سىيە ھەزرەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈڭلار، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئالدىغىنىمىز ياخشى. ئۇ چىراغنى لياڭ ۋۇدى پادشاھ ئۆز قولى بىلەن ياندۇرغانىكەنغۇ؟ ئەگەر ئۇ چىراغ ئۆچىدىكەن، بۇ يەر دېڭىزغا، ئادەملەر قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دېگەن گەپمۇ بار. دەرھال بېرىپ سىيە ھەزرەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈڭلار. ئۇنداق قىلمىغاندا...

— ئاۋۋال بۇتخانىغا بېرىپ قاراپ باقايلى، — دېدى «چاسا باش» ۋە غادىيىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كوتىڭ بىلەن جۇاڭ چىگۇاڭمۇ چىقىپ كەتتى، «سوقا يۈز» ھەممىنىڭ كەينىدىن چىقتى، ئۇ بوسۇغىغا كەلگەندە ئارقىسىغا قاراپ:

— بۇ قېتىمقى ھېسابنى ماڭا پۈتۈپ قويۇڭ، خەپ، ئۇنى...— دېدى.

خۇيۇۇ موماي «ماقۇل» دەپ، نېرىراقتىن بىر پارچە ياغاچ كۆمۈرنى ئالدى - دە، تامنىڭ بەلگە سىزىلغان يېرىگە يەنە ئىككى سىزىق سىزىپ قويدى.

ئۇلار بۇتخانىغا يېقىنلاشقاندا، بىرنەچچە ئادەمنى كۆردى: بىرى دەل كۆزلىگەن كىشىنىڭ ئۆزى، ئىككىسى بىكارچى ئادەملەر، يەنە ئۈچ كىچىك بالىمۇ بار ئىدى.

لېكىن، بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم تاقاقلىق ئىدى.

— شۈكۈر! بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسى تاقاقلىق ئىكەن، — دېدى كوتىڭ خۇشال بولۇپ.

ئۇلار يېقىن كەلگەندە، ھېلىقى بالىلار مەدەت تاپقاندەك ئۇلىشىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇتخانا دەرۋازىسىغا قاراپ تۇرغان ھېلىقى كىشىمۇ ئۇلارغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدەكلا سېرىق يالپاق يۈزلۈك، كۆك كۆڭلەكلى-



-رى يىرتىق ئىدى. لېكىن، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىدىن باشقىچە بىر خىل ئوت چاقنايتتى. ئۇ كىشىلەرنى كۆرگەندە خېلى ۋاقىتقىچە كۆزىنى مىدىرلاتماستىن ھەم نەپرەت، ھەم تەشۋىش بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كالتە چاچلىرىغا ئىككى تال سامان چاپلاقلىق تۇراتتى، ئۇنى تۈيدۇرماستىن كىچىك بالىلار چاپلاپ قويغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ بېشىغا قاراپلا بويۇنلىرىنى قىسىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ كۈلۈشەتتى.

كوتىڭلار يېقىن كېلىپ توختىدى ۋە بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى.

— نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — «سوقا يۈز» ئالدىغا ئۆتۈپ سورىدى.

— لاۋ خېغا دەرۋازىنى ئاچۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئاستا ۋە مۇلايىملىق بىلەن، — چىراغنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك. قارا، ئۈچ باشلىق، ئالتە قوللۇق، تۆمۈر يۈزلۈك بۇتنى؛ ئۈچ كۆزلۈك، كۆلا كىيگەن، يېرىم باشلىق بۇتنى، كالا باشلىق ۋە چوشقا چىشلىق بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش كېرەك؛ چىراغنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك... ئۆچۈرۈپ... ئۆچۈرۈپ تاشلىساق، چېكەتكە ئاپەتلىرىدىن، ۋابا كېسەللىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىمىز...

— ھى-ھى، جۆيلۈمە! — كوتىڭ كەمسىتكەن ھالدا كۈلدى، — ئۆچۈرۈپ تاشلىساڭ چېكەتكە ئاپىتى تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ، ئۆزۈڭ ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولىسەن!

— ھى-ھى! ...— جۇاڭ چىگۇاڭمۇ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلدى.

ئىشتانچاق بىر بالا ئۆزى ئويناپ يۈرگەن قومۇشنى ئۇنىڭغا بەللەپ، جىنەستىدەك ئاغزىنى ئېچىپ:

— پاڭ! — دېدى.

— سەن قايتىپ كەت! بولمىسا، چوڭ داداڭ پاچىقىڭنى چېقىۋېتىدۇ. چىراغنى مەن ئۆچۈرۈۋېتەي. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىپ، كۆرۈپ باقارسەن، — دېدى كوتىڭ ئۈنلۈك قىلىپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئوت چاقنايتتى، ئۇ كوتىڭغا شۇنداق تىكىلدىكى، كوتىڭ دەرھال كۆزىنى قاچۇردى.

— مەن ئۈچۈرمەن دەمسىنا؟ — مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى ئۇ، لېكىن دەرھال يەنە كەسكىن سۆزلىدى، — ياق! سەنلەرنىڭ كېرىكىڭ يوق. ئۆزۈم ئۈچۈرمەن. ھازىرلا ئۈچۈرۈۋېتىمەن!

— كوتىڭ خۇددى مەستلىكتىن يېڭى يېشىلگەن ئادەمدەك بوشىشىپ كەتتى. «چاسا باش» دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاستا سۆزلىدى:

— خېلى دىتىڭ بار بىر كىشى ئىدىڭ، بۇ نۆۋەت ئاينىۋاتىسەن. مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كىر. چىراغنى ئۈچۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، بالايىئاپەتلەر يەنە تۈگىمەيدۇ، بۇنى چۈشىنىسەنغۇ؟ ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلماي قايتىپ كەت، ئۇيقۇڭنى ئۇخلا!

— بىلىمەن، ئۈچۈرۈۋەتكەن بىلەنمۇ يەنە تۈگىمەيدۇ، — ئۇ بىردىنلا كۈلۈمسىرىگەندەك بولۇپ، يەنە دەرھال چىرايىنى تۈرۈپ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى، — لېكىن مەن ھازىرچە بولسىمۇ، شۇنداق قىلماي قويمايمەن، ھازىرچە شۇنداق قىلىش ئاسانراق. ئۇنى ئۈچۈرۈپ تاشلايمەن، ئۆزۈم ئۈچۈرىمەن! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، ھەدەپ دەرۋازىنى ئىتتەردى.

— ھەي! — كوتىڭ ئاچچىقلاندى، — سەن بۇ يەرلىك ئادەم ئەمەسمۇ؟ بىزنى قورتقا ئايلاندۇرماقچىمۇ سەن، قايت! دەرۋازىنى ئاچالمايسەن! ئۈچۈرتتۇرمەيمىز. قايتقىنىڭ ياخشى!

— قايتمايمەن! ئۈچۈرمەي قويمايمەن!

— ئۈچۈرتتۇرمەيمىز! دەرۋازىنى ئاچالمايسەن!

— ...

— دەرۋازىنى ئاچالمايسەن!

— ئۇنداق بولسا، باشقا چارە تاپىمەن! — دېدى ئۇ ئۇلارغا بىر قاراپ قويۇپ، سالماقلىق بىلەن.

— كۆرەرمىز، قېنى قانداق چارە تاپارسەنكىن.

— ...

— قېنى قانداق چارە تاپارسەنكىن!

— ئوت قويىمەن!



— ھە؟ نېمە؟ — كوتىڭ ئۆز قۇلىقىغا ئۆزى ئىشەنمىدى.

— ئوت قويىمەن!

ھەممە جىمجىت بولۇپ قالدى. ئەتراپتىكى جانلىق نەرسىلەرمۇ بىر جىمجىتلىقتا قېتىپ قالغاندەك بولدى، لېكىن بىرئازدىن كېيىن بىرنەچچەيلەن بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇلدىشىپ، ئارقىسىغا يېنىشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى - ئۈچى نېرىراق بېرىپ تۇرۇشتى. بۇتخانىنىڭ ئارقا تېمىدىن جۇۋاڭ چىگۇاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— لاۋ خې! ئىش چاتاق! دەرۋازىنى مەھكەم تاقا! لاۋ خې، ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەھكەم تاقا! بىزمۇ بىرەر چارە تېپىپ ھازىرلا يېتىپ كېلىمىز!

لېكىن، ئۇ ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمىغاندەك، ئوت چاقنىغان كۆزلىرىنى خۇددى يەردىن، ھاۋادىن، كىشىلەرنىڭ بويىدىن ئوت ئۇچقۇنى ئىزدىگەندەك ھەر ياققا تىكەتتى.

* * *

«چاسا باش» بىلەن كوتىڭ بىرنەچچە دەرۋازىدىن خۇددى موكىدەك كىرىپ - چىقىپ، بىرئاز چاپقاندىن كېيىن، جىگۇاڭ كەنتى بىردىنلا ئەنسىزلىنىشكە باشلىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇلىقىنى، يۈرىكىنى «ئوت قويىمەن!» دېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز چۇلغايتتى. ئەلۋەتتە، تالا - تۈزگە چىقمايدىغان يەنە بىرمۇنچە تەقۋادار كىشىلەردە بۇنداق ئەنسىزلىك يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ پۈتۈن كەنت ئەنسىزلىككە چۆكتى، بىرمۇنچە ئادەملەر خۇددى ئۆزى قورتقا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، بۇنىڭدىن كېيىن ھايات تۈگەيدىغاندەك تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى، ئۇلار ھالاك بولىدىغان جايىنىڭ جىگۇاڭ كەنتى ئىكەنلىكىنى چالا - پۇچۇق بىلسىمۇ، لېكىن جىگۇاڭ كەنتىنى يەتتە ئىقلىمنىڭ ئۆزى شۇ دەپ پەملىشەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەستىن، بۇ ۋەقە سىيې ھەزرەتنىڭ مېھمانخانىسىغا مەركەزلەشتى. يېشى بىر يەرگە يەتكەن، يۈزى خۇددى ھېلىلىدەك

قورۇلۇپ كەتكەن گولاۋۋا ئاكا تۆردە ئاق ساقىلىنى خۇددى يۇلۇپ تاشلايدىغاندەك تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— چۈشتىن ئىلگىرى، — دېدى ئۇ ساقىلىنى قويۇپ بېرىپ، توختاپ - توختاپ سۆزلەپ، — كەنتىمىزنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى لاۋفۇغا شامالدارىپ قالغانلىقى توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئوغلى: «ئەرۋاھلار ئەنسىزلىككە ئۇچرىغانلىقتىن بولدى» دەپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، مۇبادا ئەتە-ئۆگۈن بىرەر پېشكەللىك چىقسا، ھۇزۇرلىرىنى تاپىدىكەنمىز، شۇنداق، ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ...

— شۇنداق، شۇنداق، — سىيې ھەزرەتمۇ ئاق كىرگەن، بېلىقنىڭ قانىتىغا ئوخشاش بۇرۇتلىرىنى ئېشىپ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ سۆزلىدى، — بۇمۇ ئۇنىڭ دادىسىدىن يۇققان. ئۇنىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدا بۇنقا ئىشەنمەيدىغانىدىغۇ؟ مېنىڭمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن ئېيىم كېلىشمەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى ھېچ نەرسە قىلالمىغان. ئەمدى يەنە مېنى نېمە قىل دەيسلەر؟

— مېنىڭچە، بىرلا، پەقەت بىرلا يول بار. ئەتە ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ بۇتخانىدا بىر كۈن ياتقۇزۇپ، چاپلاشقان جىن - پىنلىرىنى قوغلاش كېرەك.

كوتىڭ بىلەن «چاسا باش» پۈتۈن كەنتنىڭ پاسىبانى بولدۇق دېگەن ئابرۇي بىلەن، ئاسانلىقچە قەدەم باسقىلى بولمايدىغان بۇ مېھمانخانىغا بىرىنچى قېتىم كىرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى گولاۋۋانىڭ تۆۋىنىدە، سىيېنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇردى، ھەتتا چايغىمۇ نېسىپ بولدى. ئۇلار گولاۋۋا بىلەن بىللە كىرگەنىدى. ۋەقەنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەدەپ چاي ئىچىش بىلەن بولۇپ گەپكە ئېغىزمۇ ئېچىشمىغانىدى. ئەمدى كوتىڭ بىردىنلا ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— بۇنداقتا ئىش كېچىكىپ كېتىدۇ، دەرھال چارە قىلىش كېرەك. ئەگەر راستتىنلا ئوت قويۇۋېتىدىغانلا بولسا ...

«چاسا باش» سۆز ئارىلىدى.



— ئۇنداق بولسا، — دېدى كوتىڭ ئۇنلۇك قىلىپ، — ئىش چاتاق بولىدۇ!

سېرىق چاچلىق بىر قىز كىرىپ يەنە چاي قۇيدى. كوتىڭ سۆزىنى توختىتىپ، دەرھال چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ چاينى بىر ئوتلىۋىدى، تىلى كۆيۈپ كەتتى، پىيالىنى ئالدىغا قويۇپ، تىلىنى چىقىرىپ كالپۇكىنى يالىدى ۋە پىيالىنىڭ ياپقۇچىنى ئېلىۋېتىپ چاينى پۈۋلىدى.

— ھەي كاساپەت! — دېدى سىيې ھەزرەت جوزىنى بوش ئۇرۇپ، — شۇنداق ئادەملەرگە خۇدا ئۆلۈم بەرسىدى!

— راست، خۇدايىم ئۆلۈم بەرسۇن! — كوتىڭ بېشىنى كۆتۈردى، — بۇلتۇر لىيەنگجۇاڭ كەنتىدە مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھەممەيلەن تەڭلا ھە - ھۇ دەپ ئۇرغانىكەن، كىمنىڭ دەسلەپ قول سالغانلىقىنى بىلمىگەچكە، كېيىن ھېچكىمگە كاساپىتى تەگمەپتۇ.

— ئۇ باشقا گەپ، — دېدى «چاسا باش»، — ھازىر ئۇنىڭ ئىگىسى بار. دەرھال بىرەر چارە تېپىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا...

گو لاۋۋا بىلەن سىيې ھەزرەت شۈك ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— مېنىڭچە بولغاندا، ھازىرچە ئۇنى سولاپ تويغىنىمىز ياخشى.

— توغرا، — دېدى سىيې ھەزرەت بېشىنى لىڭشىتىپ.

— دۇرۇس! — دېدى كوتىڭ.

— توغرا، ھەق، مۇشۇ چارە ياخشى، — دېدى گولاۋۋا، — بىز ئۇنى ھازىرلا ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كېلەيلى. ھۇزۇرلىرىدىن دەرھال بىر ئېغىز ئۆي تەييارلاپ قويسىلا، قۇلۇپىنىمۇ...

— ئۆي؟ — سىيې بېشىنى كۆتۈرۈپ سەل ئويلانغاندىن كېيىن، — پېقىرنىڭ ئۇنداق بوش ئۆيى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قاچان تۈزىلىپ كېتىشى نامەلۇم...

— ئۆز ئۆيىگە قامىساق... — دېدى گو لاۋۋا.

— بىزنىڭ ليۇشۇن، — دېدى سىيې بىردىنلا جىددىي ۋە غەمكىن ھالدا، — ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقاتتى، — كۆزدە ئۆيلەنمەكچىدى… ئەمما، بۇ جىيەنىمىزنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمايمەن، دەپ ساراڭلىق قىلىپ يۈرىدۇ. مېنىڭ ئىنىممۇ ئۇ دۇنيالىق بولۇپ كەتتى. جىيەنىم شۇنداق تەقدىرگە تەن بەرمىگەن بىر ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك…
— شۇنداق، ئەلۋەتتە، — دېيىشتى ئۈچەيلەن تەڭلا.
— ليۇشۇن پەرزەنت كۆرسە، ئۇنىڭ ئىككىنچى بالىسىنى شۇنىڭغا بەرسەك دەپ ئويلىۋىدىم. ئەمما، بىراۋنىڭ بالىسىنى بىراۋغا بىكارغا بېرىۋەتكىلى بولامدۇ؟
— ياق، ئەلۋەتتە! — دېيىشتى ئۈچەيلەن تەڭلا.
— بىرەر ئېغىز ئۆي ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس، ليۇشۇنمۇ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ. لېكىن، ئۆز بالىسىنى كىشىگە بىكاردىن - بىكارغا بېرىۋېتىشكە ئانا بولغان ئادەم ئۇنامدۇ؟
— ياق، ئەلۋەتتە، — دېيىشتى ئۈچەيلەن تەڭلا.
سىيې ھەزرەت شۈك بولۇپ قالدى. ئۈچەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.
— مەن ھەمىشە ئۇنى ئوڭلىنىپ قالار دەپ ئۈمىد قىلاتتىم، — سىيې بىرئاز شۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا سۆزلىدى، — لېكىن ئۇ زادىلا ئوڭلانمىدى، ئوڭلىنىپ كېتىشكە ئۆزىمۇ ئۇنىمايدۇ. ئىلاج بولمىغاندىن كېيىن، بۇياقنىڭ ئېيتقىنىدەك، سولاپ قويۇش كېرەك. باشقىلارغا بالاسى تەگمىسۇن. دادىسىنىڭ نامىغا نۇقسان يەتكۈزمىسۇن، ئوڭلىنىپ قالسا، بەلكىم دادىسىنىڭ روھى ئالدىدا يەرگىمۇ قارىماس…
— شۇنداق، ئەلۋەتتە، — دېدى كوتىڭ ھاياجانلىنىپ، — لېكىن، ئۆي…
— بۇتخانىدا بوش ئۆي يوقمىكەن؟ …— دەپ سورىدى سىيې



ھەزرەت ئاستاغىنە.
— بار! — دېدى كوتىڭ بىردىنلا، — بار. دەرۋازىدىن كىرگەندە! كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئۆي بىكار. ئۇنىڭ كىچىككىنە بىرلا روجىكى بار. قومۇرۇۋېتەلمىسۇن ئۈچۈن ئۇ توم ياغاچتىن ياسالغان، شۇ ئۆي ياخشى!
گو لاۋۋا بىلەن «چاسا باش»مۇ خۇشال بولدى. كوتىڭ بىر تىنىۋېتىپ، تۇمشۇقىنى سوزۇپ، چاي ئىچىشكە باشلىدى.

* * *

تېخى قاش قارىيىدىغان ۋاقىت بولمىغانىدى، ئەتراپ جىمجىت، پۈتۈن كەنت ھېلىقى ۋەقەنى ئۇنتۇغان بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىدىكى ئەنسىزلىكلەر يوق، لېكىن ئىلگىرىكى خۇشاللىقمۇ يوق ئىدى. بۇتخانا ئالدىدا ئەل ئايىغى ئادەتتىكىدىن كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن بىرئازدىن كېيىن ئازلاپ قالدى. دەرۋازىنىڭ بىرنەچچە كۈن تاقىلىپ قېلىشى بىلەن ئىچكىرى كىرىپ ئويىنيالمىغان بالىلار بۈگۈن بۇتخانا ھويلىسىدا ناھايىتى زوق بىلەن ئوينىدى. كەچكى غىزادىن كېيىن بالىلاردىن بىرنەچچىسى بۇتخانىغا تېپىشماق تېپىپ ئوينىغىلى كەلدى.
— سەن تاپ، — دېدى چوڭراق بىرى، — مەن يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەن:

ئاق يەلكەنلىك كېمە

قىزىل پەلەق ھەيدەيدۇ،
ئۇ قاشقا چىققان چاغدا،
بىرئاز ھاردۇق ئالىدۇ،
بىرئازغىنە توقاچ يەپ،
چاڭچىلە غەزەللىرىنى ئوقۇيدۇ.

— «قىزىل پەلەق» دېگىنى نېمە؟ — دېدى بىر قىز.
— مەن ئېيتاي، ئۇ بولسا...
— توختا! — دېدى بېشىدا چاقىسى بار بالا، — تاپتىم: ئۇ كېمە.
— كېمە! — دېدى ئىشتانچاق بالىمۇ قوشۇلۇپ.
— ھە، كېمە؟ — دېدى ئەڭ چوڭى، — دۇرۇس، كېمە پەلەق بىلەن ماڭىدۇ. ئۇ قانداق غەزەل ئوقۇيالىسۇن؟ تاپالمىدىڭلار، مەن ئۆزۈم ئېيتىپ بېرەي...
— ئالدىرىما، — دېدى بېشىدا چاقىسى بار بالا.
— تاپالمايسەن، ئۆزۈم ئېيتىپ بېرەي، ئۇ بولسا: غاز.
— غاز! — دېدى قىز كۈلۈپ، — «قىزىل پەلىقى» بار.
— ئۇنداق بولسا «ئاق يەلكەن» دېگىنى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى ئىشتانچاق بالا.
— ئوت قويىمەن!

باللار بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال ھېلىقى كېشىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئايۋانغا قارىدى. ئايۋان روجىكىگە چاپلاقلىق سامان قەغەزنى بىراۋنىڭ قولى يىرتتى، يىرتىلغان يەردىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئىككى كۆز تىكىلىپ تۇراتتى.

بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، بېشىدا چاقىسى بار بالا بىردىنلا چىرقىراپ قېچىشقا باشلىدى. قالغانلىرىمۇ كۈلۈشۈپ ـ چۇرقىرىشىپ قېچىپ كېتىشتى. ئىشتانچاق بالا يەنە قومۇشىنى ئارقا تەرەپكە بەللەپ، ئۆزىنىڭ ھاسىرىغىنىغا قارىماستىن، جىنەستىدەك ئاغزىنى ئېچىپ:

«پاڭ» دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ياقنى جىمجىتلىق باستى، گۇگۇم چۈشتى. كۆكۈچ يېنىپ تۇرغان ئۆچمەس چىراغ بۇتلار سارىيىنى، مېھرابنى، ھەتتا ھويلىنى، روجەك ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇشقا باشلىدى.

باللار بۇتخانىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن بىر ـ بىرىنىڭ



قولىنى تۇتۇشۇپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان غەزىلىنى ئوقۇشتى:

ئاق يەلكەنلىك كېمىنى،
قىزىل پەلەق ھەيدەيدۇ.
ئۇ قاشقا چىققان چاغدا،
بىرئاز ھاردۇق ئالىدۇ،
بىرئازغىنە توقاچ يەپ،
چاڭچىلە غەزەللىرىنى ئوقۇيدۇ.
ئوت قويىمەن! ھا ـ ھا ـ ھا!
ئوت ـ ئوت ـ ئوت،
ئازراققىنە توقاش يەپ،
چاڭچىلە غەزەللىرىنى ئوقۇيدۇ.

1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

---

— بۇ ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىل 3 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان لۇشۈن ئەسەرلىرى «تېڭىرقاش» تىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى.

# ئاق نۇر[1]

چىن شىچىڭ ناھىيە ئىدارىسىدە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ تامغا چاپلانغان ئىسىملىرىنى كۆرۈپ ئۆيگە قايتقاندا كۈن چۈشتىن ئۆتكەنىدى.

ئۇ ئىدارىگە خېلىلا ئەتىگەن باردى ۋە دەرھال تىزىملىكتىن ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. تامغا چاپلانغان ئىسىملىكتە چىن دېگەن ھەرپ كۆپ ئىدى. ئۇ ھەرپلەر گويا بىرىدىن كېيىن قالغۇسى كەلمىگەندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىلاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىچىڭ دېگەن ئىسىم بىلەن بىللە كەلگەن چىن ھەرپى يوق ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى تېپىش ئۈمىدى بىلەن ھەرخىل ئىسىملار بىلەن تولدۇرۇلغان ئون ئىككى تاختا قەغەزنىڭ ھەممىسىگە يېنىشلاپ قاراپ چىقتى. تىزىملىككە قارىغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان تارقاپ كېتىشتى، پەقەت چىن شىچىڭ ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئىمتىھان نەتىجىسى چاپلانغان ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى توغرا تام ئالدىدا تۇرۇپ قالدى.

قىش يېقىنلاشماقتا ئىدى. سالقىن شامال ئۇنىڭ ئالا چاچلىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ

[1] بۇ ئەسەر 1922 - يىل 10 - ئىيۇلدا «شەرق ژۇرنىلى»نىڭ 19- جىلد 13 - سانىغا بېسىلغان.



تالغانلىقتىن ئىششىپ، قىزىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئاجايىپ نۇر چاقنايتتى. ھازىر ئۇ ھېچقانداق ھەرپكە قارىمايتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرمۇنچە قارا - قۇرا نەرسىلەر ئۇچۇپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

قانداق ياخشى! ئۆلكىگە بارسام، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىملىق (ئەلىيۇلئەلالىق) دەرىجىسىنى ئالسام، بۇ ھەقتە خۇش خەۋەر كەينى-كەينىدىن تارقالسا... ئۇ چاغدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ماڭا يېقىنچىلىق قىلىدۇ، مېنى ئىززەتلەيدۇ، مەن بىلەن تۇغقان تېپىشىدۇ ۋە ئىلگىرى مەنسىتمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئەمدى پۇشايمان قىلىشىدۇ... خاراب بولۇپ كەتكەن جايىمدا ئولتۇرۇشلۇق يات فامىلىلىكلەرنى قوغلايمەن، ياق، قوغلىۋەتكىنىم نېمىسى، ئۇلار ئۆزلىرى كۆچۈپ كېتىدۇ، ئۇ ئۆي - جايىم تامام يېڭىلىنىدۇ؛ دەرۋازام ئالدىغا ئەلەم، ھۆرمەت تاختىسى ئېسىلىدۇ... راھەتنى دېسەم، پايتەخت ئەمەلدارلىرىدىن بولۇشۇم مۇمكىن... پۇل تاپاي دېسەم، يېزا ئەمەلدارلىرىدىن بولۇشۇم مۇمكىن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسىچۇ؟ ياق! بۇ توغرۇلۇق ئويلىماي قوياي...

چىن شىچىڭنىڭ ئادەتتە بوداپ قويغان بوداقلىرى، گويا قەنتتىن ياسالغان مۇنار سۇدا ئېرىپ تۈگىگەندەك، بىردەمدىلا يوقىلىپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىشى بىلەن، يەتتە ئوقۇغۇچىسى ئاۋازلىرىنى قويۇپ بېرىپ، دەرسلىرىنى يادلاشقا باشلىدى. چىن شىچىڭ خۇددى دۈمباق چېلىنغاندەك بىردىنلا قاتتىق چىققان بۇ ئاۋازلاردىن چۆچۈپ كەتتى. ئۆرۈمە چاچلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بۇ يەتتە بالىنىڭ باشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ئۆيىنى بىر ئالغاندەك قىمىرلاشقا باشلىدى، چىن شىچىڭ بەندىڭگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى ۋە ئۇلارنىڭ

چىرايىدىن ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قايتىڭلار، — چىن شىچېڭ غەمكىن هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىدى.

بالىلار ئالدىراپ - تېنەپ كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خۇددى هاۋادىكى ئىس تارقىغاندەك غايىب بولۇشتى. چىن شىچېڭنىڭ كۆز ئالدىدا بالىلارنىڭ باشلىرى تېخىچە مىدىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى ۋە ئۇلار بىر تۇرۇپ قارا - قۇرا بىرنېمىلەرگە ئايلىنىپ، بىر تۇرۇپ قانداقتۇر بىر ئاجايىپ شەكىللەرگە كىرگەندەك بولاتتى.

— بۇ قېتىممۇ ئۈمىد قالمىدى!

چىن شىچېڭ چۆچۈپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ناهايىتى ئوچۇق بىر ئاۋاز جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇ بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى، هېچكىم يوق. بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە گويا كىمدۇر بىرى دۇمباق ئۇرغاندەك قىلدى، ئۇ ئۆزىچە سۆزلىدى:

— بۇ قېتىممۇ ئۈمىد يوق.

ئۇ بىردىنلا قولىنى كۆتۈرۈپ، بارماقلىرى بىلەن ساناشقا باشلىدى. «... ئون بىر، ئون ئىككى... يىلقىسىنى قوشسام ئون ئالتە قېتىم ئىمتىهان بەردىم. ماقالىگە باها بېرەلىگۈدەك بىرمۇ ئىمتىهانچى يوق. كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ تونۇمىسا، بۇ ئېچىنغۇدەك بىر ئىش!...» چىن شىچېڭ ئىختىيارسىز كۈلدى. لېكىن، ئۇ يەنە شۇ زامانلا خاپا بولدىدە، جىلتىسىدىن ئىمتىهانغا يازغان نەسر ۋە نەزمىلىرىنى ئېلىپ تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى. لېكىن، بوسۇغىغا بېرىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر يورۇقچىلىق كۆرۈندى، ئۇنى هەممە نەرسە، هەتتا توخۇلارمۇ زاڭلىق قىلغاندەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى دۈك - دۈك سوقۇشقا باشلىدى، ئۇ ئارقىسىغا ياندى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ يەنە ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىماقتا. ئۇنىڭ كۆزىگە نۇرغۇن نەرسىلەر كۆرۈنمەكتە، لېكىن ئۇ نەرسىلەر ناهايىتى غۇۋا ئىدى، ئۇنىڭغا ئىستىقبال خۇددى يىقىلىپ چۈشـ



كەن قەنت مۇنارىغا ئوخشاش ۋەيرانە بولۇپ كۆرۈنەتتى ۋە ۋەيرانىلىق خارابىسى بارغانسېرى يوغىناپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇغاندەك بولاتتى.

قوشنا ئۆيلەردە غىزا قىلىشقا يېقىلغان ئوتلار ئاللىقاچان ئۆچتى، هەتتا ئۇلار قاچا - قومۇچلىرىنىمۇ يۇيۇپ - يىغىشتۇرۇپ بولدى. چىن شىچېڭ بولسا، كەچكى غىزا توغرۇلۇق ئويلاپمۇ باقمىدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق هەر خىل فامىلىدىكى كىشىلەر ئۆتكەن يىللاردىكى تەجرىبىلىرىدىن، هەر يىلى ئىمتىهان ئاخىرلاشقاندا ئىمتىهاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىسىملىكلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، چىن شىچېڭنىڭ كۆزىدە پەيدا بولىدىغان نۇرنى كۆرۈپلا، بالدۇرراق ئىشىكلىرىنى تاقاپ يېتىشنى ۋە بىهۇدە ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى بېسىلدى، ئاندىن كېيىن چىراغلار كەينى - كەينىدىن ئۆچتى، پەقەت ئاسماندىكى گۇڭگا ئايدىن باشقا نەرسە قالمىدى.

چىن شىڭچېڭ ئىشىكنى ئېچىپ هويلىغا چىقتى، دېڭىزغا ئوخشىغان كۆك ئاسماندا بەزى بۇلۇتلار، خۇددى بىراۋلار سۇ بىلەن يۇغان بور (هاك) نىڭ دۇغى قاچىدا لەيلىگەندەك ئۈزمەكتە ئىدى. ئاي ئۆزىنىڭ سوغۇق شولىسىنى چىڭ شىچېڭغا چاچتى، بۇ نۇر دەسلەپتە پارقىراپ تۇرغان تۆمۈردىن چىققان نۇرغا ئوخشايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چىن شىچېڭنىڭ بارلىق ئەزاسىغا سىرلىق چېچىلىپ، ئۇنىڭ گەۋدىسىدە تۆمۈردىن چىققان نۇردەك ئەكس ئېتەتتى.

چىن شىچېڭ هويلىدا ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. ئەتراپتا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئەمىن تېپىپ، كۆزلىرى خېلى يورۇدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ تىنچلىقى يېڭىۋاشتىن بۇزۇلدى، ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ:

«سولغا بۇرۇل، ئوڭغا بۇرۇل...» دېگەن ئالدىراش چىققان ئۈنىنى ئاڭلىدى.

تەشۋىشلەنگەن چىن بېشىنى بىر تەرەپكە قىڭغايتىپ، دىققەت

بىلەن تىڭشاشقا باشلىدى، بۇ ئاۋاز:

«ئوڭغا بۇرۇل...» دەپ تېخىمۇ قاتتىق تەكرارلاندى.

ئۇنىڭ ئويىنى بىر خاتىرە باستى، ئۇ بۇ ھويلىدىكى سالقىن ياز كېچىلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ دەۋردە چېننىڭ ئائىلىسى تېخى ۋەيران بولمىغانىدى. ئۇ چاغدا، ئۇ 10 ياشلاردا ئىدى. تىنچىق كېچىلىرى ئۇ ھويلىدا ئۇخلايتتى، مومىسى ئۇنى بامبۇكتىن ياسالغان كارىۋاتقا ياتقۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. مومىسى ئۆزىنىڭ مومىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى تەكرارلايتتى: ئىلگىرى چېن ئەۋلادى ناھايىتى باي بولغان، ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆيى تۇرغان جايغا چېننىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھېسابسىز نۇرغۇن كۈمۈش كۆمۈپ قويغانمىش، لېكىن بۇ دۇنيا تا ھازىرغىچە تېپىلمىغان. ئۇ پەقەت مۇنداق بىر تېپىشماقنى تاپقان ئەۋلادقىلا تەئەللۇق ئىمىش: «سولغا بۇرۇل، ئوڭغا بۇرۇل، بىر قەدەم ئالغا، بىر قەدەم ئارقىغا، ئالتۇن، كۈمۈش، چارەك - چارەكلەپ بار مانا مۇشۇ جايدا» .

چېن بۇ تېپىشماقنى تېپىشقا تىرىشىپ، ھەتتا ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ پات - پاتلا بېشىنى قاتۇراتتى، لېكىن ئامال يوق، ھەر دائىم ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىر تاپتىم دېگەن چاغدا، ئۇنىڭ سېزىم - تۇيغۇلىرى ئالدانغانلىقىنى ئېيتىپ تۇراتتى.

چېن بىر كۈنى بۇ خەزىنە تاڭ ئائىلىسىگە ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن دەپ ئۆز - ئۆزىنى ئىشەندۇردى، لېكىن ئۇ يەرگە بېرىپ كولاشقا پېتىنالمىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىممۇ خاتالاشقانلىقىنى سەزدى.

ئۆزى ئولتۇرغان ئۆينىڭ ھەممە يېرى ئورا - ئورا بولۇپ كولىنىپ كەتكەنىدى. چېن ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتسىز ئىمتىھانلاردىن كېيىن خاپىلىقتا كولىغانىدى، كېيىن بۇ مەنىسىز ئىشلارنىڭ ئىزلىرىغا قاراشقا ئۇيىلىپ يۈرەتتى.



مانا بۇگۈنمۇ تۆمۈردىن چىققان نۇر چېن شىچېڭغا تىنچلىق بەرمەي قىزىقتۇراتتى، ئۇ پەقەت ئۆز جاسارىتىنىڭ كۈچىنى بايقاپ كۆرۈش ئۈچۈنلا توختاپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇ چىدىيالمىدى ۋە بۇرۇلۇپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىگە قارىدى.

ئۇ يەردە ئاق نۇر گويا سوزۇق ئاق يەلپۈگۈچكە ئوخشاش يالتىراپ تۇراتتى.

«نېمىلا بولسا ئۇ مۇشۇ يەردە!» دەپ ئويلىدى چېن ۋە شىردەك چاققانلىق بىلەن ئۆيگە ئېتىلدى، كىرىشى بىلەن ئاق نۇر غايىب بولدى. ئۇ كونا ئىگىسىز قالغان ئۆينىڭ ئىچىدە پەقەت بىرنەچچە كىتاب قويىدىغان سۇنۇق جوزىلارلا تۇراتتى، چېن ناھايىتى دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نۇر روشەنرەك ۋە تازىراق، ئەتىگەنلىك تۇماندىنمۇ نازۇكراق بولۇپ، ئۆينىڭ شەرقىي تېمىغا يۆلەكلىك تۇرغان ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن چىقاتتى.

چېن شىچېڭ خۇددى شىردەك سەكرەپ، ئىشىك تەرەپكە ئېتىلدى ۋە بەل گۈرجەك ئىزدەشكە باشلىدى، ئۇ قانداقتۇر بىر قارا كۆلەڭگىگە دۇچار بولۇپ، قورقىنىدىن چۆچۈپ كەتتى، چىراغنى ياندۇردى، بەل گۈرجەك ئۆز ئورنىدا ئىدى، چېن ئۈستەلنى نېرىراق ئىتتىرىۋېتىپ، بەل گۈرجەك بىلەن يوغان تۆت خىشنى ئۇرۇپ چىقىرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. خىشنىڭ تېگىگە تاپتازا سېرىق قۇم يېيىتىلغانىدى، چېن يېڭىنى تۈرۈپ قولى بىلەن قۇمنى چىقاردى، ئۇنىڭ ئاستىدىن قارا توپا چىقتى، ئۇ دېمىنى قىسقان ھالدا ئېھتىيات بىلەن كولاشنى داۋام قىلماقتا، لېكىن تۈننىڭ جىمجىتلىقىدا گۈرجەكنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى يىراقلارغا تارالماقتا ئىدى.

چېن يەرنى بىر گەزچە كولىدى، لېكىن كۈمۈش سېلىنغان قاچىلار تېخىچىلا كۆرۈنمەيتتى، ئۇ غەزەپلىنىپ قالدى. شۇ ھالدا گۈڭگۈرىغان بىر ئاۋاز چىققاندەك، ئۇنىڭ قوللىرى بىرنەرسىگە قاتتىق تەگكەندەك بولدى. چېن گۈرجەكنى تاشلاپ، دەررۇ قاتتىق نەرسىنى

قولى بىلەن تۇتۇپ كۆردى، بۇ يوغان بىر خىش ئىدى، چېنىنىڭ يۈركى قاتتىق دۇپۇلدەپ كەتتى، ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ خىشنى تارتىپ چىقتى، ئۇنىڭ تېگىدە يەنە قارا توپا! چېن توپىنى قوللىرى بىلەن كۇرەشكە باشلىدى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولىغا قانداقتۇر بىر قاتتىق، كىچىككىنە نەرسە ئۇرۇندى. ئۇنىڭ كۆزى دات بېسىپ كەتكەن كونا يارماققا چۈشتى، بۇ يەردىن بىرنەچچە چىنە سۇنۇقلىرىمۇ تېپىلدى.

چېنىنىڭ يۈركى ئېغىپ كەتتى، ئۇ تەرگە چۆمۈپ توپىنى تاشقىرىغا تارتىۋەردى. كۆپ ئۆتمەستىن يەنە قانداقتۇر بىر تاقىغا ئوخشاش نەرسە قولىغا ئۇرۇندى، لېكىن ئۇ تۇتۇپ بېقىپ، ئۇ نەرسىنىڭ ناھايىتى چۈرۈك ئىكەنلىكىنى بىلدى، چېن ئۇنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئېلىپ، لامپىنىڭ يورۇقىدا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى، بۇ چىرىپ كەتكەن ئېگەك سۆڭىكى ئىدى؛ ئۇنىڭدا تېخىچە چىشىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپتۇ. «بۇ ئېگەك سۆڭىكى» دەپ ئويلىدى چېن تېپىلغان نەرسىگە دىققەت بىلەن قاراپ. ئېگەك سۆڭىكىمۇ بىردىنلا تىرىلىپ، ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپ مىدىرلاشقا باشلىغاندەك تۇيۇلدى، بەجايىكى، ئۇ چېنغا قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— مانا بۇ قېتىممۇ ھەممىسى تامام بولدى! — دەپ ئېيتقاندەك قىلاتتى.

بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالدىن كېيىن، چېنىنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ بارماقلىرى بوشاپ، قولىدىكى ئېگەك سۆڭىكى ئورىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ ئۆيىنىڭ ئېچىگە ماراپ قارىدى، ئۇ يەردە ئاۋۋالقىدەكلا چىراغنىڭ ئوتى پىلدىرلىماقتا ۋە ئېگەك سۆڭىكى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ھالدا قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى. ئۇ پېشايۋانغا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى، تۈننىڭ جىمجىتلىقى ئۇنى تىنچلاندۇراتتى.

لېكىن، شۇ تىنچلىقتا يەنە بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە تۇنجۇققان ئاۋاز بىلەن: «بۇ يەردە ھېچ نەرسە يوق… تاغقا چىق…» دېگەن سۆزلەر ئاڭلاندى.



چېنىنىڭ ھارغان مېڭىسىگە غۇۋا بىر خاتىرىنىڭ يالقۇنى كەلدى. كۈندۈزى كوچىدا، ئۇنىڭغا بۇ سۆزلەر ئاڭلانغانىدى. شۇڭا ئۇ، سۆزلەر بىلەن ھەممىنى چۈشەندى، ئۇ كەسكىن رەۋىشتە بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئاي شىگاۋفېڭ چوققىسىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. شەھەردىن 35 يول يىراقلىقتىكى بۇ تاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، تاغنىڭ قارا ۋە ئۆركەشلىك چوققىلىرى ئاسمانغا تىرەلمەكتە، ئەتراپ بولسا چەكسىز ئاق نۇر بىلەن قاپلانغانىدى. ئەنە بۇ تۇتۇق بەرمەس نۇر!

«تاغقا قاراپ مېڭىش كېرەك!»

ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ دەررۇ يەنە يېپىلغان تىۋىشى ئاڭلاندى، يەنە ھەممە ئەتراپ تىپتىنچ بولدى، ھويلىدا ھېچكىم بۇزالماس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئوچۇق لاۋۇلداپ كەتكەن چىراغ ئوتى بوش قالغان ئۆيىنى ۋە كولانغان ئورەكنى يورۇتۇۋەتتى - دە، پىژىلداپ ئۆچۈپ قالدى. ئەسلىدە چىراغنىڭ يېغى تۈگىگەنىدى.

تاڭ سەھەردە شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى تەرەپتىن: «دەرۋازىنى ئېچىڭلار…» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، تىترەپ چىققان بۇ ئاۋازدىن ھەم ئۈمىد، ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلەندى.

ئىككىنچى كۈنى كىمدۇر بىرى غەربىي شىمال دەرۋازىدىن 15 يول يىراقلىقتىكى ۋەنلىيۇ كۆلىدە لەيلەپ قالغان بىر جەسەتنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى، بۇ خەۋەر دەرھال تارقىلىپ، ئاخىر ئاقساقالنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاقساقال يېزا خەلقىگە جەسەتنى قىرغاققا چىقىرىشقا بۇيرۇق بەردى، بۇ يېشى 50 لەردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بوي، ساقالسىز ئەر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئىشتان - چاپانمۇ يوق ئىدى، بۇنى چېن شىچېڭ دېگۈچى كىشىلەرمۇ بولدى، لېكىن ئۇنىڭ قوشنا - قولۇملىرى ئۇنى بېرىپ كۆرۈشكە ئېرىنىدى، ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرى چىقمىدى، ناھىيە باشلىقلىرى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇردا ئاقساقال تەرىپىدىن دەپنە قىلىندى.

بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم سوراپمۇ باقمىدى، ئۆلگەن ئادەمنىڭ كىيىم - كېچەكىنى يەشتۈرۈۋېلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغانىدى ۋە بۇ ۋەقە بۇلاڭچىلار قولىدا ئۆلدىمىكىن دېگەن گۇمانىنىمۇ

تۇغدۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆلۈكنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار ئۆل-
گەن كىشىنىڭ تىرناقلىرىنىڭ لاي بولغانلىقىغا قاراپ، ئۇ ئۆزىنى-
ئۆزى ئۆلتۈرگەنىكەن، دېدى. چۈنكى ئۇ، سۇنىڭ تېگىگە چۆكۈپ
كېتىپ بېرىپ، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىرى بىلەن تىرمى-
شىپ، يامىشىپ، تېپىرلىغان بولۇشى كېرەك، دېيىشتى.

1922 - يىل، ئىيۇن

---

— بۇ ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىل 3 - ئايدا
نەشر قىلىنغان لۇشۈن ئەسەرلىرى «چۇقان» دىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى.



# يۈرەكتىن چىققان سۆزلەر

## (خاتىمە)

هازىرقى كۈندە مەيلى قايسى جەھەتتىن ئالايلى، فېلىيەتون نام-
لىق ئەدەبىي ژانىر تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەنمەك-
تە. جاھاننىڭ ئىشلىرىغا، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە، جەمئى-
يەتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر ئادەم فېلىيەتونغا
خۇشتار بولماي تۇرالمايدۇ. دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر باركى، گويا
جەمئىيەتتىكى رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت ھەرقانداق بىر ئىش، ھادىسە
توغرىسىدا جاۋابكارلىقى باردەك، يولۇققانلىكى مەسىلە ئۈستىدە،
بولۇپمۇ يامان، رەزىل ئەھۋاللار ئۈستىدە بىرنېمە دېمەي تۇرالمايدۇ،
بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى جامائەت پىكرى ۋاستىلى-
رىگە قارىسىڭىز، دىققەتنى خۇددى ئۈزۈكنىڭ ئالماس كۆزىدەك جۇلا-
لاپ ئۆزىگە تارتىدىغان «فېلىيەتون» لارنىڭ كۆپلەپ ئۇچراپ تۇرغانلى-
قى بۇنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
فېلىيەتون ئەسلىي فرانسۇز تىلى بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا
يۈز بېرىدىغان ناچار ھادىسىلەرگە نەپرەت قىلىپ، سۆزلىرى ئاچچىق-
چۇچۇك، مېغىزى، مەزمۇنى تاتلىق ھەم پايدىلىق يېزىلغان ماقالە
دېگەن سۆز. بۇ سۆز ئەدەبىيات ساھەسىدە دۇنياۋى ئورتاق تىلغا
ئايلىنىپ، نۇرغۇن مىللەتلەر تىلىدا ئورتاق خىزمەت قىلىپ كەلمەك-
تە. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۈن ئۆز دەۋرىدىلا يەنى فېلىيەتون
جۇڭگو زېمىنىدا ئومۇملىششقا باشلىغان ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 -

يىللىرىدا فېلىيەتون ئۈستىدە توختىلىپ: «〈زاۋېن〉 هازىر چىققان
يېڭى نەرسىمۇ ئەمەس، قەدىمدىن تارتىپ بار ئىكەن» دەپ يازغانىكەن
(لۇشۈن: «كېيىنكى ئەسەرلەردىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1989- يىل 7 - ئاي نەشرى، 1- بەت) . «زاۋېن» دېگەن سۆز ئۆتكەن
ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىنىڭ ئالدى - كەيىندىكى〈سول〉 چىللىق هۆكۈم
سۈرگەن زامانلاردا زورلاپ تېڭىلغان ئاتالغۇ—مەشهۇر ئەدەبىيات نەزە-
رىيىچىسى جۇي چيۇبەي1933-يىلى ئېلان قىلغان«〈لۇشۈن ئوچېرك-
لىرىدىن تاللانما〉غا كىرىش سۆز» سەرلەۋهىلىك ماقالىسىدە: «لۇ-
شۈننىڭ ئوچېركلىرى ئەمەلىيەتتە〈ئىجتىمائىي بەس - مۇنازىرە〉
دېگەن ئاتالغۇنىڭ يەنى جەڭگىۋار〈فۇلىتۇڭ〉 دېگەن سۆزنىڭ ئالمىشى-
دۇر» دەپ يازغان. ئۇ بۇ سۆزىدە «بەس - مۇنازىرە» دېگەن ئىبارىنى
خەنزۇ تىلى بويىچە «فېلىيەتون» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئومۇمەن
ئىقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىنىدىغان، ناچار
ئىجتىمائىي هادىسىلەرگە لەنەت - نەپرەت قىلىنىدىغان بەدىئىي ئەسەر-
لەرنىڭ هەممىگە ئورتاق ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلغان.
ئۇنىڭ شۇ بايانى شۇنىڭدىن تارتىپ تا هازىرغىچە ئابرۇيلۇق نۇقتىئى-
نەزەر بولۇپ رول ئويناماقتا. ئەپسۇسكى، بىزدە ئەنە شۇ «فېلىيە-
تون» دېگەن ئاتالغۇ بىر مەزگىل «شيۇجىڭجۇيىچىلىق» ئىللەتلىرى-
نىڭ بىر ئالامىتى سۈپىتىدە رەت قىلىنىدى. بۇ ئۆزگىرىش پەقەت
بىر ئاتالغۇ مەسىلىسى بولسىمۇ، ئەستە تۇتۇش زۆرۈر بولغان ئەهمى-
يەتلىك ساۋاقتۇر.

بىر چاغلاردا بىز تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن «زاۋېن» ، «ئەبجەش
ماقالىلەر» دەپ ئاتاپ كەلگەن، ئاخىر «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى
تاپار» دېگەندەك «فېلىيەتون» دېگەن نام بىلەن ئومۇملىشىۋاتقان بۇ
ئەدەبىي ژانىر ئىجتىمائىي پەن ساهەسىدىكى بەس - مۇنازىرە بىلەن
بەدىئىي ئەدەبىيات ساهەسىدىكى نەسرىنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئۇنىڭ بىر
خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى مەلۇم، پارچە ۋەقەلەرنى
ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ هېس - تۇيغۇلىرى ۋە
پىكىر - قاراشلىرى بايان قىلىنىدۇ ۋە قاراشلارنىڭ ئىجتىمائىي



ئەهمىيىتى يېشىپ بېرىلىدۇ. فېلىيەتون ژانىر جەهەتتە بەدىئىي ئەدە-
بىياتنىڭ بىر شېخى بولۇپ نەسر ئۇسلۇبىدا يېزىلىسىمۇ، لېكىن
هېكايە، رومان، سەهنە ئەسەرلىرىگە ئوخشاش باش - ئايىغى مۇكەم-
مەل شەكىلدە يېزىلىشى ۋەياكى نەزمە - شېئىرغا ئوخشاش قاپىيە،
ۋەزىن بىلەن قېلىپقا چۈشۈرۈپ يېزىلىشى ناتايىن؛ ئادەتتە ئۇنىڭ
هەجمى چوڭ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەزمىگە سىغدۇرالمىغان
پىكىرنىڭنى فېلىيەتون بىلەن بايان قىل، دەيدىغان قاراش ئاساسسىز
گەپ ئەمەس.

فېلىيەتون ئوي - پىكىرنىڭ سەنئەت ۋاستىلىرى، ئوبراز ۋە
تەسۋىر بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇ مۇتلەق كۆپ شارائىتتا دەرد -
هەسرەتتىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئاه - زاردىن، هەتتا چۇقاندىن چىققان
سادادۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، لۇشۈننىڭ «فېل-
يەتون زامانىنىڭ مىجەزىنى تۇيۇپ - سېزىپ تۇرىدىغان سەزگۈچى
نېرۋىدۇر» دېگەن تەبىرى يازغۇچىلارنى ۋە فېلىيەتون زوقمەنلىرىنى
ئورتاق چۈشەنچە بىلەن هەمنەپەس قىلىپ كەلمەكتە.

ئىنچىكىلەپ ئويلاپ قارىغاندا، بۇمۇ هەق گەپ. ئەگەر فېلىيەتون
زامانىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇشنى بىلمىسە، دەۋرنىڭ كارى - بارىنى ئاز-
تولا بولسىمۇ بىلىپ تۇرمىسا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەل - جامائەتنىڭ
يۈرەك سوقۇشىغا تەڭكەش بولالمىسا، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولال-
مىسا، هېچبولمىغاندا، خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا ياكى خاپىلىقىغا ئور-
تاقلىشالماي لەيلەپ يۈرسە، ئۇنداق فېلىيەتون، تەبىئىيكى ئوقۇرمەن-
لەرنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ قويىدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەتچىلىكتە بەدى-
ئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ رېئاللىققا يۈزلىنىشىدە، دەيدىغان
ئىبرەتلىك سۆز مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ. «رېئاللىققا يۈزلىنىش»نى
شەرهلەپ ئېيتساق ئەمەلىيەتنى، ئاممىنى، تۇرمۇشنى نەزەردە تۇتۇش
دېمەكتۇر؛ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ يەشسەك، هازىرقى جەمئىيەتتە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرغان هەر تۈرلۈك شەيئى ۋە هادىسىلەردىن ئۆزىنى
قاچۇرماي دادىل پىكىر يۈرگۈزۈش، زۇۋان سۈرۈش، مۇهاكىمە ۋە
مۇنازىرە قىلىشتىن باش تارتماسلىققا جۈرئەت قىلىش دېمەكتۇر.

«ھازىر ۋاقىت تولىمۇ جىددىي ۋاقىت... يازغۇچى چوڭ - چوڭ ئەسەرلەرنى يېزىشقا بېرىلگىنىدە كەلگۈسى مەدەنىيەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولسا ناھايىتى ياخشى قىلغىنى، ئەلۋەتتە. لېكىن، يازغۇچى ھازىر ئۈچۈن كۈرەش قىلسىمۇ ھەم ھازىر، ھەم كېلەچەك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يازغۇچى بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، 〈ھازىر〉 قولدىن بېرىپ قويۇلسا، 〈كېلەچەك〉مۇ يوق بولىدۇ» (يەنە يۇقىرىدىكى ئىنزاھاتقا قاراڭ).

قىسقىسى، فېلىيەتون باھاسىنى مۆلچەرلەپ بولمايدىغان جاپالىق ئەجىرنىڭ مەھسۇلىدۇر. يازغۇچىنىڭ رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، رېئال ھاياتتىكى لەنەتكەردى ھادىسىلەر ئالدىدا دەرد - ھەسرەتكە تولۇپ، خۇددى يىپەك قۇرتى ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى ئاستا - ئاستا چايناپ، ھەزىم قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزى قۇرۇق غوزەككە ئايلىنىپ، ئەلنى قىممەت باھالىق كىمخاب بىلەن تەمىن ئەتكەندەك، شۇ دەرد - ئەلەملىرىنى ھەم ئاچچىق، ھەم تاتلىق سۆزلەر بىلەن توقۇپ بارلىققا كەلتۈرگەن بەدىئىي نەسىردۇر. ئۇ جەڭنامە ئەمەس، يولىيورۇق ياكى چاقىرىقمۇ ئەمەس، مەستخۇشلارنىڭ مەمەدانلىقىمۇ ئەمەس، ئادەتتىكى ئەرز - ھال ياكى شىكايەتمۇ ئەمەس، بەلكى دەردكە دەرمان، رەنجكە شىپا بولىدىغان ھەم ئاچچىق، ھەم تاتلىق دورىدۇر؛ قارىسىڭىز كۆزگە، پۇرىسىڭىز دىماغقا ھۇزۇر بېرىدىغان «تىكەنلىك ئەتىرگۈل» دۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، مەن فېلىيەتونغا زوقمەن. بۇ ئېھتىمال پۈتۈن ياشلىق دەۋرىمدە دېگۈدەك ئۆتكۈزگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلىرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ھەم مۇمكىن. «لۇشۈن ئەسەرلىرى» يەنى فېلىيەتونلىرى ماڭا «ئاممىدىن ئايرىلىپ نەزەربەند قىلىنىپ»، «يېتىم» قالدۇرۇلغان ئۇزاق كۈنلەردە سىرداش ھەمراھ بولدى، ئۇنىڭ بىلەن ئارزۇ - ئارمانسىز مۇڭداشتىم. ئۇ جۇشقۇن ئىدىيىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئۆتكەن زامان پەردىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بەئەينى ھازىرقى زامان ھېسسىيات خاتىرىسىدەكلا كۆز ئالدىمدا جانلىق گەۋدىلىنىپ، مەندەك ھاياتتىن بىزار



بولغان ناتىۋان ئادەمگە زامانىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ بىۋاپا پەردىلىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، رەزىل دەزگىللىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىنسانىي ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئىنسانىي ئىززەت - ئابرۇيىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەندۈردى، خۇنۇكلىشىپ كېتىۋاتقان ھاياتىمنى جانلاندۇردى. فېلىيەتون چىن ئىنساننىڭ چىن سۆزى، ھەق گېپى، ھەركىمگە قۇت ئاتا قىلىدىغان يۈرەك سۆزى، ئۇ پۇقراغىلا ئەمەس، ئەمەلدارلارغىمۇ نەپ بېرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەمەلدار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ رەڭگىروينى كۆرۈپ تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئەينەك ھەم ئەل - جامائەت ئالدىدىكى مەرتىۋىسىنى، ۋەزنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدىغان تارازا؛ ناخشىچىلار ئۈچۈن بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇشنى مەدھىيىلەش بىلەن بىللە، تېخى پەدىگە چۈشمىگەن مۇقاملارنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئەسلىتىدىغان قوللانما؛ پۇلدار - دوكار بايلار ئۈچۈنمۇ بىر ماكاندا، بىر زاماندا بىللە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا پۇزۇر كىيىنىدىغان، ئېسىل يەيدىغان، ھەشەمەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان، ئېسىل پىكاپلاردا قاتنايدىغان، گۈل - چىمەن ئىچىدە ياشايدىغان ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشىپ كەتكەنى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان، شۇنداق مەئىشەتتىن مەھرۇم قېلىپ ياردەمگە موھتاج بولۇپ تۇرغان ئادەملەرنىڭمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتۈرىدىغان دەستۇر.

جانغا ئارام بېرىدىغان، ئىماننى قۇۋۋەت تاپتۇرىدىغان؟ بۇنداق دەستۇرنى ئانا تىلىمغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆز خەلقىمگە سۇنسام، ئۆمۈرلۈك تۆھپە بولۇپ قالماسمۇ؟! ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 — 80-يىللىرىدا«قەبرە»، «ئىسسىق شامال»، «چۇقان»، «تېڭىرقاش»، «ياۋا گىياھ»، «كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى»، «يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايىلار»، «سايىۋەن»، «سايىۋەننىڭ داۋامى»، «خالاس»، «ئۈچ 〈بىكار〉»، «ئالا كۆڭۈل»، «تاغدىن - باغدىن»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»، «چىلەنەكلىك ئەدەبىيات»، «كونىس بوتكىسى زاۋېنلىرى»، «لۇشۈن مەكتۈپلىرى»، «لۇشۈن فېلىيەتونلىرى»قاتارلىق لۇشۈننىڭ ھېكايە،

شېئىر ۋە نەسرلىرى قاتارلىق ئەسەرلەر كەينى - كەينىدىن خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ھازىرقى ئەسىرىمىزنىڭ 2- يىلىدىن نۆۋەتتىكى 4 - يىلى ئارىلىقىدا يەنە «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»، «ھەق گەپ قىلىش گۇناھ ئەمەس» (1- ۋە 2- كىتاب) سەرلەۋھىلىك ھازىرقى زامان فېلىيەتونلىرى توپلاملىرىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئالدىغا قويۇلۇشى ھەققانىيەتچى خەنزۇ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىلغار، تەشەببۇسكار فېلىيەتونلىرىنىڭ، ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ئەجىرگە يارىشا تۈرلۈك يوللار ۋە تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن بەرگەن، بېرىۋاتقان مۇكاپاتلىرى ياشىنىپ قالغان قەلەم ئىگىسىنى بارغانسېرى ياشارتىپ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشماقتا (بۇ توپلامدىكى ئىمزالىق ماقالىلەر كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى بولسا، ئىمزاسىز ئەسەرلەر بىۋاستە يازما نەتىجىسىدۇر).

فېلىيەتوننىڭ ئۆزى يۈرەك سۆزى، بۇ خاتىمىمۇ قەلەم ئىگىسىنىڭ يۈرەك سۆزى.

2005 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



本书收人了译者近年来所写和翻译的 70 多篇佳作。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئارزۇگۈل سىدىق**
مەسئۇل كوررېكتورى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**

# كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول

تۈزگۈچى: **توختى باقى ئارتىشى**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
**شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتى باستى**
فورماتى: 1230×880مم 1/32، باسما تاۋىقى: 10.375
2008 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 5080 — 1

ISBN 978-7-5373-1626-2
باھاسى: 21.00 يۈەن